# تارىم

**2**

**1988**

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

# TARIM

2

1988

38-يىل نەشرى

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

كوررېكتور: رېقىپ ئېلى.

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

# تۇمارلىرىم

## بەخت

تۇشقان
قېچىپ يۈرەر چاتقاللىقتا
سوقۇنۇپ داڭ-گالىمۇ داڭگال.
ئوۋچى
قوغلاپ كېلەر تاپ بېسىپ،
ئۇ تۇتسا تۇشقانىمۇ تۇختار
قۇلىقىنى يوپۇرۇپ،
ئارقىسىغا قايرىلىپ دەرھال...

تۇشقان قاچار
ئوۋچى ھارسا مەندىن بىزەر دەپ؛
ئوۋچى قوغلار
تۇشقان ھېرىپ تۇتۇق بېرەر دەپ.
تۇشقان يانماس پەيلىدىن،
ئوۋچى كەچمەس مەيلىدىن...

تۇشقان — بەخت،
ئوۋچى — مەن!

## دىئاگنوز

1

شۈكرى دەيمىز
بېشىمىزغا تاش تەگسىمۇ،
ئاغزىمىزغا ئاش تەگسىمۇ...

2

قورساق تويسا، بەس،
يۈرۈۋېرىمىز غەزەل توۋلاپ،
تۈنۈگۈندىن بۈگۈن ياخشى دەپ.
ئويلىمايمىز:
خەق ياڭراتقان قايسى كۈي،
بىز ئىڭشىغان قايسى ناخشا، دەپ...

3

مەسچىت سالدۇق دوقمۇش - دوقمۇشقا،
كۆككە يەتتى بېشىمىز...
مەكتەپ بىلەن نېمە ئىشىمىز؟!

## بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر

كۆكتىن چۈشكەن ئاپئاق قار كەبى،
تۇغۇلۇشتا ئەسلى پاك، سەبىي،
كېيىن نامەرد، رەزىل، ئەسەبىي...
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

باھار كەلسە يازنى ئارزۇلار،
يازدا كۈزگە، قىشقا ئالدىرار.
شۇنداق پەسىل قوغلىشىپ بارار،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

كاللىسىدا ھەرخىل ئوي، ھەۋەس،
تولۇپ كەتكەن شۇملۇقلار پەۋەس،
ياۋۇزلۇقنى چىللار ئۆزى، بەس،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

ئەخمەق كۆرەر ھۆرمەتلىسە بەك،
مەغرۇر يۈرسە دەيدۇ: «بۇ سۈيمەك...»
ھەر باھادا نى سىرتماق، ئۆرەك،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

قىلساڭ ئاڭا قانچە ياخشىلىق،
سىنى سىتىپ يەيدۇ ناشتىلىق،
كىمدىن قالغان بۇ مىراس قىلىق،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

قۇللۇق قىلار تۆرىنى كۆرسە،
مەيدە كىرەر چۆرىنى كۆرسە،
جىنى چىقار «بۆرە»نى كۆرسە،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

ھەممە يەردە چوكۇلۇق تالىشىپ،
گاھ چىشلىشىپ، گاھى يالىشىپ،
بىر - بىرىنى خارلار پالىشىپ،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

ئۆز خۇيىنى قىلىپ جىك - مىزان،
ئۆزگىلەرنى باھالار ھامان،
دىمەس ھەرگىز ئۆزىنى يامان،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

بولۇۋېلىپ جاھان رەپتارى،
قورساق تويسا، يوق ئىشتىن كارى،
بۇنداقلارنىڭ نە ئىپتىبارى،
بار دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر.

## كونا مەھەللەم

ئۆتتۇلەركەن ئانا يۇرت قەدرى،
مۇساپىر بوپ يۈرگەن چىغىمدا.
سايىدىغۇڭ كىلەركەن كەڭرى
ئۆزۈڭ ئەھيا قىلغان بىغىمدا.

ھۆكۈمراندۇر شۇ ھىس كۆڭلۈمدە،
خىيالىمدا كونا مەھەللەم.
شاماللارغا قوشۇلۇپ كۈندە،
تەسەۋۋۇرۇم سەيلىتەر ھەردەم.

ئەنە، قىرى ئۆجمە دەرىخى،
چاك - چاك قوۋزاق دەردمەن قەلبىمدەك.
يىنىدا كۆل شۇ پىتى تىخى،
سۈزۈك، تىنچ يۇرتۇم خەلقىدەك.

تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنگەن
چىغىر يوللار تۇرار ئاقىرىپ.
(بۇ يولدا مەن كۆپ ئىشنى بىلگەن،
مىڭ بىر كۈلۈپ، مىڭ بىر ئاتىرىپ).

ئەنە، بوۋام چۆچەك سۆزلىگەن،
ئۆستەڭ بويى قاتار سۆگەتلىك.
ئۇندا تونجى دىلبىرىم بىلەن
تالاي كىچە ئۆتكەن لەززەتلىك.

ئۆتكەن ئىدى شۇ مەھەللىدە،
گۆدەكلىكىم، قىران مەزگىلىم.
ئىلىپ كەتكەن مىنى پەللىگە،
ئەگەشتۈرۈپ پارلاق مەنزىلىم.

شاماللارغا قوشۇلۇپ كۈندە،
تەسەۋۋۇرۇم سەيلىتەر ھەردەم.
تونەپ چىقار ھەتتا چۈشۈمدە،
شۇ قەدىناس، سابىق مەھەللەم.

## سىنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ

(ھېنرىخ ھېينىغا تەقلىد)

1

سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ
قىلالمايدۇ كۆڭلۈمنى زىدە.
ئېيتقالماستىن ئۆزۈڭ بىر قوشۇق،
ئەيىبلەپسەن مېنى بىھۇدە.

سەنمۇ، مەنمۇ ئەسلى ۋاپاسىز،
تاقلاپ يۈرگەن شاخلاردىن شاخقا؟
يالغانمىدى ئىگە بولغىنىڭ
«ئۆچكە يېغى» دېگەن ئاتاققا؟!

2

سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ
قىلىپ قويىدى كۆڭلۈمنى يېرىم.
ئۆمىدسىزلىك قاينامىلىرىدا
پەرقىرىدىڭ نېچۈن، دىلبىرىم؟

دىل خانەڭگە بەدبۇي تارقىتىپ،
كىم ئۇ «سېنى تاشلايدۇ» دېگەن؟
يۈر، خاتىرجەم، ئۇنتۇما شۇنى:
گۈل غولىدا ھېسابسىز تىكەن!

3

سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ
ئوتلار ياقتى غەزەپ بومبىغا.
ئۆرۈنۈپسەن كىرىشكە ئەمدى،
ساڭا ئېتىڭ كۆڭۈل ئوردامغا.

شاپتۇل قاقفان، ئىدىڭ بوينۇڭدا،
سىرىم ئېيتسام ساڭا تۇنجى رەت.
ئالماقچىمۇ كۆڭلۈمنى مېنىڭ،
بەڭباشلىقىڭ كەلتۈرگەندە دەرد؟

ئابلىز ئوسمان

# بارخانلاردىن تاشلىدىم نەزەر

## دۆڭقوتان خاتىرىلىرى

1

دۆڭقوتان①!
كەلمەي تۇرۇپ ئاڭلاپ بو نامنى،
چىن يۈرەكتىن ئىنتىلىپ ساڭا،
كەلگەن كۆنى بەردىم سالامنى.

ئاشۇ چاغ:
كۆز ئالدىمدا بولدى نامايان،
يېشىل يايلاق —
چارۋىلارنىڭ ئۆركەشلىرى.
ئاشۇ چاغ:
ياڭراپ كەتتى قولاق تۈۋىمدە،
قوي... كالىنىڭ مۆرەشلىرى!

2

سېنىڭ ئاپئاق،
قايماق كەبى يۇمشاق توپاڭنى

① دۆڭقوتان — لوپنۇردىكى جاي ئىسمى.

كەچتىم يايىاق هوشۇقۇمىچە.
ئاھ، شۇدەم
تاپىنىمدىن كىرگەن هارارەت
تاراپ كەتتى يۈرىكىمگىچە!

3

چۆمۈلدۇق هوزۇر بىلەن
تۈزلۈق سۈيۈگگە.
سىگىپ كەتتى ئىشقىمىز،
دەريا ـ كۆلۈگگە.

4

كىچە،
بارخانلىرىڭ كۆرۈنەر غۇۋا،
توغراقلىرىڭ تۇردىدۇ خىيال سۈرۈپ.
يولتۇزلىرىڭ كۆز قىسىدۇ،
ئىمىشقىدۇر ئوماق كۈلۈپ.

پىنهان جايدا قىمىرلار سايە،
ئۆچۈپ، يانار تاماكا چوغى.
ئەتراپلارغا تارايدۇ خۇش بۇي،
شامال بىلەن جىگدە پۇرىغى.

نەدىندۇر ئاڭلىنار گىتار ئاۋازى،
ياڭرايدۇ قوينۇڭدا تۈگىمەس ناخشا!

## قارچۇغا يوللىرى

قارچۇغا① يوللىرى ...
چۇشۇم ئەمەس بۇ،
باغرىڭنى زوق بىلەن يايىاق كەزگىنىم.
چۆمۈلۈپ يامغۇر ۋە شامالىرىڭغا،
ئۆزۈمنى راھەتتە ئەركىن سەزگىنىم.
ئىسىمدە، هەر گىياھ گۈل ـ چېچەكلىرىڭ،
بويۇڭنى چىرمىغان مەزمۇت توغراقلار.
ئىسىمدە، يۇلغۇنزار كەڭ ئېتەكلىرىڭ،
ئۇرغۇتقان قەلبىمدە ئوتلۇق قوشاقلار.

1

سەن هايات يولىمۇ؟
كىم ماڭغاندۇ سەندە ئەڭ ئاۋۋال؟
ئۆز ـ ئۆزۈمگە قويىمەن سوئال.
ئېچىلىپ خىيالىم ئېكرانى شۇدەم،
بىر كۆرۈنۈش كۆرۈندى غىلپال:
مالخاي كىيىپ، ئوقياردىن ئاسقان،
قاڭشارلىق هەم مەزمۇت بىر بوۋاي؛
كىبلەر مانا ئىپتىغا مىنىپ،
ئەتراپلارغا هوشيار كۆز سېلىپ.
قارچۇغىسى سىلكىيدۇ قانات،
كىشنەپ قويار قارا يورغىسى.
ـــ ئەنە بوۋا، ئەنە بىر توشقان!
چۇقان سالار بەگباش نەۋرىسى.

2

تەكلىماكان ـــ قەغەزمۇ
ئۇپۇقىچە كېڭەيگەن؟
سەن بىر ئېسىل سۈرەتمۇ
گۈزەللىك ئىلاھى رەڭ بەرگەن؟
ئۇزەر يېشىل قوينۇڭدا
پادىلار بۇلۇتتەك توپلىشىپ.
ياۋا كەندىر چاتقاللىرىڭدا
توشقانلار ئوينايدۇ قوغلىشىپ.
ئەينىكىڭمۇ دەريا ۋە كۆللەر؟
زىنىنتىڭمۇ چېچەك ۋە گۈللەر؟
هېچ بىلمىدىم ئىشقىڭدا كۆيۈپ،
شۇ هالەتكە كەلگەنمۇ چۆللەر؟

3

بارخانلاردىن تاشلىدىم نەزەر،
هوزۇر بىلەن يىراق ـ يىراققا.
چەكسىز كەڭلىك گۈزەل نەقەدەر،
ئورمان ئوخشار يېشىل بەلباغقا.

① قارچۇغا ـــ لوپنۇردىكى چەت بىر يېزىنىڭ نامى.

بىر يېنىمدا قۇملار ئۆركەشى،
بىر يېنىمدا تەۋرەر يېشىللىق.
شۇ تاپ مەنمۇ يېشىل نۇر بولۇپ،
سىڭىپ كەتتىم قوملۇق تۇپراققا!

## بىر موماي...

هويلا —
قۇم بويىغا جايلاشقان،
توغراق سايە تاشلىغان،
بىرسى كۈلەر قاقاقلاپ...

توختاتتى مېنى،
ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسى.
بويۇن سوزدۇم،
كۆرۈنەر دەپ
جانان قىزنىڭ جىلۋىسى.

نەدىن بىلەي،
چىقتى ئۆيدىن پايپاسلاپ،
كۈلگىنچە قاقاقلاپ،
نەۋرىلىرى بىلەن قوغلىشىپ،
شۇنچە خۇشال ئويىنىشىپ،
هاسا تايانغان،
چېچى ئاقارغان،
بىر شوخ موماي...

ئابدۇرېهىم مۇهەممەد

# سەهرا ئىلهاملىرى

## چۆل كۆرۈنسە سەهرايىم...

مەن شەهەرلىك، ئەزىز مەهبۇبەم،
يۇرتۇم مېنىڭ پايانسىز سەهرا.
شەهەرلەردە قايناق هايات جەم،
بىزلەرگىمۇ ساددا خۇي هەمراه...

ياز ئايلىرى ئۆستەڭلەردە سۇ
كۈلكە كەبى ئاقىدۇ ئويناق.
سەهەر تورغاي ئەيلىسە «چۇ - چۇ»
هويلىلاردا قاۋايدۇ بويناق.

كەكلىك قوغلاپ كېتىمىز بەزەن،
جىگدىلىك ساي، يېشىل توقايغا.
ۋە قايتاردا بولۇپ يالاڭ تەن،
كۆكسىمىزنى ياقىمىز لايغا.

«كۆنەلمەيمەن سەهراغا پەقەت،
ئۆزۈڭ بارغىن، قالاي شەهەردە» —
بۇ سۆزۈڭنى مەن قىلمەن رەت،
گەر پۈتسىمۇ جىسمىڭ گۆھەردە.

مەن سۆيۈملۈك، يۇرتۇممۇ چوقۇم،
سەهرالىقتۇر يارىڭ جانىنجان.
مەيلى ئۇغۇ شۇنداق بىر ئۇقۇم،
شۇ سەهراسىز ياشىماس ئىنسان...

## گۆلگە بىر سىزما

تۇس بەرگەنمۇ بويلىرىڭغا پەردىلەر،
تاڭ شەپىقى بىر سىنلا سۆيەمدۇ؟
كىم مەڭگۈلۈك چاچقان ساڭا ئەتىرلەر،
پۈتۈن خۇش بۇي ۋۇجۇدۇڭغا سىڭەمدۇ؟

## باغلار

باغلار - باغلار، چىمەنلىك باغلار،
گۆدەك ئىزلار چۈشكەن قەدىم جاي.
سەندە قالدى چىمەندەك چاغلار،
ۋە سۆيۈملۈك كېچىلەر ھاي - ھاي.

ئىزلەپ كەلدىم شۇلارنى سەندىن،
بارمۇ بىللە ئوينىغان قىزلار؟
دېسەم، سوئال سورىدىڭ مەندىن:
«بارمۇ ئەتە بۈگۈنكى ئىزلار؟...»

## تۈن سەلكىنى چەكمە جىمجىت دېرىزەمنى

چەككەن قوللار جىمىپ قالدى — جىمىپ كەتسۇن،
نازۇك ئىزلار بوسۇغامغا تۈۋش بەرمەس.
بولدى ئەمدى ھەممە ئىشقا جىملىق يەتسۇن،
بولماي قالاي تىڭشاشلاردىن بەختلىك - مەس.

تۈن سەلكىنى چەكمە جىمجىت دېرىزەمنى،
قوبۇل قىلسۇن خىياللارنى چەكسىز جاھان.
ئېلىپ كەتسۇن يالغۇز تۇرمان ئېغىر غەمنى،
تىلغىمىسۇن دىلنى ئاچچىق ئارزۇ — ھىجران.

## سەن بار ئاشۇ سەھرالار...

زەپ چىرايلىق تاغلار ئاتىدۇ،
يېپىلىدۇ قىرلارغا تۇمان.
بوستانلارغا سەلكىن ئاقىدۇ،
چوققىلارغا ئۆرلەيدۇ مانان.

يېشىل ئەتراپ — يېشىل ئېتىزلار،
مايسىلارنى چايقايدۇ شامال.
يامبۇسىمان سىلىشقان ئىزلار
قۇم ئېرىقتا، بۇندا توپ - توپ مال.

كەڭ كۆللەرگە چۈشۈپ ئاق قۇلار،
قاتار - قاتار بارىدۇ لەيلەپ.
پەيلىرىدە مونچاق چاچقۇلار،
تاڭ ھۆسننى بېرىدۇ سۆزلەپ،

سەھرا چەكسىز، سەھرالار، جېنىم،
شۇنداق گۈزەل تاغلارغا ماكان.
سەن شۇ يەرلىك، سۆيەي تۇرغىن جىم،
ئارمانلارغا قوشۇلسۇن ئارمان.

## بىز ئۈيىنىغان شارقىراتمىلار

ساقىغانىدەك تاغلارغا بۇلۇت
ۋە چۈشكەندەك قاتار ئاق قۇلار؛
ياماشقانىدەك تاشقا ئاق قۇرۇت،
بىز ئۈيىنىغان شارقىراتمىلار.

بىز ئۈيىنىغان شارقىراتمىلار،
ئاھ، ئاشۇنداق ئۇبرازلارغا باي.
تېپىشاتتۇق ئۇندىن ئىپتىخار،
قۇم ئورۇۇندۇق قۇت بەرسە، ھاي - ھاي.

قۇم ئورۇۇندۇق قۇت بەرسە، ھاي - ھاي،
ئويىنار ئىدۇق سۇغا چۆمۈلۈپ.
كۆلكىمىزدىن كۆلگەندە بۇ جاي،
چىرمىشاتتۇق تاشقا يۆلۈنۈپ.

## گۈلدىن گۈزەل كۆڭلىمىز ئارا...

قەترىدەك ئاق سەھەردە، جېنىم،
باغ ئارىلاپ چىقسام سەن ئۈچۈن.
گۈل ھىدلىرى تاپماستىن تىنىم،
مەست ئەيلىدى قەلبىمنى پۈتۈن.

تاۋلانسىمۇ چوغلۇق ئۇندا ئۇز،
ئوخشاتمىدىم مەڭزىڭگە پەقەت.
گۈلدىن گۈزەل كۆڭلىمىز ئارا
ئورۇن ئالغاچ گۈزەل مۇھەببەت.

## ئىبە، سەھرالىق گۈزەلىم

«سۆيگىنىڭىز سەھرالىقمۇ؟» دەپ،
سوراپ قالدى بىر قىز ساۋاقداش.
ئۇنىۋېرستېتتا بىللە ئوقۇغان،
يېقىن تونۇش، گۈزەل قەلەمقاش.

«ھەئە ...» دېدىم، كۈلدۈم قاقاقلاپ،
كۆلكەم بىلەن رەنجىتتىم ئۇنى.
«سەھرالىقمۇ؟» دېگەن سۆزىدىن
بەك سېغىندىم سەھرالىق قىزنى.

يۇرت ئايرىماس ۋىجدان، ساداقەت،
سەھرا قىزى كىبلەر ئاق كۆڭۈل.
ئۆسكەن يېرى قىرلار، توقايلىق،
ئاياغلىرى چىققان يورۇپ چۆل.

شەھەر قىزى سۈرگەندەك ئوپا،
يۈزلىرىگە قونسا چاڭلار ھەم.
ھايال ئۆتمەي يۇيسۇ تەرى،
قىزىلگۈلنى يۇيغاندەك شەبنەم.

ساۋاقدىشىم ستۇدېنتكا قىز،
سەھرالىق دەپ ئاتىدى ئۇنى.
ئىبە، سەھرالىق ئوماق گۈزەلىم،
ئاشۇ سۆزدىن سېغىندىم سېنى.

## بۇلاقتا...

كۆزەينەكتەك سۈزۈك بۇلاقتا،
كۆرۈنگەندە ئەكسىمىز، جېنىم؛
سەن ئۇياقتا ۋە مەن بۇياقتا،
تۇرار ئىدۇق سۈكۈت قىلىپ جىم.

شولىمىزنى چۈشۈردى سۇغا
ئاي ئۆتكەندە بۇلاقتىن، جانان.
قوشۇلغاندەك بولدى جىسمىمىز
سۇنىڭ يۈزى داۋالغۇپ شۇ ئان.

ئوسمانجان زۇنۇن

# شېئىرلار

1

بىز ئايرىلدۇق، قېپقالدى ئەمما،
ئىككى پارچە سۈرىتىڭ مەندە.
قالدى بۇندا تەنلىرىم، ئەمما،
كېتىپ قالدى يۈرىكىم سەندە.
قالدى پەقەت ماڭا يادىكار
شېرىن تۈنلەر خاتىرە بولۇپ.
سۆيگۈ رىشتى شۇنچىلىكمىدى؟
ۋۇجۇدۇمغا كەتتى دەرد تولۇپ.
خەت يېزىپسەن بۈگۈن، ئەي دىلبەر،
«قايتۇرغىن، — دەپ — سۈرەتلىرىمنى.»
بىلسەڭ ئىدىڭ شۇ سۈرەتنى — دەپ،
مېنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرىمنى.
ئالار بولساڭ سۈرىتىڭنى گەر،
ئاۋۋال مېنىڭ يۈرىكىمنى بەر!

2

ئۇندا ئاسمان بولغاچقا تىنچ،
يۇلتۇزلىرى يىمىرلىشىدۇ.
بۇندا زېمىن بولغاچقا قايناق،
قۇشقاچلىرى ۋىچىرلىشىدۇ.
دەريا ئاستى بولغاچ ئېگىز - پەس،
شاۋقۇن سېلىپ ئۆركەش ياسايدۇ.
كۆلنىڭ سۈيى بولغاچقا تىنىق،
ساڭا كۈلۈپ جىمجىت قارايدۇ.
نىگارىڭغا سوغۇق سۆزلىسەڭ،
كۆڭلى ساڭا بولىدۇ خىرە.
ئوچۇق چىراي ئاچساڭ گەر ئاڭا،
يۈگۈرۈپ كېلىپ سالىدۇ گىرە.
سۆزلىرىمنى بىھۇدە، دېمە،
ماسلىششنى بىلىدۇ ھەممە.

3

بارغىنىمدا ئالدىڭغا تۈنجى،
كۈتكەن ئىدىڭ مېنى سەن كۈلۈپ،
پەرۋىشلىدىڭ شۇنىڭدىن بېرى،
مەن «نوتا»غا سەن كۆڭۈل بۆلۈپ.
«ئېلىپبە» دىن بەردىڭ سەن ساۋاق،
بور تۇتقۇزۇپ بۇدرۇق قولۇمغا.
قان - تەرىڭدىن سالدىڭ پاياندار،
نۇرلاندۇرۇپ، ئىقبال - يولۇمغا.
ۋۇجۇدۇڭنى قىلىپ ھەم شوتا،
ۋايىسماستىن كۆتەردىڭ ھامان.
بەرگەچكە سەن ئەقىل ۋە ئىدرەك،
مەن ئۆرلىدىم مەنزىللەر تامان.
بولسىمۇ گەر تەختىم ئەرشتە،
سېنى دەيمەن، ئۇستاز - پەرىشتە.

قۇربان ئەمەت

# ئۆلمەس تىنىقلار

## ئۈمىدۋارلىق ناخشىسى

(مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قۇياشنىڭ بەش مىليون يىللىق ئۆمرى قالغان)

دۇنيا كەڭرى، پۈتمەس ئۇنىڭ غەۋغاسى،
چوقانلارغا سادا بېرىپ ياشايلى.
دۇنيا ھامان ئۈمىدۋارنىڭ دۇنياسى،
بىزمۇ ئۈمىد مېدالىنى ئاسايلى.
چوقانلاردىن نىجات تېپىپ، غەۋۋاسى —
بولۇپ ئەلنىڭ، بارىمىزنى ئاتايلى.
بەرپا قىلىپ نۇرلۇق ئۈمىد قۇياشى،
جۈپ قۇياشنى بىر - بىرىگە قاتايلى.

### ئادەت ۋە ئۈمىد

دۇنيا سىرلىق، ئۇندا ھەر خىل ئىنسان بار،
بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ ئادىتى.
بەزىلەرگە شۇ بىپايان جاھان تار،
بەزىلەرنىڭ كەتكەن قولدىن ئاممىتى.

تىرىشچانغا ھامان بىر كۈن بەخت يار،
روھى يۈكسەك، پۈكۈلمىسۇ قامىتى.
چىن ئىنسانلار بولماس ھەرگىز خارۇ-زار،
جاسارەتتىن تاپار نىجات سائىتى.

### ئۈزۈلمەس كۈي

خىرە ئايدىڭ قۇچىقىدا سەگەك چۆل،
يۇلغۇنلارنىڭ كۆلەڭگىسى تەۋرەيدۇ.
قىزىل يۇلغۇن چېچەك ئاچقان، بەرگى ھۆل،
ئەپسۇس، شامال دىماقىقا ھىد بەرمەيدۇ.

چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشى رېتىملىق.
سەلكىن شامال چۆل قوينىدا تىنەيدۇ.

كۈيى كېلەر كارۋانلارنىڭ يېقىملىق،
ئۈنى ياڭراق، پەسلەپ ئۆچەي دېمەيدۇ.

دەپنە قىلىپ سۈكۈناتنى كۈي بىلەن،
يۈرەر كارۋان، ئاي سامادا ئۈزگەندە.
چىقىپ كېلەر داۋامىنى ياڭرىتىپ
قۇياش
كارۋان ئۇپۇق ياقىقا سىڭگەندە.

### نىلۇپەر بەرگىدە يالتىرار مونچاق

تولۇن ئاي سۈرەتلىك تىنىق سۈلۈق كۆل،
يايمىدۇ نىلۇپەر سۇلارغا ياپراق.
كۆك ئاسمان قارايدۇ كىرپىكلىرى ھۆل،
نىلۇپەر بەرگىدە يالتىرار مونچاق.

تولۇن ئاي سۈرەتلىك تىنىق سۈلۈق كۆل،
ئاق تۇمان لەيلەيدۇ سەھەردە شۇنداق.
زەر قۇياش قارايدۇ، يايرايدۇ كۆكچۆل،
نىلۇپەر بەرگىدە يالتىرار مونچاق.

تولۇن ئاي سۈرەتلىك تىنىق سۈلۈق كۆل،
فونتانلار چېچىلار سامادا ئويناق.
ئېچىلار بوشلۇقتا ھەسەن - ھۈسەن گۈل،
نىلۇپەر بەرگىدە يالتىرار مونچاق.

تولۇن ئاي سۈرەتلىك تىنىق سۈلۈق كۆل،
سەيلىگاھ كۆكسىدە تۇرىدۇ مۇنداق.
چېچەكلەر ئېچىلغان قىزىل، قىزغۇچ، نىل،
نىلۇپەر بەرگىدە يالتىرار مونچاق.

**مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم**

## ئىككى شېئىر

### قەلبىمدە بار كەڭ ئالەم

قەلبىمدە بار مېنىڭ چەكسىز كەڭ ئالەم،
ئۇندا بار يۇلتۇز، ئاي، دەريا ھەم قۇياش.
پايانسىز قەلبىمدە ھەممە مۇجەسسەم،
يوق ئۇندا پەقەتلا كۈتۈش، تېڭىرقاش.

قۇياشكى خەلقىمدۇر، نۇر چاچار، پاتماس،
ئۆمرۈمنىڭ گۈلىگە جان بەخش ئەتكەن.
ئۇنىڭسىز قەلبىمنىڭ تېگىمۇ ئاتماس،
ئەقىدەم ئۇنىڭغا سىڭىشىپ كەتكەن.

ئاي دىمەك سۆيگۈنۈم مەرىپەت ئاتلىق،
مەن ئاڭا مەڭگۈلۈك ئاشق - مەھلىيا.
ھاياتىم ئۇنىڭسىز تاپماس نىجاتلىق،
ئۇ بىلەن ۋەتەندە قەدرىم بىباھا.

يۇلتۇزنى بىلىمەن مېھنەت پىرى، دەپ،
مېھنەتتە ياشنايدۇ چۈنكى يۇرت، خەلقىم.
چاقىرار ئۇ چاقناپ كەلگىن بېرى، دەپ،
شۇڭلاشقا مېھنەتكە قوشكېزەك بەختىم.

ئاھ، قەلبىم، تىنچىماس دولقۇنلۇق، ئويناق،
ئاقىدۇ خەلقىمگە بولۇپ بىر دەريا.

شۇڭا ئۇ مەڭگۈگە ئاقىدۇ ئويناق،
ھەر تامچە قەترىسى سۆيگۈمدۇر گويا.

قەلبىمدە بار يەنە بىر گۈلىستانلىق،
تىزىمەن ئۇتقاشتەك گۈلدىن گۈل دەستە.
بىر ئۆمۈر قىلىپمەن كۈي - غەزەلخانلىق،
گۈل دەستە تۇتىمەن ئەلگە ھەۋەستە.

* *

قەلبىمدە بار مېنىڭ چەكسىز كەڭ ئالەم،
بار ئۇندا دەريا، ئاي، يۇلتۇز ھەم قۇياش.
بۇ دىمەك يالقۇنلۇق ئارزۇيۇم، غايەم —
تارىخقا، دەۋرانغا ھەقىقىي سىرداش!

## مۇشەققەت ۋە خۇشاللىق

كۈيلەيمەن مۇشەققەت گۈزەللىكىنى،
بار ئۇندا تەڭداشسىز ھاياتىي قۇدرەت.
كۈيلەيمەن يېڭىلىق ئەۋزەللىكىنى،
بار ئۇندا يېڭىلمەس تارىخىي نۇسرەت.

كارۋاننىڭ چۆلدە يول ئىزدەش ئازابى،
پەرۋاننىڭ يورۇقلۇق كۆزلەش ئازابى...
چۈجىنىڭ قوزغۇننى ئالداش ئازابى،
لاچىننىڭ شامالدا ئۆرلەش ئازابى...

قىسقىسى، ھەممىگە ئەپ كېلەر ئازاب —
يېڭىلىق، گۈزەللىك، يېڭى باشلىنىش.
شادلىققا يەتكۈزەر ئازابتىن ئۇزاپ —
يېڭىچە كۆرەشكە دادىل ئاتلىنىش.

مۇشەققەت — خۇشاللىق مەڭگۈ قوشكېزەك،
كۈندۈزمۇ كېچىگە تۇتاش بولغاندەك.
بەختىمۇ مېھنەتتىن ئاچىدۇ چېچەك،
گۈل - غۇنچە نۇر ئىچرە ئۇتقاش بولغاندەك.

مۇشەققەت، ئىنتىلىش، يېڭىلاش بىلەن،
تاۋلىنار ھاياتتا ئىرادە مەھكەم.
كونىنى يېڭىغا بېغىشلاش بىلەن،
ئېچىلار ھۆرىيەت گۈللىرى كۆركەم.

يوللارنى ئادەملەر قىلىشمۇ بەرپا،
ۋاقىتنىڭ توزانى كۆمۈپ تاشلايدۇ.
ئادەملەر ھارماستىن، قىلىپ جان پىدا،
يېڭى يول، تۇرمۇشچۈن كۆرەش باشلايدۇ.

مۇشەققەت قوينىدا كۈلەر ئىستىقبال،
نۇرلىنىپ مىسلىسىز يورۇق مەشئەلدەك.
مۇقەددەس ئارمانلار تاپىدۇ كامال،
توسقۇننى غۇلىتىپ ئۆتكۈچى سەلدەك.

مۇشەققەت قوينىدا گۈزەللىك چاقنار،
ئىنسانغا ئەزەلدىن بېغىشلاپ ئىلھام.
ئەجدادلار ئۈممىدىن ئەۋلادلار ئاقلار،
گۈزەللىك ئىشقىدا يول ئېچىپ داغدام!



غۇلام ئۇسمان زۇلپىقار

# شادا

(ھىكايە)

بۇ ئادەملەرنىڭ تەلۋىلەرچە دىنىي ئەسەبىيلىكى، ساختىپەزلىكى ۋە مەزھەپچىلىكى بۇ دۆلەتتە تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان يېگى بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر.

— ئا.ن. كوروپاتكىن، «قەشقەرىيە».

## 1

كىچىككىنە پەنجىرىسىدىن كۆك ئاسماننىڭ ئالقانچىلىك يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ سولاقخانىغا سالاھىيىتى، ياش قورامى ۋە ئىش - ئۇقتى ئوخشىمايدىغان ئالتە كىشى قامالغان بولۇپ، ئالتە ئادەم ئۈچۈن تارلىق قىلمايتتى. لېكىن «تۈرمە دېگەن بەرىبىر تۈرمە، مېھمانخانا ئەمەس» بولغاچقا، كىشى ھامان سىقىلىش ھېس قىلاتتى. ئەركىنسىزلىك ۋە ناچار شارائىت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نارازى قىلىسىمۇ، بىراق تەقدىر شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بېرىمى بۇ مۇھىتقا تەدرىجى كۆنۈپ، تاماق يەپ، ئۆلمەي مىدىرلاپ يۈرگىنىگە شۈكرى قىلىدىغان بولۇپمۇ قېلىشقانىدى. قالغان يېرىمى بولسا ھامان تىت - تىت بولاتتى. بىراق، بۇ ئۈچەيلەننىڭ تىت - تىت بولۇش سەۋەبلىرى ئوخشىمايتتى.

بۇلاردىن بىرى ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقىغان، ئۇيچان، ئورا كۆزلۈك يىگىت بولۇپ، ئۇ، كارۋانلارغا ئەگىشىپ چەت ئەللەرگە چىققان ۋە شۇ سەرگەردان تۇرمۇش جەريانىدا باشقا ئەللەرنىڭ تۇرمۇشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن تەسىر ئېلىپ، شۇ تەرەپلەردە ئازدۇر-كۆپتۇر ئوقۇغان ھەمدە ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى راسا بىخلىنىشقا باشلىغان 30-يىللارنىڭ بېشىدا ۋەتەنگە قايتىپ، ئاقارتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مۇئەللىم ئىدى. ئۇ جۇشقۇن روھ بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان كۈنلەردە گۇمانلىق ئۇنسۇر، دەپ قارىلىپ، شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن مەكتىپىدىلا قولغا ئېلىنغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ جۇشقۇن ھاياتىدىن، سۆيۈملۈك مەكتىپىدىن، بىلىمگە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تىت-تىت بولاتتى.

يەنە بىر مەھبۇس چەت ئەللىك پەرەڭ ئىدى. قىزغۇچ سېرىق چاچلىق، ئېگىز قاڭشارلىق، ئورا كۆز بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «تۈركلوگ» ئىكەن. ئۇ، قەشقەرگە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە كەلگەنىكەن. بىراق مۇشۇ قالايمىقان كۈنلەردە ئۇ چەت ئەل جاسۇسى دېگەن گۇمان بىلەن تۇتۇلغانىدى. دەسلەپ ئۆزى يالغۇز قامىلىپ، ئالاھىدە كۆتۈلگەن، بىراق كېيىن قولغا ئېلىنغانلار بەك كۆپىيىپ كەتكەچكە، سولاقخانىلار يېتىشمەي ئۇنىڭغا بەش ھەمراھ قوشۇپ قويۇلغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئايرىم تاماق يەيتتى، بىر نەچچە قېتىم شامالداشقا چىقىرىلاتتى. ئۇنىڭ باھانىسىدا قالغان بەشەيلەنمۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ تۇراتتى. باشقا سولاقخانىدىكى مەھبۇسلار پەقەت بىر قېتىملا شامالداشقا چىقىرىلاتتى. پەرەڭنىڭ جاسۇس ئەمەس بولۇپ چىقىپ، دۆلىتى تەرىپىدىن نارازىلىقتا ئۇچراشتىن ئەنسىرىگەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىشنى ئۇنتۇشمىغانىدى.

پەرەڭ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پىلانىنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكىنىگە، تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش بىلەن قولغا كېلىدىغان پۇل ۋە شۆھرەتتىن مەھرۇم بولغىنىغا شۇنچىلىك بوغۇلاتتىكى، ھەممىشە ئۆزىنىڭ تىلىدا بىر نېمىلەرنى كاسىلداپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنى تىللايتتى.

ئۈچىنچىسى بولسا، شەھەر ئەتراپىدىكى بىر بەگلىكنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك موللىسى ئىدى. ئۇ يالغۇز مۇشۇ يېزىدىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن قەشقەرگە تونۇلغان داڭلىق شەخس ئىدى. ئۇ، ھۆكۈمەتكە سەممىي سادىق بولۇپ، شېڭ دۇبەنىنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ھەدىسلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەچكە، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تازا كۆتۈرگەنىدى. قىسقىسى، ئۇمۇ بارلىق دىن مۇخلىسلىرىغا ئوخشاشلا ھۆكۈمرانلارنىڭ يالاقچىلىقىنى قىلىپ، ئۆز خەلقىنى قۇربانلىق قويىدەك زامان قاساپلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ كەلگەنىدى. ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى شۇنىڭدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندىلا ئەمەس، ئىسمىنى ئاڭلىغاندىمۇ جىددىيلىشىپ كېتەتتى. كىشىلەر دادىسىدىن ئايرىغان نەرسىنى بۇ موللىسىغا بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرىپى دەپ بىلىشەتتى. موللىنىڭ شۇ بەگلىك تەۋەسىدىكى بازاردا بىر دۇكىنى بار ئىدى.

ئېلىپ - ساتارلار ۋە باشقا سەييارە تىجارەت-
چىلەر: «موللام ئاللاغا يېقىن ئۇلۇغ ئادەم،
ئۇنىڭ مېلىدا بەرىكەت بار، چوقۇم پايدا
ئالالايمىز،» دەپ قىممەت بولسىمۇ شۇنىڭ
دۇكىنىدىن مال سېتىۋالاتتى ...

نېمە سەۋەبتىنكى ھۆكۈمەت ئاخىر
ئۇنىمۇ قولغا ئالدى. بۇ ھال ئۇنى گاڭگى-
رىتىپ قويدى. «ھۆكۈمەت يېڭىلىشتى ياكى
دۇشمەنلىك بولۇپ قالدىم» دەپ ئويلىدى
ئۇ. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى بولسا، ئۇنى:
«بىزنىڭ بۇ ھۆرمەتلىك موللىمىز بىزنىڭ
يىغىمىزنى يىغلاپ، كۈلكىمىزنى كۈلۈپ
كېلىۋاتقاچقا، ھۆكۈمەت ئۇنى يامان كۆرۈپ
قالدى» دەپ ئويلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ
ئۇنىڭ ئىناۋىتى بىر ھەسسە ئېشىپ كەتتى.
ھۆكۈمەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇشمەن دەپ
بىلىدىغان خەلق بىر ئادەمنىڭ ياخشى-
يامانلىقىغا ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن يېقىن-
يىراقلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلاتتى - دە!
موللا بىلەن كېلىشەلمەيدىغان زىيالىيلار
بولسا، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمەيتتى.
ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ساتقىن ۋە مىللىي
مۇناپىقلارنىڭ ئۆزى سېتىلغان ھەم خىزمەت
قىلغان تەرەپنىڭ قولىدا ئۆلمىگىچە قانۇن-
يەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىش ئىدى. ھەر
خىل قاراشتىكىلەر نېمە دېسە دېسۇن،
لېكىن ھۆكۈمەت ئۇنى پەقەت «نوپۇزىدىن
ئەنسىرەش» سەۋەبى بىلەن قولغا ئالغانىدى.
موللىنىڭ نوپۇزى بەك ئېشىپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن ھۆكۈمەت خاتىرجەمسىزلەنگەن،
ئۆزىنىڭ بۇ سادىق يالاقچىسىغا ئىشەنچ
قىلالمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى ھېچ بولمىسا
مۇشۇ ئەنسىز يىللار ئۆتۈپ كەتكۈچە
خەلقتىن ئايرىپ قويۇشنى توغرا تاپقاندۇر،
ياكى بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇقۇشماسلىق بولغاندۇ-
دۇر. بۇ ھال موللىنى تىت - تىت قىلاتتى.
ئۇ ھەممىشە خىيالچىرغا مىنىپ، بىر توپ
جامائەتنى ئارقىسىغا سېلىپ سۆلەت بىلەن
مېڭىپ يۈرگەن، ھامان تۆرنىڭ بېشىدا
ئولتۇرغان چاغلىرىنى ئويلاپ ھەسرەتلىنى-
نەتتى. بىراق، يەنىلا ھۆكۈمەتتىن ئاغرىن-
مايتتى. تۈرمىدە ئولتۇرۇپمۇ ھە دەپ
ھۆكۈمەت ھەققىدە ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ
تۇراتتى. ئۆزىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەردىن
سىرتنىڭ ئەھۋالى — جامەنىڭ، يۇرتىنىڭ،
ئائىلىسىنىڭ، دۇكاننىڭ ئەھۋالىنى سوراش
بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت ئىشلىرى ھەققىدىمۇ
كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا بىر نېمىلەرنى
سوراپ كېتەتتى (ھەر قېتىم مۇشۇنداق
قىلىۋاتقاندا، مۇئەللىم مەسخىرىلىك
كۈلۈمسىرەيتتى).

قالغان ئۈچ مەھبۇس ئاددىي پۇقرا-
لاردىن بولۇپ، بىرى دېھقان، يەنە بىرى
ھۈنەرۋەن، ئۈچىنچىسى شەھەر پۇقراسى
ئىدى. بۇ ئۈچەيلەن موللىنىڭ خىزمىتىنى
جان دەپ تالىشىپ قىلىشاتتى. بۇنداق
قىلىشنى بىر خىل مەجبۇرىيەت دەپ
ئەمەس، ئۆزلىرىگە كەلگەن ئامەت دەپ
قارىشاتتى. موللا بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا
ئىنتايىن ياخشى ياشايتتى. ھەر كۈنى ئۇنىڭ
ئالدىغا شەھەر ۋە يېزىلاردىن يوقلاپ
كەلگەن كىشىلەرنىڭ سوۋغا - سالاملىرى
تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ بولسا، بۇ نەرسى-
لەرنى بىر ئۆزى ئىشلىتىپ تۈگىتەلمەيدى-
غان بولغاچقا، گۇندىپايلارغا، تۈرمە باشلىقىغا
ۋە باشقا مەھبۇسلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى.
بۇ ھال ئۇنى پۈتۈن تۈرمىدىكى مەھبۇسلار
ئىچىدە تېخىمۇ تونۇتقان بولسا، گۇندى-
پايلارنى ئۇنىڭ رايىغا بويسۇنىدىغان قىلىپ
قويغانىدى. بۇندىن باشقا، سوۋغا - سالاملار

ئىچىدىن پۇللۇقراق ھەم ئاسانلىقچە بوزۇل-
مايدىغان نەرسىلەرنى تاللاپ ئېلىپ قېلىپ،
دۇكىنىغا سېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئەۋەتەتتى.

— ئۆيدىن ئەنسىرىمەي ئۆزلىرى
ئىشلىتىۋەرسىلە بولاتتى، ئۆيدىكىلەرگە
ئوبدان قاراۋاتىمىز، خاتىرجەم بولسىلا،
دۇكانىنىڭ سودىسىغا خۇدا بەرىكە بېرىۋا-
تىدۇ ... — دەيتتى يوقلاپ كەلگەن
ئىخلاسمەنلىرى.

— خۇدا «يەگىلا، ئىچكىلا، ئىسراپ
قىلماڭلا» دېگەن. بۇ يەردە ئىسراپ بولغى-
نىدىن ئۆيگە كەتكىنى ياخشى، — دەيتتى
موللا. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى چۈشۈپ
تۇرىدىغان سوۋغىلارمۇ مىلىچ مال دۇكىنى
ئېچىشقا يەتكۈدەكلا ئىدى.

ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىلىۋاتقان بەرىكەت
ئەمەلىيەتتە، ساددا ئىخلاسمەنلەرنىڭ
قارىغۇ ئېتىقادىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئاشۇ
قارىغۇ ئېتىقاد ۋە نادانلارچە ئىخلاسمەن-
لىك كىشىلەرنى مەرت ۋە نامىسىز ياخشى-
لىق قىلغۇچىلارغا ئايلاندۇراتتى: بەزى
كېچىلىرى موللىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۇلاغ-
ئۇلاغ ئوتۇنلار ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەت-
لىكلىرى چۈشۈرۈپ قويۇلاتتى. بۇ ھال
كىشىلەرگە كۆزگە كۆرۈنمەس پەرىشتىلەر
بىلەن بۇ موللىنىڭ سىرلىق ئالاقىسى
باردەك تۇيغۇ بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ
يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرەتتى...

1

موللا ئۆز ئىسمىغا يارىشا ھەردائىم
قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى يادقا ئوقۇپ تۇرات-
تى. سولاقخانىدىكى ئۈچ مەھبۇس ئۇنىڭ
بىر خىلدا سىلىق تەۋرىنىپ، كۆزلىرىنى
چالا يۇمۇپ تۇرۇپ، ئاھاڭ بىلەن قۇرئان
ئوقۇشىغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بېرىلىپ
قۇلاق سالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىخلاسىدا «ئۇ
دۇنيا» تەشۋىشى بولغاندىن تاشقىرى، نان
قايغۇسىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايت-
تى. چۈنكى ئۇلار موللىنىڭ شاپائىتى
بىلەن ئۆيلىرىدىكىدىنمۇ توقراق يۈرەتتى.
ۋەھالەنكى، تۇيغۇزغۇچىنىڭ ساداسىغا
قۇلاق سالماسلىق بىھۆرمەتلىك بولاتتى،
ئەلۋەتتە.

موللا شامالداشقا چىققاندىمۇ جېمى
مەھبۇسلار ئالدىدا قۇرئان ئوقۇپ، ھەدىس-
لەردىن مەنە يېشىپ ھەم بۇنىڭغا بىرلەشتۈ-
رۈپ «شېڭ دۇبەن جانابلىرى» يۈرگۈزۈ-
ۋاتقان پارلاق سىياسەتلەرنى دىنىي ئەقىدىلەر
ئارقىلىق ئاساسلايتتى، شېڭ شىسەينىڭ مىڭ-
لىغان ئادەمنى تۈرمىلەرگە بەند قىلغانلى-
قىنى «قۇرئان» دىكى: «خۇدا بەندىلىرىگە
زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇلار گۇناھلىرى بىلەن
ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ» دېگەن ئايەت
بىلەن ئاقلايتتى ھەم مەھبۇسلارغا: «ئى،
ئاللا، بىز ئۆز - ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق...»
دېيىشنىڭ ساۋاب بولىدىغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرەتتى. يەنە راستچىل بولۇشنىڭ خاسى-
يىتى ۋە يالغانچىلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى
ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ، مەھبۇسلارنى ھۆكۈ-
مەت سورىغان نەرسىلەرگە ئەينەن جاۋاب
بېرىشكە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى.

موللىنىڭ ۋەزلىرىگە پەرەندىن باشقا
مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى جەددىي ياكى ياسىما
جەددىي پوزىتسىيە بىلەن قۇلاق سېلىپ
تۇرۇشاتتى. بۇنىڭدىن مۇئەللىممۇ مۇستەسنا
ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. گەرچە ئۇ، بىز
ئىشلاردىن كۆڭلى گۇۋسى كېلىپ تۇرسىمۇ،

لېكىن نادان جامائەتنىڭ ئومۇمىي قارشىلى-
قى ئىچىدە قالماسلىق ئۈچۈن ياسىما
پوزىتسىيە بىلەن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇشقا
مەجبۇر ئىدى. پەرەڭ بولسا، بۇلارنى
مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ
قاراپ تۇراتتى.

بىر كۈنى پەرەڭ مۇئەللىمنى نوقۇپ:

— ئەپەندىم، ھېچنەرسە قىلماي كۈن
ئۆتكۈزەمدۇق؟— دېدى.

— قىلغۇدەك نېمە ئىش بار، دەي-
سىز؟ ئامال يوق...— دېدى مۇئەللىم
ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئاۋازدا يېرىم
ئۇيغۇرچە، يېرىم ئېنگلىزچە، — مۇشۇنداقلا
چىرىپ كېتىمىز...

— مەن سىزگە مۇئەللىم بولاي، سىز
ماڭا ياردەمچى بولۇڭ، — دېدى پەرەڭ
چۈشىنىكسىز ھالدا.

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟

— سىز ئېنگلىزچىنى بەك يامان
سۆزلەيسىز، بەك ناچار! مەن سىزگە مۇ-
ئەللىم بولاي، سىز ئىنگلىزچىنى ياخشى
قىلىڭ... كېيىن ماڭا ياردەمچى بولسىز،
مەن كىتاب تەرجىمە قىلىمەن.

— كىتاب تەرجىمە قىلىمەن، دەمسىز؟
مەن ياردەمچى بولىمەن؟

— ھە، بىكارچىلىق ئادەمنى بىمەنە
خىياللارغا ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭ ئاخىرىدا
نېرۋا بۇزۇلىدۇ، نېرۋا...

— بۇزۇلىدۇ؟ ھە، ھە...نېرۋا، نېر-
ۋا...— دېدى مۇئەللىم چېكىسىگە نوقۇپ.

پەرەڭ ئورتاق تۈركچە سۆزلەيتتى.
ئۇ ھەممە گەپنى ئوبدان چۈشىنەتتى،
لېكىن سۆزلىگەندە تاققا-تۇققىراق سۆز-
لەپ قوياتتى.

پەرەڭنىڭ پەرۋاسىزلارچە ئېيتقان
گەپلىرى مۇئەللىمنى بەك ھەيران قالدۇر-
دى. ئۇ، شۇ تاپتا ھەممىدىن ئۈمىدىنى
ئۈزۈپ، يېتىپ كەلگۈسى ئۆلۈمنى كۈتۈپلا
ياتقاچقا، بۇ گەپ ئۇنى ھەيران قالدۇرات-
تى، ئەلۋەتتە.

بىر ھازىر جاللاتنىڭ چاڭگىلىدا، —
دېدى ئۇ ئەجەبلىنىشىنى يوشۇرماي، — ساق
قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزدىن ئۆلۈپ كېتىشىمىز
ئېنىقراق، بۇ ھالدا ئىلىم تەھسىل قىلىش-
تىن نېمە پايدا؟ كىم بىلىدۇ، بۈگۈن
كېچە ياكى ئەتە كۈندۈزدە ئاتقىلى ئېلىپ
چىقار...

— ئەگەر ساق قالسىڭىزچۇ؟

— ئەگەر ساق قالسام؟...بۇ مۇمكىن
ئەمەس! مەندە ئىشەنچ يوق...

— ئىشەنچ بولۇشى كېرەك، بۇ ھايات-
لىق ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، — دېدى پە-
رەڭ خاتىرجەم ھالدا، — مېنىڭ تەكلىپىمى-
نىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر پايدىسى بار، ئەگەر
ساق قالىدىغان بولساق، مۇشۇ مەزگىلدىكى
ئۆمرىمىز بىھۇدە ئۆتمىگەن بولىدۇ، تۈرمى-
دىن چىققاندىن كېيىن پۇشايمان ھەسرى-
تىنى چەكمىگەندىن تاشقىرى، ئەمگىكىمىز-
نىڭ مېۋىسىنى كۆرىمىز. ئەگەر ساق قالمى-
غان تەقدىردە ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى
روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇپ، ئىش بىلەن
مەشغۇل بولىمىز، ھەرھالدا ئويلاپ كۆرۈڭ.

مۇئەللىم ئۇزاق ئويلىدى. ھەقىقە-
تەنمۇ شۇنداق ئىكەن. شۇڭا ئۇ پەرەڭنىڭ
تەكلىپىگە رازىلىق بەردى.

ئىككىسى دەرھال ئىش باشلاپ كەت-
تى. مۇئەللىمنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان
چېھرىسىنى ئەمدى ھايات جىددىيلىكى
ئىگىلەپ خېلى جۇشقۇن بولۇپ قالدى.
ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋاقتى سۆزلۈك
يادلاش بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى...

3

— قاراڭلار، ئاۋۇ ئىماندىن ئازغاننى، — دېدى دېھقان مۇئەللىمنى ئىشارە قىلىپ ھەمراھلىرىغا، — ناسارا بىلەن خېلى ئوبدان يېقىنلىشىپ كەتتىغۇ، كاپىر!

— بۇ ئەپەندىچاق جەزمەن ناسارانىڭ دىنىغا كىردى، ئۇنىڭ ئۆگىنىۋاتقانلىرى ئاشۇ خەقنىڭ ئايەتلىرىمىكىن دەيمەن، — ھۆنەرۋەن ئۆز نۆۋىتىدە گەپ قىستۇرۇپ موللىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

موللا بايىملا سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تائاملار بىلەن ئوزۇقلىنىپ، راسا بىرنى كېكىردى ۋە «ئى، رەببىم ئاللا، بەرگەن رىسقىڭغا شۈكرى!» دەپ ساقىلىنى بىر سىيپاپ قويۇپ ئورۇن - كۆرپىسىگە قىيشايدى ۋە ئاشقان تائاملارنى ئۆچەيلەنگە ئېلىتىپات قىلىۋەتتى.

ئىلگىرى ئۇ سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرگە مۇئەللىمنىمۇ، پەرەڭنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، «ئادىمگەرچىلىك» نى ئىپادىلەيتتى. ماۋۇ ئۆچەيلەن ھەمىشە ئاچ-زېرىن، چىشلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپلا تۇرغاچقا، ئۇلارغا بەرمەستىن يېيىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن مۇئەللىمنىڭ «ناساراچە» گەپنى بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولغان ھامان ئۇنى دىنىدىن چىققانمىكىن، دېگەن گۇمانغا كېلىپ غوتۇلداپ يۈرىدىغان بولغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئەپەندىلەر بىلەن پەننىي مەكتەپ ئېچىش - ئاچماسلىق مەسىلىسىدە تالىشىپ قالغاچقا، ئەپەندى دېگەنلەرنىڭ ئىمانى بىجىرىم بولۇشىغا تازا ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئەمدى ئۇ كېبىرلىنىپ، ئەپەندىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان مۇشۇ مۇئەللىمگە بارغانسېرى ئۆچلۈك قىلىپ:

«قارىغىنا، خەلق موللىنى ياخشى كۆرەمدىكەن، ئەپەندىنىمۇ؟» دېگەندەك چېقىشىلىش مەنىسىدە قارايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ، ئەپەندى بىلەن پەرەڭ ئىككىسىنىڭ ئۆز نوپۇزىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىگىنىگە بەك ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاچقا، ئەمدى ئۇنىڭغا ئاشكارا قارشى تۇرۇشنىڭ باھانىسىگە ئېرىشكەندەك بولدى. كۆڭلىدىن بۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئارقىلىق پەرەڭگە دەز كەتكۈزۈش خىيالى كەچتى، چۈنكى پەرەڭگە بىۋاستە چېقىلىشتىن يەنىلا ئەيمىنەتتى. نېمىشقىدۇر بۇ خەق ئاللىقانداق سىرلىق كۈچكە ئىگىدەك، چۈشىنىكسىز تۇيۇلاتتى. ئەپەندى بولسا، چۈشىنىشلىك، ئۇنى ئېشەكنى دومبالىغاندەك دومبالاش تامامەن مۇمكىن!

موللا سادىقەتمەنلىرىنىڭ ئەپەندى ھەققىدە دېيىشكەن گەپلىرىگە باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە قوشۇمچە قىلدى:

— ئەپەندىلەرنىڭ ھەممىسى ناسارا بىلەن ئوخشاش! ماڭا قويۇپ بەرسە، ئىتنى دومبالىغاندەك دومبالايتتىم، بۇنداق جوھۇت، خاۋارىچىنى!...

— زورزور كەلسە تېتىتىپ قويىمىز! — دېدى شەھەرلىك مەھبۇس دادىللىق بىلەن، — ئۆزۈمنىڭغۇ بۇ خەق بىلەن زادىلا پۇرچىقىم پىشمايدۇ. مېنىڭ مۇشۇ يەرگە قامىلىپ قېلىشىممۇ مۇشۇ نېمىلەرنىڭ كاساپىتى ئەمەسمۇ! مېنى ئەپەندىلەرگە چېتىشلىقى بار، دەپ قولغا ئالغان، مېنىڭ گۇناھىم — ئۆيۈم مۇشۇ خەقنىڭ مەكتىپى بىلەن قوشنا بولغىنى!

— ئېپى كەلسىلا راسا يۇمشىتىپ قويىلى بولمىسا، — دېدى ھۆنەرۋەن.

— ئېپىنى كەلتۈرىمىز - دە! يەنى

مەسىلەن، گەپتىن - گەپ چىقىرىپ، كېيىندىن پۇتاق چىقىرىپ...— دېھقانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە گەپ قوشتى.

ئۇلارنىڭ ساددا دىللىرى مىللىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شاپائەتچى، مۇئەللىمنى بولسا دۈشمەن دەپ تونۇيتتى. «مۇشۇنداق ئادەملەر ئىنقىلاب قىلمىز، قوزغىلاڭ قىلمىز، دەپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقمىغان، جەدىتچىلىك تەرغىباتلىرىنى قىلمىغان بولسا، بىزدەكلەرنى كىم زىندانغا تاشلايتتى؟ تىنچ-خاتىرجەملىك ئىچىدە زاغرا بىلەن ئوماچ بولسىمۇ ئاللانىڭ بەرگەن رىسقىغا شۈكرى قىلىپ، نامىزىمىزنى ئوقۇپ يۈرۈۋەرگەن بولاتتۇق...» دەپ ئويلىشاتتى. بۇ تېخى ئۇلارنىڭ «يىراقنى كۆرۈش» كاتېگورىيىسىدىكى قارىشى ئىدى. تېخىمۇ نەق ۋە ئۇلارنىڭ ئورنى، شارائىتى، ئەقىل - ئىدرىكى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان قاراش — «نانغا بولىدىغان شېرىكنى ئازايتىش» ئىدى. ئۇلار ئاداۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتنى يىراقلاشتۇرۇۋەتسە مىللىغا كېلىپ تۇرىدىغان نېمەتلەرگە مۇئەللىمنى ۋە پەرەڭنى چاقىرىش پۈتۈنلەي توختايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۆۋەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئوزۇقلىنىش مەسىلىسىدە بىر لوقما بولسىمۇ پايدىغا ئېرىشەتتى.

* *

مۇئەللىم ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىدىغان بولدى. ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ئۇنى روھلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ كەلگۈسىنى ئىنتايىن ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. كەلگۈسىدە ئۇ ئېنگلىز تىلىنى راۋرۇس ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، چەت ئەلگە چىقىپ بىرەر كەسىپ بويىچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلسە ۋە بۇ بەختسىز مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ئەنە ئاۋۇ ئۈچەيلەنگە ئوخشاش بىچارىلەرنىڭ قەلبىنى ئىلىم مەشئىلى بىلەن يورۇتسا، ئۇلارمۇ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەنىۋى توقچىلىق بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ ياشىسا...ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋېلىپ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقسا...ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم - پەن خادىملىرىغا ئىگە بولسا، مۇشۇ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىگە پاتقان مۇھىت ئۆزگىرىپ، قەۋەتلىك بىنالار، ئاسفالت يوللار، تۆمۈر يوللار، مىڭلاپ ئىشچى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار قۇرۇلسا...ئالىي مەكتەپلەردىن نەچچە ئونى قۇرۇلۇپ كەتسە...مۇئەللىم شۇنچىلىك ھاياجانلاندىكى، ئۇ ئۆزىنى تۇرمىدە ئەمەس، ئاشۇ گۈزەل تەسەۋۋۇرىدا پەيدا بولغان ئالىي مەكتەپتە ئېنگلىز تىلى دەرسى سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى سىرتقا چىقىرىپ ئېنگلىزچە: «ياخشى ئىشلار ئالدىمىزدا!» دەپ توۋلىۋەتتى.

— توۋلىما، ۋوي، جوھۇت! — دەپ ۋارقىرىدى دېھقان ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ، — نېمە سەت ۋارقىرايسەن؟ مىللا ئاكام ئارام ئېلىۋاتسا، ئالۋاستىلارنىڭ تىلىدا كاركىراپ يۈرىسەنا؟! چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن، ھېلى بىكا!

— نېمىگە چېچىلىسىلا، ئاكا؟ مەندىن ئۆتكەن بولسا ناماقۇل بولاي، يات مىللەت ئالدىدا بىر بىرىمىزنى بوغۇشۇپ سەتلەشمەيلى، — دېدى ئۇ ئوخلاۋاتقان پەرەڭ تەرەپنى ئىشارە قىلىپ. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ

خۇددى ياخشى ئاتا يامان ئۆگەنگەن بالىسىنىڭ ئەسكى قىلىقلىرى ئۈچۈن ياتلار ئالدىدا خىجىل بولغىنىدەك، بۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن پەرەڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپلا يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ئىتتەك تالىشىپ يۈرۈش تولىمۇ سەت ئىش ئىدى ـ دە!

— ئەمدى تېخى يات مىللەت دەپ كەتكىنىنى مانىڭ! باشقا چاغدا يات دېمەي، شۇنىڭ ئايەتلىرىنى كاسىلداپ، شۇنىڭ تىلىدا سۆزلەيسەن، ئەمدى يات مىللەت، ئاقىلەي ـ كۆكىلەي دەپ كەتكىنىنى! ئەككىنچى ئاۋازىڭنى چىقىرىدىغان بولساڭ!...

— گاچا بولۇۋالايمۇ ئەمدى؟

— تەنە قىلىدۇ تېخى، ھۇ ئاناڭنى!... پەرەڭچە ئۇنۇڭنى يەنە ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، چىشلىرىڭنى تۆكۈۋېتىمەن!

مۇئەللىم ھەم ئەلەم، ئىزا ـ ئاھانەتتىن، ھەم ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

4

مۇئەللىم گاچىدەك يۈرۈۋېرىشكە چىدالمايتتى. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ چەكلىمىسىگە بويسۇنۇشنى قۇللۇقنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ قاراپ، ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەشكەن جەڭچى ـ دە!

لېكىن ئۇنىڭ كامىرداشلىرى موللا ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئالدىرايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن جېدەلنى زورمۇزور تېرىماي بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

مۇئەللىم ئاۋۋالقىدەكلا خاتىرجەملىك بىلەن سۆزلۈك يادلاشنى داۋام قىلىۋەرگەنىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى چىڭراق چىقىپ كەتكەن ھامانلا دېھقان ئۇنىڭغا تىل سالغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. ھۇنەرۋەن بىلەن شەھەرلىك پۇقرا بولسا «كۆچۈك يەتمىسە بىز تەييار» دېگەندەك چەتتە قاراپ تۇرۇشتى.

— ھوي، نېمە بولدىلا؟ توختاپ تۇرسىلا... — مۇئەللىم ئۆزىنى قوغداشقا تەييارلانغاچ شۇنداق خىتاب قىلدى.

— نېمە بولدى دەيدۇ تېخى، ما كاپىر! مانا، مۇنداق بولدى! مۇنداق! مۇنداق بولدى! — ئۇ ھەربىر مۇشت ئۇرغاندا شۇنداق دەيتتى. دېمەسىمۇ، ئۇنىڭ راسا ئوغىسى قايناپ، ۋىجدانى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. بىر دىنىي قېرىنداش تۇرۇپ، يات بىر ناسارا بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرگىنى نېمىسى!

— توختاڭ، توختاپ تۇرۇڭ! — پەرەڭ دەرھال ئارىغا كىرىپ، گەپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، دېھقاننى ئىتتىرىۋەتتى.

— ھۇ، ئاناڭنى!...كاپىر، ناسارا! سەن ئارىلاشماي ئىشىڭنى قىل! بولمىسا سەنمۇ يەيسەن!

پەرەڭنىڭ قاتتىق جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئىززەت ـ نەپسى ئۈچۈن جېنىنى تىكىشكە ھەرقاچان تەييار ئىدى. ھۇنەرۋەن ئورنىدىن تۇردى. دېھقانمۇ يارىلانغان شىردەك ھۆركىرەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى...

پەرەڭ ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى... شۇ چاغدا كامېر ئىشىكى ئېچىلىپ، تۈرمە نازارەتچىسى بىرنەچچە

مۇھاپىزەتچى ئەسكەرنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىرگەن ھامانلا جېدەل جەممەدە بېسىقتى.

— نېمە گەپ؟ نېمە بولدى دەيمەن!؟

ھەممەيلەن بىرھازاغىچە كىمنىڭ گەپ قىلغىنىنى خوپكىن، دەپ جىم تۇرۇشتى. بىرىنچى بولۇپ پەرەڭ ئېغىز ئاچتى:

— بۇلار، — ئۇ قولى بىلەن ئۈچەيلەننى كۆرسەتتى، — مېنى ئۇردى. يەنە ئۇرماقچى. ئەگەر مېنىڭ ھاياتىم، سالامەتلىكىم زىيانغا ئۇچرىسا، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىختىلابقا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، سىلەر بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈڭلەرگە ئالالامسىلەر؟ مەن سىلەردىكى ئىگىسىز ئېشەكلەرگە ئوخشىمايمەن! مەن ئادەم سۈپىتىدە كىشىلىك قەدىر - قىممىتىمنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگىمەن!...

پەرەڭ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە جىق سۆزلىدى. تۈرمە نازارەتچىسى ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى ۋە ھېلىقى ئۈچەيلەنگە:

— ئورنۇڭدىن تۇرۇشە! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۈچەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەممىسى تىترەيتتى ۋە بىر - بىرىگە قارايتتى. ئۆزلىرىگە ياخشىلىق يوقلۇقىنى تۇيغان ھامان شەھەر پۇقراسى ئۆزىنى كاچاتلاپ:

— شور پېشانىلىكىمدىن ساپلا خەقنىڭ ئىشىغا چېتىلىپ قالىمەن، زىندانغا چۈشكىنىمۇ ئۆز گۇناھىمدىن بولمىغان... بايىقى ئىشتىمۇ مەن يوق، موللام گۇۋاھ... مۇشۇ ئىككىسىنىڭ قىلغان ئىشى. ماڭا ئىشەنسىلە، ئامبال غوجام. بولمىسا پەرەڭدىن سوراپ باقسىلا، مەن ئارىلاشمىدىم... — دېدى.

— ھەيدە! بۇلارغا ئادەم ئۇرۇشنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار!

ھەرقانداق نالە - پەريادقا قۇلاق سېلىنمىدى. مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ھېلىقى ئۈچەيلەننى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئىتتىرىشكە باشلىدى.

— موللا ئاكا، سىلى گەپ قىلسىلىچۇ...شەھەرلىك ھە دەپ يىغلايتتى.

— ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، چىق دېگەندىكىن چىقمامسەن، دېدى، — موللا، — ئادەم ئۇرماق ئاۋام ئۈچۈن توغرا ئىش ئەمەس، پەقەت شەرىئەت ۋە ھۆكۈمەت جازا بېرىشكە ھوقۇقلۇق...، — ئۇ يەنە ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلاپ قالدى.

نازارەتچى ئۈچەيلەننى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كامېر ئىشىكى تاقالغاندى. موللا بولسا يان تايىقىدىن ئايرىلغاندەك، پەرەڭ بىلەن مۇئەللىم تەرەپكە ئۆمسە قاراپ قويدى ۋە ھېچبىر خىجىل بولمايلا ئۇلارغا بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلدى.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەدىسلىرىدە: «بىلىم چىندا بولسىمۇ ئۆگەنمەك كېرەك» دېگەن... — دەپ غۇدۇڭشىدى. بۇ ئۇنىڭ مۇئەللىمگە قاراتقان گېپى بولۇپ، مەن سېنى قوللايتتىم، دېگىنى ئىدى.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن كامېرداشلار قايتىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ يۈز - كۆزى كۆكەرگەن، يەنە بىرىنىڭ بېشى يېرىلغان، ئۈچىنچىسى ئوتتۇر چىشلىرىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇلار كىرىپلا ئورۇنلىرىغا قىيشىيىپ ۋايسىغىلى تۇردى. خېلى ئۇزۇنغىچە، ھەتتا بىرنەچچە كۈنگىچىمۇ ئۈچىلىسى ئۆز كويىدىلا بولۇپ، گويا بىر - بىرىگە ماي تارتىشىۋاتقاندەك

ئۆزئارا سۆزلەشمەيدى.

كېيىن، سەل ھوشىنى تېپىشقاندىن كېيىن، مۇئەللىمنى سۆكۈشكە باشلىدى. ھەممە بالا - قازانىڭ سەۋەبچىسى ئاشۇ، دەپ كوتۇلداشتى. بارا - بارا ئۇنى ئاشكارا تىللايدىغان بولدى. شامالداشقا چىققۇچە ۋە كىرگۈچە ئۇ ئۇيان، بۇ بۇيان ئىتتىرىشتى. پەرەڭنىڭ تىرەك بولىدىغان دۆلىتى بولغان بىلەن مۇئەللىمنىڭ ھېچنېمىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ كوچىدا قالغان ئىگىسىز ئىتتەكلا بىر نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى بىمالال بوزەك ئېتىشكە باشلىدى.

مۇئەللىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئارزۇمۇسىنى، قەدىر - قىممىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سوقۇشۇشقا مەجبۇر بولدى. يەنە ھېلىقى ئۈچەيلەن تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىشتى.

مۇئەللىمنىڭ ھالىغا ئېچىنغان پەرەڭ يەنە ئۇنىڭغا يان بېسىپ، ئۇنى ئارىدىن ئېلىپ چىقتى.

— سىلى بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسىلا، سىلىگە گېپىمىز يوق. بۇنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەرسىلە، — دېيىشتى مۇشتۇمزورلار.

— نېمىشقا ئارىلاشمايمەن؟ بۇ ئادەم ئەمەسمىكەن؟ نېمىشقا بىراۋنى ئانىي تاپىسىلەر؟ سىلەردە ئادەمگە خاس يۈرەك بارمۇ - يوق؟!...

— سىلىنى بىر نېمە دېمىگەندىكىن ئۆزلىرىنى بىلسىلە بولمامدۇ؟!

— ياق! ئېيتىپ قوياي، سەنلەر بۇنىڭغا يەنە چېقىلىدىغان بولۇشساڭ، مەن بۇنىڭ تەرەپ بولۇپ مۇشتلىشىمەن!

پەرەڭنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۈچەيلەننىڭ غەزەپلىرى سۇ تۆكۈلگەن ئوتتەك جىممىدىلا بېسىلىپ قالدى. پەرەڭ بۇ خەقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتىنى تەتقىق قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىنى ئازتولا بىلگەچكە، ئاشۇنداق پەش قىلغانىدى، بۇ خېلى ئۈنۈم بەردى.

شۇندىن كېيىن كامېردىكىلەر مۇئەللىمگە چېقىلالمايدىغان بولۇشتى. پەرەڭ بىلەن مۇئەللىم بىر بۆلۈگدا ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولىدى؛ موللا بىلەن قالغان ئۈچەيلەنمۇ يەنە بىر تەرەپكە ئولىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشاتتى: موللىنىڭ قۇرئان كېرىم ۋە ھەدىسلەردىن سۆزلەيدىغان تەپسىرىنى ئاڭلايتتى، بەزىدە قۇرۇق پاراڭ سېلىشاتتى. قالغان ۋاقىتتى ئۇخلاش ۋە موللىنىڭ داستىخىنىغا ئېغىز تەگكەچ ئۇنى ماختاش بىلەن ئۆتەتتى...

5

بىراق، مۇئەللىمنىڭ بېشىدىكى خەۋپ ئۆزۈل - كېسىل تۈگەپ كەتمىگەنىدى. بۇ خەۋپ كۆرۈنۈپ كېلىدىغان ھۆكۈمەت جازاسى ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە، چۈنكى ئۇ ئۆز تەقدىرداشلىرى ئىچىدە دۈشمەنلىك بولۇپ قالغان، ئۆچ ئېلىشنى ئۇنۇتمايدىغان بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش نىيىتىدىن يېنىشمىغانىدى.

ئۇ، ئۆز قېرىنداشلىرىم دەپ تونۇغان كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلەرچە مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن جاندىنمۇ، جاھاندىنمۇ كېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ خەلق ئۈچۈن قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغانىدى.

پەرەڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى:

— كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشىنىمەن، دوستۇم، سىز مۇشۇ خەق ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلاي؟ خىزمەت قىلغاننى بىلمەيدىغان بۇ ياۋايىلارغا جان كۆيدۈرۈپ ئاۋارە بولغان مەنمۇ ئەخمەق، دەپ ئويلاۋاتىسىز. قىممەتلىك مىللىتىڭىزلارنىڭ زىيان تارتىشىدىكى بىر سەۋەبمۇ دەل مۇشۇنداق يەڭگىللىكتە. ئومۇمەن، سىلەر — تۈركىي خەلقلەر بەكمۇ قىزغىن ۋە قىزىققان خەلقسىلەر. بىر ئىشتىن ناھايىتى چاپسانلا سوۋۇيسىلەر. مەسىلەن: سىز مۇشۇ مىللەتنىڭ خىلى ئوقۇمۇشلۇق بىر ئەزاسى، كۆڭلىڭىزدە بۇ مىللەتكە خىزمەت قىلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، كېرەك تېپىلغاندا، ئۇنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئارزۇسىمۇ بار ئىدى. بىراق بىرنەچچە نادان ئادەمنىڭ ئۆزىڭىزگە مالاللىق يەتكۈزۈشى بىلەن ھەممىدىن كېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالدىڭىز. شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىۋېتىش — ئۇنىڭدىن كېچىش توغرا كەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ نادانلىقىنى نېمىشقا ئەپۇ قىلالمايسىز؟ سىلەر ھەممىشە يۇرتۋازلىق، شەخسىي ياكى تار گۇرۇھنىڭ زىددىيىتى، مەنپەئەتىنى دەپ ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتتىن كېچىسىلەر. يەنى كىچىكنى كۆرۈپ چوڭنى، يېقىننى كۆرۈپ يىراقنى كۆرمەيسىلەر. مانا بۇ زىيان تارتىشىڭلاردىكى ئاساسىي سەۋەب...

بۇ گەپلەر مۇئەللىمگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆگىنىشنى تېخىمۇ قاتتىق ئىرادە بىلەن باشلىدى. چەت ئەللىكنىڭ سۆزى ئۇنى تولىمۇ خىجىل قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە: «مەن ئەگەر نادان خەلقىمنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكى نەتىجىسىدە ھاياتىمغا خەۋپ يېتىش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن ئاغرىنمايمەن!» دەپ ۋەدە بەردى.

ئومۇ ساغلاملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن پەرەڭ بىلەن بىللە گىمناستىكا ئوينايتتى. شامالداشقا چىققاندا كۈن نۇرىغا كۆپەرەك قاقلىنىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى...

بىراق ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەۋپ ئاخىرى كەلدى.

موللا شۈكلەپ قالغاندەك، ھېلىقى ئۈچەيلەنمۇ ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن موللىنىڭ پۈتۈن تۈرمىدىكى نوپۇزى يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇ، ئاستىرتتىن مۇئەللىمگە ئوخشاش جەدىتلەرگە قارشى ئىتتىپاق ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىشتى. مەخپىيەتلىك ئوبدان ساقلاندى. موللىنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق باردى: مەھبۇسلار قۇتۇپلارغا ئايرىلغان، دىنىي، سىياسىي كۆز قاراشلار بويىچە ئىككى چوڭ قۇتۇپقا بۆلۈنگەنىدى. موللا تەرەپدارلىرى يەنە ئۆز ئىچىدىن ھەربىر يۇرت بويىچە، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلىك، سەھرالىق بويىچە پارچىلانغانىدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار جەدىتلەرگە قارشى مەقسەتتە يەنىلا پىكىر بىرلىكىگە ئىگە بولغاچقا، ئىشلىرى ياخشى يۈرۈشتى. ھېچقانداق يوچۇق ۋە بوش چىقارماستىن بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلدى. مۇشۇ ئىشلار ئىچىدە مۇئەللىمنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئىشىمۇ بار ئىدى.

بىر كۈنى شامالداشقا چىققاندا كىمـ
دۇر بىرى ھاجەتخانىدا مۇئەللىمنىڭ بېشىـ
غا ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇۋەتتى.

شامالداش ۋاقتى توشۇپ ھەممەيلەن
كامېرلارغا كىرىپ بولغاندا، ئۇنىڭ يوقلۇ-
قى مەلۇم بولۇپ، مۇھاپىزەتچى ئەسكەر-
لەر جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇنى ئىزدەشـ
تى. قېچىپ كەتتىمىكىن دەپ بەكمۇ
ئەنسىرەشتى. كېيىن ئۇ ھاجەتخانىدىن
بىھوش ھالەتتە تېپىلدى. بۇنىڭ بىلەن
ساقچىلار يېنىك تىن ئېلىشتى.

مۇئەللىم بىرنەچچە كۈنگىچە ھوشـ
سىز ۋە يېرىم ھوشسىز ياتتى. ئۇنىڭغا
پەرەڭ كۆز قۇلاق بولۇپ تۇردى. پەرەڭ
ئۇنىڭ ساق قېلىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى.
شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىر ئىلمىي خادىم
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانـ
پەرۋەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن
ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى.
ئۆزىنىڭ تامىقىدىن يېگۈزدى. پات - پات
سۇ ئىچكۈزۈپ قويدى.

ئۇ خېلى كۈنلەردىن كېيىن ھوشـ
غا كەلدى. ئەمما ئىنتايىن زەئىپ، ھالـ
سىز ئىدى. ئۇ ناھايىتى تەستە كۆچىـ
يىپ تۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىـ
رىنى مىدىرلاتتى:


— ماڭا... ئېيتىڭا... ئەپەندىم... — ئۇ
دېيى كېسىلىپ توختاپ قالدى. سۆزىنى
داۋام قىلدۇرغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى.
بىراق ئۇ تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن،
پېشانىسىگە مونچاقتەك تەر تامچىلىرىنى
پەيدا قىلىپ تۇرۇپ دېدى، — ئېيتىڭا...
ماڭا... مېنىڭ خەلقىم... خەلقىم... ئازاد
بولارمۇ؟... قاچان؟...

پەرەڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا
ئىتتىك بېشىنى بۇراپ، مۇئەللىمنىڭ نىيەتـ
لىك داستىخىنىدا بىخارامان ئولتۇرۇپ
غىزالىنىۋاتقانلارغا قارىۋالدى. بىردەمدىن
كېيىن تامىقى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك
بولۇپ تەسلىكتە ئېنگلىزچە سۆزلىدى:

— بولىدۇ... ئازاد بولىدۇ، سىزنىڭ
خەلقىڭىزمۇ ئازاد بولىدۇ...

— قاچان؟... ئېيتىڭا... قاچان؟...

— خەلقىڭىز ئاۋۇ سەللىلىك جانابنى
ئەمەس، سىزنى يوقلاپ كېلىدىغان بولغانـ
دا، ئازاد بولىدۇ... — ئۇ ھالسىز ياتقان
بىمار ئۈچۈن بۇ سۆزلىرىنى ئىزاھلاپ
داۋام قىلدى، — خەلقىڭىزگە ئازادلىقنىڭ



قەدرى ئۆتۈلۈپ، ھۆرلۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولغاندا ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن تەبىئي ھالدا كۈرەش قىلىدۇ ھەم بۇ يولدا كۈرەشكەنلەرنى يېتىم ھالدا قالدۇرمايدۇ. تۇرمىلەرگە بېرىپ جاھالەتنىڭ ھامىيلىرىنى—موللىنى ئەمەس، سىزدەك كۈرەشكۈچىلەرنى يوقلايدىغان بولىدۇ. مانا شۇ چاغدا خەلق تەڭداشسىز كۈچكە ئايلىنىدۇ، ئازادلىقمۇ شۇ چاغدا قولغا كېلىدۇ...

كېسەل رازىمەنلىك بىلەن كۆزلىرىنى يۇمدى. پەرەڭ بولسا، كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈش ئۈچۈن يانغا بۇرۇلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن مۇنۇلار كەچتى:

«مېنى پات ئارىدا ئەپۇ سوراپ قويۇپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئېنىقلىنىپ بولىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشتى. موللا ھەم تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. بىراق باشقا بىچارىلەرنىڭ جېنىسى ساق قالمايدۇ...»

ھەممە ئىش پەرەڭنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. بىراق، مۇئەللىمنىڭ تەقدىرى ھۆكۈمەتنىڭ جازا ئەترىتى تەرىپىدىن ئەمەس، ئۆز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ھەل قىلىنغانىدى: ئۇ ئاشۇ قېتىمقى تاياق زەربىسىدىن ئۆرە بولالماستىن ئۆز قاتىللىرىدىن سەل ئاۋۋال تۈرمە ئازابىدىن قۇتۇلدى. ئۇ ئۆزى ئارمان قىلىدىغان ئازادلىقنى كۆرەلمەيلا ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

كۆپ ئۆتمەي پەرەڭنى قويۇۋېتىشتى. ئۇ، مۇئەللىمنىڭ قەبرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، ئۇ يەردە بىراھازا سۈكۈتتە تۇرۇشنى ئۇنۇتمىدى. شۇ يەرلىك بىر بالىدىن مۇئەللىمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەي يەرلىككە كۆمۈۋېتىلگەنلىكىنى، موللىلار ئۇنى دىنىدىن چىققان، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى، شۇڭا جامائەتمۇ مېيىت ئۇزىتىپ قەبرىستانغا چىقالمىغانلىقىنى، پەقەت بىرنەچچە ياش يىگىت ئۇنى كۆمۈپ قويغانلىقىنى ئۇقتى. لېكىن بۇ قەبرە خېلى ئېگىز ھەم كۆركۆل قويۇپ ياسالغانىدى.

* *

شۇ كۈنلەردە موللىمۇ تۈرمىدىن چىقتى. كىشىلەر ئۇنى جەڭدىن ساق كەلگەن غازىدەك كۆرۈشۈپ باشلىرىدا كۆتۈرۈشتى. ئۇنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇ يەنە خېچىرغا مىنىپ بىر توپ جامائەتنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى، مەسچىت جامەلەردە تەرىقەتلىرىنى سۆزلەشنى داۋام قىلدى...



ئەزىزى

# «تەتۈر» تەلەي

(ھېكايە)

«مەن راستىنلا تەتۈر پېشانە
ئوخشايمەن. يىل ئۆرۈلسە يېشىم 30 غا
ئۇلىشىدۇ. ھازىرغا قەدەر بويتاقمەن.
گەرچە كىشىلەر مەن ئۇچۇن دۇنيادا
ئەڭ ئەلەملىك بولغان «بويتاق» دېگەن
بۇ سۆزنى يۈزۈمدىن-يۈزۈمگە دېمىگەن
بولسىمۇ، ئارقامدىن ھەرخىل سۆز-چۆ-
چەكلەرنى تېپىشى تۇرغان گەپ. دېمە-
سىمۇ بۇ جاھاندا ياشاپ، تىكەندەك
تەنها ئۆتۈپ كەتسەڭ، ئايدا، يىلدا
‹مەن پالانى ئاخۇننىڭ بالىسى›، ‹مەن
پالانى ئاخۇننىڭ نەۋرىسى› دەپ نام-
نەسەبىڭنى ئۆچەرمەي قەبرەڭنى يوقلاپ
تۇرىدىغان بىرەر ئىز-بالا-چاقاڭ بول-
مىسا، قانداق بولغىنى؟ بۇ زاماننىڭ قىز-
لىرى پۇل-مال، نام-ئابروي قوغلاشقاننى
ئاز دەپ، خۇددى مەن بىلەنلا قېرىشقان-
دەك ئۇچ بولۇشنى شەرت قىلىۋالىدى.
بويى بىر مېتىر 70 سانتىمېتىردىن
يۇقىرى بولۇش، ئۆزى قاملاشقان، ئاق
بولۇش، خىزمەت ئورنى ياخشى بولۇشى
كېرەكمىش. مېنىڭ بويۇم بولسا، ئاران
بىر مېتىر 67 سانتىمېتىر، چىرايىم بولسا
كۆمۈردەك قارا، ئۇنى ئاز دەپ كۆمۈر-
كاندا ئىشلەيمەن. ھەي... بۇ كېلىشمەس-
لىكلەرنى...

ماڭا لايىق چىقمىدىمۇ ئەمەس.
ساۋۇت باققالنىڭ تاماكا ساتىدىغان قىزى
روشەن پۇچۇق ئۆزىچە مەندىن ئۈمىد
كۈتۈپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. ھەر قېتىم
تاماكا ئالغىلى بارسام ماڭا چاقچاق قىلى-
دۇ. مەقسەتلىك ھالدا تاماكىنى باشقىلار-
دىن جىقراق بېرىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدا
بىر گەپ بار. گەپ قىلسام ھازىرلا ماقۇل
دېيىشى تۇرغان گەپ. بىراق ئۇنىڭ
خىزمەت ئورنى يوق. كېيىن بالىلارنى
قانداق باقىمىز؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ
بۇرنى پۇچۇق تۇرسا، دوست-ئاغىنى-
لەرنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئايالىم مۇشۇ دەپ،

قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرىمەن!
كان باشلىقىنىڭ قىزى زىننەت
ھەممىشە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كىدىيىپ
يۈرىدۇ. ئۆزىمىغۇ بولىدۇ. زىلۋا قامەت،
چىرايىمۇ يامان ئەمەس، بولۇپمۇ ئوك
كۆزىنىڭ ئاستىدىكى قارا مېڭى ناھايىتى
ياراشقان - دە. بىراق شۇنىسى، ئادەم
ياراتمايدۇ. قايسى كۈنى يولدا ئۇچراپ
قېلىۋىدى، كۆڭلۈم تارتىپ: «ياخشىمۇ-
سىز» دەپ قويسام، مېنى ياراتمىغاندەك
ئاڭلىماسقا سېلىپ، قارىماي كېتىپ باردۇ.
گەرچە ئۇ چىرايلىق، مەن سەت بولساممۇ
ئوخشاشلا ئادەم - دە. داشۆدە ئوقۇۋېتىپ-
تىمەش، ئوقۇسا ئۆزىگە ئوقۇيدۇ. تايىنى-
لىق دادىسىنىڭ كان باشلىقلىق مەرتىۋى-
سىدىن مەغرۇرلىنىدىغاندۇ؟! ھەي ئىست،
بوۋام ھازىرمۇ ھايات بولغان بولسىچۇ؟
ئۇ دېگەن چوڭ بايكەنمىش. ھېلىغۇ كان
باشلىقىكەن، خېلى - خېلى، مەن - مەن
دېگەنلەرمۇ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلارىكەندۇق.
بىراق ھازىر، زىننەت مېنى ئاتا - ئانىسى
يوق يېتىم، كەمبەغەل كۆرۈپ ياراتماي-
دۇ. ئۆز ۋاقتىدا بوۋام بىرەر كاللەك
ئالتۇنىنى بىر يەرگە كۆمۈپ قويغان
بولسىمۇ، ھازىر ئېچىۋېلىپ ساتسام، كان
باشلىقىمۇ زىننەتنى يېتىلەپ ئۆزى
ئالدىمغا كېلەتتى. چۈنكى ھازىر پۇلنى
كۆرسە كان باشلىقى ئەمەس، ئەۋلىيانىڭ-
مۇ كۆزى قىزىرىدۇ. ئۇ چاغدا مەنمۇ
كىدىيىپ تۇرۇپ: «قېنى، ئويلىنىپ
باقاي» دەپ جاۋاب بېرەتتىم. پۇل
بولغاندىن كېيىن زىننەت ئەمەس، ئاس-
ماندىكى ئاينى قولغا كەلتۈرۈشمۇ ئاسانلا
بىر ئىش بولاتتى، ئەمما ھازىر...»
ئۇ ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى
تۇشقۇزۇپ بىرنەچچە رومكا ھاراق
ئىچىۋالاتتى - دە، ھەممىشەملا يىغلىماي-
دىغان، كىرلىشىپ كەتكەن يوتقىنىغا
كىيىمى بىلەنلا كىرىپ يېتىپ، ئەنە
شۇنداق باش - ئايىغى يوق خىياللار
قايىنىمىغا غەرق بولاتتى. ھاراق ئۇنىڭ
سەزگۈ ئەزالىرىنى غىدىقلاپ قىزىتقانسېرى
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن باغچىلاردا، كىنو-
خانىلاردا بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىپ ئول-
تۇرغان قىز - يىگىتلەر بىر - بىرلەپ
ئۆتۈپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى،
يۈرىكىگە ئوت سالاتتى، شېرىن خىياللار
ئۇنى تېخىمۇ مەست قىلىپ ئاخىرى
ئۇيقۇغا ئېلىپ كېتەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ ھەر
كۈنى سۈرۈپ يادا بولۇپ كەتكەن خى-
ياللارنى كاللىسىدا بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ،
ئۆز - ئۆزى بىلەن بىردەم مۇڭداشقاندىن
كېيىن، ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ
ئۇيقۇغا كەتتى.
... ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرىنى
مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنىدا ئۇنىڭ ئىسمى
ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ پۈتكۈل
زالنى ئالقىش سادالىرى قاپلاپ كەتتى.
ئۇ سەھنىگە چىققاندا كان باشلىقى
ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:
«سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلىدىڭىز،
مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن» دېدى ھەمدە
چوڭ بىر تال قىزىلگۈلنى ئۆز قولى
بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويدى.
شۇ ھامان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى
زالنى تىترەتكۈدەك دەرىجىدە يەنە
ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. سان - ساناقسىز
كۆزلەردىن چاقنىغان شادلىق ئۇچقۇنلىرى،
مۇخبىرلارنىڭ رەسىم ئاپپاراتلىرىدىن
تارالغان كۈچلۈك نۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ

ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى. ئۇ
سەھنىدىن چۈشۈۋېتىپ ئۆزىنىڭ تازىمۇ
ئىسسىقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.
ئۇ زالدىن چىقىپ، يېقىنلا يەردىكى بىر
تۈپ سۆگەتنىڭ ئاستىغا بېرىپ ئەمدىلا
ئولتۇراي دەپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن
زىننەتنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ قالدى. شۇ ھامان ئۆتكەندە
«ياخشىمۇسىز؟» دېسە، زىننەتنىڭ قارىماي
كەتكەنلىكى يادىغا كەلدى - دە، ئۇنى
كۆرمىگەنگە سېلىپ تەتۈر قاراپ تۇرۇ-
ۋالدى. زىننەتمۇ بوش كەلمىدى. تۈي-
دۇرماي كېلىپ، پاختىدەك يۇمشاق قول-
لىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى مەھكەم
ئېتىۋالدى. ئۇ، زىننەتنىڭ قولىدىن ئۇر-
غۇپ تۇرغان قانداقتۇر ئالاھىدە سېھرىي
كۈچكە ئىگە بىر خىل ئىللىق سېزىمنىڭ
ئاۋۋال كۆزىگە، ئاندىن پۈتكۈل بەدىنىگە،
ھەتتا ھەر بىر ھۈجەيرىلىرىگە قەدەر خۇد-
دى يۇقىرى ھارارەتلىك پولات ئېرىتمە-
سىگە ئوخشاش كۆيدۈرۈپ ئېقىۋاتقانلى-
قىنى ھېس قىلىپ، چەكسىز راھەتلەندى.
بۇ راھەتلىنىشنىڭ تەسىرىدە ئۇ زىننەت-
نىڭ ئۆتكەنكى قىلغىنىنى كەچۈرۈۋەتتى.
ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا زىننەتنى
باغرىغا باستى. ئەمما شۇ ھامانلا، بىرەرسى
بىزنى كۆرۈپ تۇرغان بولمىسۇن، دېگەن
ئەندىشىدە چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى.
راست دېگەندەك ئۇلاردىن ئانچە يىراق
بولمىغان يەردە روشەن پۈچۈق ئۇلارغا
قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھالىتى تولىمۇ
مىسكىن بولۇپ، سولغۇن چىرايىدىن
نېمىگىدۇر ئازابلىنىۋاتقانلىقى ئوچۇق
بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، روشەن پۈچۈقنى
مەنسىتمىگەن ھالدا مەسخىرىلىك كۈلۈپ
قويۇپ، زىننەتنى باغرىغا تېخىمۇ مەھ-
كەم باستى. ئاخىرى ئۇ، ئارتۇقچە
بەرداشلىق بېرەلمىدى. چاپچىپ تۇرغان
ھېسسىياتى نۇقتىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ،
كالپۇكلىرىنى زىننەتنىڭ گۈل بەرگىدە
يالتىراپ تۇرغان شەبنەم تامچىسىدەك
سۈزۈك ۋە جەزبىلىك لەۋلىرىگە قاراپ
سوزدى. ئەمما ئۇنىڭ كالپۇكلىرى زىن-
نەتنىڭ لەۋلىرىگە تېگە - تەگمەستىنلا
خۇددى نەشتەر سانجىلغاندەك ئېچىشىپ
ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق
بېرەلمەي ۋارقىراپ تاشلىدى...

ئۇ ھاسىرىغىنىچە ئەتراپىغا كۆز
يۈگۈرتۈپ چىقتى. شۇندىلا ئۆزىنىڭ
كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى، باياتىنقىلار چۈشى
ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەسلىدە پاشا بولسا
كېرەك، ئۇنىڭ كالپۇكىنى چېقىپ، شېرىن
چۈشىنى بۇزغانىكەن. ئۇ قاراڭغۇدا بېشى-
نىڭ ئۈستىدە غىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن
كۆرۈنمەس بۇ دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن
ئالىيىپ قويدى.

ئۇ يوتقانىنى قايرىۋېتىپ، ياستۇققا
يۆلىنىپ ئۆرە بولدى ۋە تەرلەپ چىلىق-
چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى
ئېرىنچەكلىك بىلەن سالدى. ئۇنىڭ بىر
ئويغىنىپ كەتسىلا قايتا ئۇخلىيالمايدىغان
ئادىتى بار ئىدى. مانا ھېلىقى كاساپەت
جانىۋار بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام
قىلدى. ئۇ ياستۇقنىڭ ئاستىنى سىلاش-
تۇرۇپ، تاماكا قۇتىسى بىلەن گېزىت
قەغىزىنى تېپىپ موخوركا ئورىدى ۋە
ئۇنى شورىغاچ باياتىدىن كۆرگەن چۈش-
لىرىنى ھۇزۇر بىلەن ئەسلەپ چىقتى. ئۇ
بايىقى كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئەمەس،
رېئاللىق بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

تاھازىرغا قەدەر بۇ ئىشقا ئۆزى ئىقرار بولمىغىنى بىلەن، زىننەتنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. يۈرىكىنىڭ مۇھەببەت ئازابىدىن پۇچۇلىنۇپ ئۈنسىز نالە قىلىشلىرى ئۇنى زىننەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا شۇنچىلىك قىستىسىمۇ، ئۇ جاھىللىق بىلەن بۇنى ئىقرار قىلىشتىن باش تارتاتتى. ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. پەقەت ئۆزى بىلەن زىننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ئۆتكىلى بولمايدىغان غايەت زور بىر توساقنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى مەسلىكتە كۆرگەن باش-ئايىغى يوق چۈش كەبى غۇۋا گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

شۇنداقتىمۇ ئەگەر زىننەت ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلمىسىلا يارامىلىق ئادەم بولۇشقا، ھورۇن، بوشاڭلىقىنى تاشلاپ، باشقىلارغا ئوخشاش پاكىزە، رەتلىك يۈرۈشكە تىرىشقان بولاتتى. ئۇ، پەقەت زىننەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى يۈزىسىدىنلا شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايتتى.

توساتتىن ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنىڭ كۆلەڭگىسى غۇۋا ئەكس ئەتكەندەك بولدى. گەرچە بۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي سەزگۈ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان يۈرىكى ھېس قىلدى. بۇ كۆلەڭگە ئۇنى بىر تەرەپتىن خۇشال قىلسا، بىر تەرەپتىن، ئازابلايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئەنە شۇ خۇشاللىق بىلەن ئازاب بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ، چۈشىنىكسىز ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدىن بىرەر يول تېپىپ، ئۆز بەختى ئۈچۈن تەلەي سىناپ بېقىشقا تىرىشاتتى.

«بەلكىم زىننەت مەندىن شۇنى كۈتىدىغاندۇ، ئانامنىڭ «چۈش كەلگۈسىنىڭ بىشارىتى» دېگىنى توغرا بولسا كېرەك. ئەگەر مەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ باھالانسام، ئىش-ئىزلىرىم پۈتۈن كانىغا تارقىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ مېنى ماختاشقان سۆزلىرى، گېزىت-ژۇرناللاردىكى مەن توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەر ۋە بېسىلغان سۈرەتلىرىم بەلكىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىپ قالار. قايسىبىر ژۇرنالدىن مەيدىسىگە قىزىلگۈل تاقىغان بىر يىگىتنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن چىرايلىق قىزلارنىڭ تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر سۈرىتىنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم. گېزىت-ژۇرنال دېگەن يالغان نەرسىنى باسمايدۇ. دېمەك، مەن ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ قىزىلگۈل تاقىسام، زىننەتمۇ ئەنە شۇ سۈرەتتىكى قىزلاردەك ماڭا پەرۋانە بولىدۇ. ئۇ داشۆدە ئوقۇغان بولسا، كېيىنچە مەنمۇ ئۆگىنىپ بىرەر داشۆگە ئىمتىھان بېرەرمەن...»

دېگەندەك ئەتىسى ئۇ ئىلگىرىكى ئادىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىشقىمۇ كانغا كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ باردى. ئەمما ئىش باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەۋاتاتتى، توساتتىن بىرسىنىڭ: «ۋاگون رېلستىن چىقىپ كەتتى!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئەمدىلا ئۆزىنى دالدىغا

ئالاي دەپ تۇرۇشىغا بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ، يۇقىرى سۈرئەت بىلەن كەلگەن ۋاگون ئۇنى سوقۇپ يىقىتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. پەقەت ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى دوختۇرخانىدا كۆردى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئاپئاق داكا بىلەن ئورىۋېتىلگەن يېرىمى يوق پۇتىغا قاراپ يۈرىكى ئۆرتەنگەن ھالدا يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ بىر پۇتىدىن ئايرىلدى، ئىشقا يارىمايدۇ. ئىشقا يارىمايدىغان ئادەم قانداقمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولالىسۇن؟ دېمەك، زىننەت ئەمدى ئۇنى ياراتمايدۇ. ئۇ ھازىر بىر يۈك، ھېچكىممۇ بۇنداق ئارتۇقچە يۈكنى كۆتۈرۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ مەڭگۈ ئىگە-چاقىسىز تاشلاندۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇ ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن ياتقىنىدا سېستىرا كىرىپ بىر قىزنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئىشەنمەسلىك نەزەرى بىلەن سېستىراغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىك تەرەپكە كۆز تاشلىدى. ئەمما ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا يا خۇشال بولۇشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ئىشىكتىن بىر تور سومكىدا لىق يەل-يېمىش كۆتۈرگەن روشەن پۇچۇق خۇددى ئىلگىرىكىدەكلا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ كالپۇكلىرىنى ناھايىتى تەستە مىدىرلىتىپ، ئۆزى ئاران ئاڭلىيالىغۇدەكلا تۆۋەن ئاۋازدا «روشەن» دېگەن بولسىمۇ، ماغدۇرى يەتمىدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمىكىن «پۇچۇق» دېگەن سۆزنى دېمىدى.

ئابدۇللا ساۋۇت

# غەزەللەر

1

جېنىم دەيمۇ سېنى، يۇرتۇم، جېنىمدىن ئەتىۋا تۇرساڭ،
قەدىر-قىممەتتە قەلبىمنىڭ تۆرىدە بىباھا تۇرساڭ.

ئانا مېھرى سېنىڭ مېھرىڭ ئوتى ئالدىدا ئۆچقۇندۇر،
نە ئوتكى بۇ ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەن لاۋا تۇرساڭ.

يېنىپ ئىشقىڭدا كۆيمەسكە يۈرەكنىڭ بارمىكىن ھەددى،
مۇھەببەت گۈلشىنى ئۆزرە تۆكۈلگەن نۇر-زىيا تۇرساڭ.

تېنەپ ھەرجايدا يۈرمەسمەن يارىمنى كۆرسىتىپ يىغلاپ،
ئۆزۈڭ رەنجىم شىپاسى ھەم ئەزىز تەنگە داۋا تۇرساڭ.

راۋامۇ ئۆزگە بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىغا قۇلاق سالماق،
گۈزەللىكنىڭ مۇقامىدا ئۆزۈڭ بۇلبۇلگويا تۇرساڭ.

نېچۈككىم ياشلىقىم، ئۆمرۈم سېنىڭدىن ئىپتىخارلانماس،
ماڭا ئەركىن نەپەس بەرگەن غۇبارسىز ساپ ھاۋا تۇرساڭ.

كېرەك بولسا قاچان مەيلى سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن بىر جان،
بۇ ئوغلۇڭ جانىنى بەرمەسمۇ قەسەمگە سەن گۇۋاھ تۇرساڭ.

2

باھارىم، نەۋقىران پەسلىم — كۆكلۈك ياشلىقىم باردۇر،
چىناردەك قامىتىم-بەستىم، كۈچۈم-بەرداشلىقىم باردۇر،

ئېچىلسام گۈل بولۇپ باغدا، بېغىمغا نۇر تۆكۈپ تاڭدا،
مېنى گۈلشەندە كۈلدۈرگەن مۇرادىم ـ شادلىقىم باردۇر.

لېۋىدىن ئاققۇزۇپ زەمزەم، بولۇپ دەردكە شىپا ـ مەلھەم،
ئۈممىدۋار مۇڭدىشىم، دىلكەش ــ كۆڭۈل ئاۋاتلىقىم باردۇر.

ئېلىپ قولغا دۇتار ئاخشام چېلىپ ناخشامنى ياڭراتسام،
ئۇسسۇل جەۋلانىدا كۈلگەن چىرايلىق تاتلىقىم باردۇر.

ماڭا سۆيگۈ بەخش ئەتكەن، ۋاپادا ۋايىغا يەتكەن،
قارا كىرپىك، قارا كۆزلۈك، قەلەمدەك قاشلىقىم باردۇر.

جاپا ـ راھەتكە تەڭ ـ ئورتاق، شۇڭا ئىقبالىمىز پارلاق،
غېمىمگە غەمگۇزار دائىم، كۆڭۈلدە پاكلىقىم باردۇر.

ئېچىلغاي كۈنسېرى بەختىم، تولار شادلىققا لىق قەلبىم،
گۈزەل مەنزىلگە يول سالدۇق، يولۇمدا ئاقلىقىم باردۇر.

3

بېغىمدا سۆيگۈنىڭ يۇمران ــ يېڭى ئۆسكەن نىھالى بار،
نىھالكى، ئەۋرىشىم قامەت، زىبا بوي غۇنچە ـ تالى بار.

پېشانە ـ ماڭلىيى ئۆزرە قىلار جىلۋە قۇياش ئەكسى،
قىزىل مەڭزى ئارا ماشتەك ياراشقان دانە خالى بار.

دىسە كۆكتە يېڭى ئاينى ـ ھىلال، ئەسلا ئىشەنمەيمەن،
نىگارىنىڭ قاشلىرى ئەگمە، قارا، شۇ قاش ــ ھىلالى بار.

ھىلالى ئاستىدا تال ـ تال ئۇزۇن كىرپىك گويا ئورمان،
شۇ ئورمان ئاستىدا جۈپ كۆز ــ بۇلاق، چەشمە زىلالى بار.

يۈزىگە مەن باقا قويسام ئۇيالدى، خىلمۇ خىل گۈللەر،
تېخى شېرىن لېۋى ــ غۇنچە، ئېچىلماققا مەھالى بار.

ئەگەر تاشلاپ نىگاھ كۈلسە، تەبەسسۇم چېھرىدە ئوينىاپ،
پەرىلەرنىڭ بۇ ئالەمدە ياشاشقا نە ئامالى بار؟

يېقىملىق تاڭ ساباسىدا چېچى ئۆيىنار ئۇسسۇل لەرزان،
ئاشۇ چاچتا گۈزەللىكنىڭ يەنە مىڭلاپ مىسالى بار.

ئاشۇ يارغا ساداقەتتە تىزارمەن مەڭگۈ مىسرالار،
قەلەمنى تاشلىسام، ئاخىر بۇ قىلمىشنىڭ زاۋالى بار.

4

سەھەر، گۈلشەن ئارا بولدى مەيىن، غۇر-غۇر شامال پەيدا،
شامال ئەلچى بولۇپ ئېيتتى: «يېنىڭدا بىر ھىلال پەيدا.»

«ھىلال چىقمايتتى كۈندۈزدە، بۇ قانداق سىرى-ئەسراردۇر؟»
دېدىم كۆڭلۈمدە، بولدى بىر جاۋابسىز شۇ سوئال پەيدا.

يېنىمغا دەممۇ-دەم باقتىم تولۇپ چەكسىز ھاياجانغا،
تۇرۇپتۇ گۈل ئاراسىدا بولۇپ ساھىبجامال پەيدا.

نىگاھىم چۈشتى شۇ يارغا، ياقا تۇتتۇم، دېدىم: «تووۋا...»
گۈزەللىك ئەقلىمى ئۆززە بولۇپتۇ بىرلا خال پەيدا.

تەبەسسۇم ئەيلىدى نازىنىپ، كۈلۈپ گۈلدەك قىلىپ جەۋلان،
مۇھەببەت باغىدا بولدى يېگانە قەد-نىھال پەيدا.

نىھالكى، نەۋقىران، زىبا، ئۇنىڭ ھەر شېخىدا مىڭ گۈل،
گۈلىدىن قىپقىزىل رەڭلىك شىرىن كەۋسەرۇ بال پەيدا.

شۇ بال مەستانە-مەست قىلدى تېخى ئىچمەي تۇرۇپ تامچە،
يوقالدى ئەس-ھوشۇم، بولدى جانانىدا نە خىيال پەيدا؟

ۋاقىت ئۆتتى، كۆزۈم ئاچسام كېتىپ قاپتۇ نىگار باغدىن،
دېدىمكى: «ئىلمىدى كۆزگە، بولۇپتۇ شۇنچە ھال پەيدا.»

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دەرد-پىراقتا ئۆرتىنىپ كۆيگەچ،
پىغىرنىڭ قەددىدە بولدى تۈزەلمەس ئەگرى دال پەيدا.

5

گۈل ئىددىم؛ بۇلبۇل كەبى يورگەن چېغىڭ ئىشقىمدا مەس ئال
دەر ئىدىڭ دائىم: «نېچۈن ۋەسلىڭگە يەتمەس بولدى تەش؟»

بىر كۈنى ئېيتتىم: «مۇھەببەت قەدرىگە يەتمەي تۇرۇپ،
گۈللىرىمدىن ھېد ئېلىپ، سۆيمەكلىكىڭ ئاسان ئەمەس.

كىم جۇدالىق دەشتىدە تارتسا جۇنۇنلۇق دەردىنى،
شۇ ۋاپاسىزلىق قىلىشتىن ھەر زامان بولغاي پەخەس.

سەن ئۆزۈڭنى چىن ساداقەتتە باھادىر چاغلىساڭ،
گۈل رەقىبى—شۇم تىكەن ـ ئازغاننى خەنجەر بىرلە كەس!»

شۇ سۆزۈمنى ئاڭلىدىڭ، شۇندىن بۇيان سايەڭمۇ يوق،
يا دېدىڭمۇ بۇ سىناقنى چىڭ كۆرۈپ: «ۋاي، بولدى بەس!»

نەدىكەن تەييار ۋىسال بەزمى ئارا مېھمان بولۇش،
بولسا لەززەت شۇ: ئۇنىڭ قەدرى تېرىققا ئەرزىمەس.

بىلكى، مەنمۇ ئۆز گۈلۈم تەقدىم ئېتەرمەن بىرسىگە،
ئۇ ئەمەستۇر سەن كەبى ۋىجدانى يوق شۆھرەتپەرەس.

6

بىر قىيا باققان ئىدىڭ چۈشتى دىلىمغا ئىزتىراپ،
ئىزتىراپ، تەشۋىش شۇئان جىسمىمغىمۇ كەتتى تاراپ.

بىر بېقىش سالسا مېنى ھەسرەت ـ پىراققا مۇنچىلىك،
ئىككى باقساڭ نەقىلارمەن بولسا بۇ ھالىم خاراپ.

سەن قېقىپ كىرىپىك ئەگەر سالساڭ ماڭا ئۈچ رەت نەزەر،
يىقىلارمەن ئوق تېگىپ ياتقان كىيىكتەك يەر پۇراپ.

تۆت قېتىم باقساڭ، جېنىم سەكراتقا چۈشكەي بىر يولى،
رەھىم قىلغاي كىم ئۇ چاغ ياتسام تۆشەكتە سۇسىراپ.

بىر بېقىش—بىر ئوق ئىكەن، ئاتساڭ بەشىنچى ئوقنى سەن،
جان تالاشسام، دەل ئىكەمدىن كىم مېنى ئالغاي سوراپ.

ئالتە باقساڭ، ئالتە كۆڭلۈك بۇ جاھاندىن كۆز يۇمۇپ،
جاننى تاپشۇرسام، كېلەمسەن قويغىلى ئاققا ئوراپ؟

كۆڭگلى تۇرسا لەھەتكە يەتتە خىش قاپلاپ ئاۋۋال،
يەتتە باقساڭ، يەتتە دوزاق قاچسا كاشكى ئالدىراپ.

گەر ماڭا سەككىز بېقىپ، قەبرەمگە كەلسەڭ شەنبىدە،
ھەر بېقىش يول باشلىغاي سەككىز ئېرەم - باغقا قاراپ.

سەن بېقىپ توققۇز قېتىم، روھىمغا كۆپ قىلساڭ دۇئا،
ھۆرى - غىلمانلار ماڭا توققۇز قېتىم تۇتقاي شاراب:

ئۇن ئىگاھىڭدىن پەرىشتە ئاھ چېكىپ «كىم بۇ؟» دېسە،
«ئاشىقىم!» دەپ ئۇن قېتىم زىنھار ئاڭا بەرگىن جاۋاب.

كۆز ئۇقۇڭ ئۇن بىر قېتىم، تەگسە مازارىم خاكىغا،
ھەربىرى قىلغانغا تەڭ قەبرەمنى بىرمەررە تاۋاب.

ئۆتسىمۇ ئۇن ئىككى ئاي، تاشلا نىگاھ ئۇن ئىككى رەت،
ئاشىقىڭ روھىغا ئۇ بەرگەيكى ئۇن ئىككى ساۋاب.

7

سەھەر — تاڭ پەيتى شاد ناخشام سېنى ئويغاتسا ئۇيقۇڭدىن،
چىقىپ كەلسەڭ ئىدى باغقا تۇرۇپ شۇ ئانلا ئورنۇڭدىن.

كۆزۈڭدىن ياش مۇھەببەتنىڭ قۇياشى تۆكسە نۇر - ئاپتاپ،
چۆمۈلسەم ئىپتىخار - شادلىق، بەختكە نازۇ خۇلقۇڭدىن.

ئۇنۇتسام شۇ ھامان تارتقان جاپانى، ھىجرى سەۋدانى،
قۇيۇلسا شەپقىتىڭ چەكسىز مېھىر دەرياسى — كۆڭلۈڭدىن.

زىبا قەددىڭگە چىرماشسام گويا بىر چىڭگىلىك ئوخشاش،
قولۇم ئاجرالمىسا ھەرگىز گۈزەل، ئاق لەيلى بويۇنۇڭدىن.

مېنى مەست ئەيلىسە شېرىن لېۋىڭنىڭ شەربىتى شۇ تاپ،
يېتىلگەي ئىدرىكىم - ئەقلىم ماڭا بەخش ھېسسى - تۇيغۇڭدىن.

ۋىسالىڭ مەدھىيىگە ياڭراق ناۋادىن باشلىسام كۈينى،
سىلىنغاي تار ساتارىمغا جېنىمنىڭ رىشتى - زۇلپۇڭدىن.

له ئارمان بىر دۆمۆر شائىر سىنىڭ ۋەسلىڭگه قانماستىن،
يەنە ئۆلگەندىمۇ جىسمى لەھەتلىك ئالسا قوينۇڭدىن.

8

پىتنه تۇغمىش پىتنىلەر، بىر پىتنه بەش، ئون بولغۇسى،
ئۇلغىيىپ، ھەريان تاراپ، نەئۇنكى، ئەفزۇن① بولغۇسى.

پىتنىلەردىن تەخت ياساپ جىنلار ھۆكۈم سۈرسه ئەگەر،
ئەمرىدىن بۇ كەڭ جاھان ئىككىنچى گەردۇن بولغۇسى.

پىتنىلەر ئۇچسا ئەگەر قۇزغۇن كەبى كۆكنى بىسىپ،
شۇم ھۇقۇشلار بەختىگه كۈندۈزمۇ كەچ - تۈن بولغۇسى.

پىتنىلەرنىڭ ۋەجھىدىن زۆھرە چىكىپ ئاھۇ - پىغان،
تاھىرى دەريا ئارا دىلخەستە، مەھزۇن② بولغۇسى.

قانچه گۈل - غۇنچه، چىمەنلەر پىتنىدىن توزۇپ سولۇپ،
نى گۈزەل باغ - سەيلىگاھ چۆل - دەشتى، ۋەيلۇن②بولغۇسى.

پىتنىلەر توسسا مۇھەببەت يوللىرىنى تاغ بولۇپ،
لەيلىنى ئىزدەپ قەيس ۋەيرانە - مەجنۇن بولغۇسى.

پىتنىلەر زەھرى گويا جادۇ قولدا بال بولۇپ،
ئاشىقدىن ئالسا جان، مەشۇق دىلى خۇن بولغۇسى.

پىتنىلەر زەنجىر بولۇپ بوغقاندا ئاشىق ئەركىنى،
ھەسسىلەپ ئۆرلەپ غەزەپ گوياكى جەيخۇن بولغۇسى.

9

بولۇپ سۇبھى دىلىمنى سەن پەۋەس نۇرغا ئوراپ كەلسەڭ،
قارا سۇمبۇل چىچىڭنى تاڭ ساباسىدا تاراپ كەلسەڭ.

كۆزۈڭ بىر جۈپ قۇياش يەڭلىغ جىمى ئالەمگه باققاندا،
تىكىلسەڭ ناز - تەۋەززودا، ماڭا ئوتلۇق قاراپ كەلسەڭ.

---

① ئەفزۇن — ئارتۇق، كىچەيتىلگەن.
② مەھزۇن — غەملىك.

تەبەسسۇملۇق لېۋىڭ ئۈزرە تۆكۈلسە رەڭمۇ رەڭ غۇنچە،
ئۇنىڭ بەرگى ئاراسىدىن كۈلۈپ خۇش خۇي ماراپ كەلسەڭ.

سۆيۈملۈك سۆيگۈنى سۆيگۈ رەقىبى بولسا خار قىلماق،
ساداقەت قامچىسى بىرلە ئۇنى ھەردەم ساۋاب كەلسەڭ.

ساڭا تەييار ۋۇجۇدۇمنىڭ باھار گۈللۈك پايانداژى،
ئاياغ باسقان چېغىڭ ئەترە كەبى گۈپ - گۈپ پۇراپ كەلسەڭ.

شۇ باغدا بىر مىنۇت كۈلسەم رىزامەن، دىلرەبا، سەندىن،
تەسەددۇق بۇ جېنىم مىڭ بار ئەگەر جاننى سوراپ كەلسەڭ.

**ئابدۇللا سۇلايمان**

## سوراڭ

بەستى - قەددىمنى قىزىلگۈلدىن سوراڭ،
ئىشتىياق - مېھرىمنى بۇلبۇلدىن سوراڭ.
چىن ھاياتنىڭ مەنزىلىنى بويلىدىم،
جۈرئىتىم، سۈرئەتنى دۇلدۇلدىن سوراڭ.
بۇ ئانا تۇپراق ماڭا جاندىن ئەزىز،
ياشىماقنى بۇندا سۇمبۇلدىن سوراڭ.
كۈلىمەن تەڭ بەختىيار خەلقىم بىلەن،
دوستلۇقىمنى قىز ۋە ئوغۇلدىن سوراڭ.
قىلىمەن ئۆمرۈم بويى مېھنەت - چېلىش،
مېۋىسىن ھەر يىلقى شاخ - غولدىن سوراڭ.

**تۇراپ ھەسەن**

# غەزەللەر

## توي ھەققىدە

1

تەلمۈرۈپ ئۆتكەن يىراقتىن تويغىچە،
قەترە سۇ ئىچمەي بۇلاقتىن تويغىچە.
نە سىناش، ھەتتا كۆرۈشمەي بىر قېتىم،
كەتمىگەن گەپ - سۆز قۇلاقتىن، تويغىچە.
قىسسا كۆز يۇلتۇز قىيا، ئاي كۈلدى خۇش،
ئەمما داغ قەلبى پىراقتىن تويغىچە.
بولدى بەس، كەتسۇن قۇرۇپ بويتاقچىلىق،
كىممۇ چىققان ئىشتىياقتىن تويغىچە؟!

2

توي بۈگۈن—ۋىسالغا تالىق شەنبە توي،
غۇنچىلەر چېچەكلىگەن گۈلشەندە توي.
ئىنتىزار بۇلبۇل ئۇلاشسا گۈلگە شاد،
قىلمىسۇن قانداقمۇ ئاشىق بەندە توي؟
چوڭ - كىچىك قۇتلاپ تىلەشتۇق بەخت ساڭا،
قىلغۇسى ئۆمرۈڭنى شاش، خۇرسەندە توي.
ئاسرا، يارىڭنى شېرىن ئايدەك سۆيۈپ،
جانغا جان قوشقاي مۇبارەك دەمدە توي.

## قىزىلگۈلگە مەدھىيە

گۈل ئىچىدە گۈل بولاركەن ھەر ئىسىل گۈلدىن گۈزەل،
كۆرمىدىم ھېچبىر گۈزەلنى مەن قىزىلگۈلدىن گۈزەل.

ئاي، قۇياش، يۇلتۇز — چىمەننىڭ جەم قىلىپ زىبالىغىن،
ئىچىلار ھەر يىل باھار ئەييامى يول-يولدىن گۈزەل.

ياپرىقى كۆپكۆك دۇخاۋا، تاجىسى ياقۇت شەپەق،
غوللىرى مەجنۇن مەسەللىك تالۇ-سۇمبۇلدىن گۈزەل.

چىقمىغاچ ۋەسپىگە تەڭ ۋاپا، زىبالىق بابىدا،
ئوخشىتار ئەل ئەڭ لېۋەن قىزنى ئاڭا دىلدىن گۈزەل.

خۇشبۇيىدىن ياشىرىپ كۈلگەن يۈزەكلەر بەھوزۇر،
سۆيىدۇ ئاسراپ-ئەزىزلەپ بايلىقۇ پۇلدىن گۈزەل.

ھەر ئېچىلسا خۇددى ئاشىق قەلبىنىڭ يالقۇنىدەك،
يەرۇ ئاسمان خۇش پۇراپ يايرايدۇ بۇلبۇلدىن گۈزەل.

مەنمۇ ھويلامغا تىكىلگەن گۈلنى پەرۋىشلەۋېتىپ،
تاڭدا غۇنچەسىنى ھېچ چۈشۈرمىدىم قولدىن گۈزەل.

مەن تىلەيمەن: شۇ قىزىلگۈلدەك ئېسىل قىلساق ئىجاد،
كۆيىمىز ياقماسمۇ ئەلگە بارچە مەرغۇلدىن گۈزەل؟!

## ئىككى مۇئەممە

1

موللا تاپقاق دەيدۇ سىزنى، بۇنى ئالەمدىن تېپىڭ،
كىشى-يۇ ئىنسان ئەمەس، ئالەمدە ئادەمدىن تېپىڭ.
گۈلسۇرۇققا تەلپۈنۈپ بۇلبۇل چېكەركەن ئاھ ئۇلۇغ،
يازۇ كۈز، قىشنى قويۇپ، بۇ گۈلنى كۆكلەمدىن تېپىڭ.
يانپېشىم ئاغرىيدۇ دەيسىز، دورىسى قار لەيلىسى،
بۇ گۆھەر چەتتە ئەمەس، ئاۋغۇستتا ئۆلكەمدىن تېپىڭ.

يارغا يار، يولداشلىق سائادەت ئەپكېلەر،
دوستنى كۆن چۆشكەندە باشقا، دەردكە مەلھەمدىن تېپىلگ.
ھېچكىمشى ئالىم تۇغۇلماس، ئىزلىنىپ ئالىم بولۇر،
دىت - پاراسەتنى شارائىت ھەمدە ياردەمدىن تېپىلگ.
ئىنتىلىپ سۆيمەس كىشى ئاي، كۆننى كۆكتە دەپ پەقەت،
ئەلگە يەتكەن بەھرىنى دىيارۇ ئەزەمدىن تېپىلگ.
جۈپتى يوق جان يوق جاھاندا، پوستى يوق دەۋۇ دەرەخ،
سەت - چىرايلىقنى قويۇپ، يارنى مۇكەررەمدىن تېپىلگ.
توي، بەزىم، مەشرەپ، نەزىم — دىيارىمىزنىڭ ئادىتى،
ناخشا، مەيىنىڭ زوقىنى سەھرايى كۆلبەمدىن تېپىلگ.
بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى ھەر رادىپنىڭ ئىچىدە،
پادىشاھتىن ئىزلىمەي ھاجەتنى مەھرەمدىن تېپىلگ.
شەكلى مويسىپىت تايانغان ھاسىدەك ئىنچىكە بەل،
بېشى كاللەك، بوينى ئىلمەك، ئۇچى سەل كەمدىن تېپىلگ.
ئوتتۇز ئىككى جەگچىلىك ئالتۇن قەسىرگە دەل كىرىپ،
بۇنى ئۆلكەم، ياكى تەلكەم، ياكى كۆلكەمدىن تېپىلگ.

2

سەن - مەندە يوق، سىز - بىزدە بار، يىگىتتە يوق، گۆلقىزدا بار،
چاچ - باشتا يوق، يۈز - كۆزدە بار، پىكىردە يوق، ھەر سۆزدە بار،
ئاق سۈتتە يوق، ئوغۇزدا بار، قېتىقتا يوق، قىمىزدا بار،
ئويماندا يوق، دۆڭ - تۈزدە بار، ئېدىردا يوق، ئېگىزدە بار،
تۇپراقتا يوق، ئېتىزدا بار، تاش، قۇمدا يوق، سېغىزدا بار،
كەۋسەردە يوق، زەمزەمدە بار، ئاق سۇدا يوق، كۆك مۇزدا بار،
بۇلاقتا يوق، دەريادا يوق، ئوكياندا يوق، دېڭىزدا بار،
ئەتىردە يوق، رەيھاندا يوق، سۇمبۇلدا يوق، يالپۇزدا بار،
ئاناردا يوق، ئۈزۈمدە بار، قوغۇندا يوق، تاۋۇزدا بار،
ياپراقتا يوق، يىلتىزدا بار، مېۋىدە يوق، مېغىزدا بار،
يولۋاستا يوق، يىلپىزدا بار، بۆكەندە يوق، قۇندۇزدا بار،
ئاسماندا يوق، بۇلۇتتا يوق، ئاي كۆندە يوق، يۇلتۇزدا بار،
سەھەردە يوق، ئاخشامدا يوق، كېچىدە يوق، كۆندۈزدە بار،
ئوقيادا يوق، شەمشەردە يوق، نەيزىدە بار، بېگىزدە بار،
باتۇردا يوق، ئاجىزدا بار، ھاتەمدە يوق، چىگگىزدە بار،
چەكلىكتە يوق، چەكسىزدە بار، بەگباشتا يوق، كەپسىزدە بار،
بەردىم سوئال، ئويلاپ تېپىلگ، ھازىر جاۋاب نەق سىزدە بار.

ئوبۇلھاشىم قاسىم

## ئىككى غەزەل

بىر قاراپ ئەقلىمنى ئالدىڭ، ئىككى قارىساڭ نە بولۇر؟
يا قاراپ ئىككى ماڭا جاننى ئالساڭ نە بولۇر؟

ھەر قارىشىڭ بۇ جېنىمنىڭ قىممىتىگە تەڭ سېنىڭ،
كېتىپ قالماي بىر قاراپلا ياندا تۇرساڭ نە بولۇر؟

سەبدە گۈلدەك يۈزلىرىمنى كۆرسە ھەركىم ياش تۆكەر.
كېلىپ رەھىمىڭ، كەل جېنىم، دەپ باغرىڭنى ياقساڭ نە بولۇر؟

ئال قەدەھكە بىر مېيىمزنى، چاڭقىدىم تۇتقىن ئىچەي،
يا لېۋىڭدىن لەۋلىرىمگە بال تېمىتساڭ نە بولۇر؟

ئىشقى ئوتۇڭدا كۆيۈپ، قىينىلىپ كەتتى جېنىم،
خەنجىرىڭنى توغرىلاپ يۈرەككە ئۇرساڭ نە بولۇر؟

* *

زارىقىپ كۈتتۈم سېنى مەن، كەلمىدىڭ يارىم ئەجەب،
سېغىنىشنىڭ ئوتلىرىدا كۆيدى بۇ جانىم ئەجەب.

سەن دەقىقە بولمىساڭ، كۈلۈپ يېنىمدا تۇرمىساڭ،
بولسىمۇ يار، يوق بىلىنەر ساقلىقىم، بارىم ئەجەب.

تولغىنارمەن ئوتىتىكى قىلدەك كۆيۈپ، چاڭقاپ راسا،
رەھمە ئەيلەپ تۇت شاراب، لەۋلىرىڭ جامىم، ئەجەب.

يوق پۇشايمانىم سېنىڭ، سۆيگەچكە سېنى ياقتۇرۇپ،
ئايرىلىش سۆيگۈنى تاۋلار، بۇ ئوچۇق زارىم ئەجەب.

گۈلجامال ئۆمەر

## گۈل يۇرتىمنىڭ قىزىمەن

گۈل يۇرتىنىڭ قىزىمەن، گۈلنى سۆيۈش خىسلىتىم،
مېھنەت گۈلى قىسقاندا بولۇر قىزلىق ئىززىتىم.
ئەجدادىممۇ ئۆمرىدە ئۆتتۆپتىكەن گۈل قىسىپ،
گۈل كۆڭۈللۈك، گۈل سۆزلۈك بولمىسام نە قىممىتىم.

ئەجدادىمىنىڭ ھۈنىرى، ئۈممىدىنى چاقنىتىپ،
يۇرتىمىزدا ئوغۇل - قىز ئۈنچە - تەردىن گۈل تاقتى.
بوۋام، موما، ئاناممۇ گۈلگە بېرىپ مۇھەببەت،
كوچا، ھويلا، باغ - ۋاران، دىللاردىمۇ گۈل ئاقتى.

گۈلدە بولغاچ خۇش پۇراق، گۈلدە بولغاچ پەزىلەت،
قولى گۈلدەك ئىشچانغا تەشنا بىزنىڭ دەۋرىمىز.
ئىجادكارلار تۆھپىسى گۈلگە ئوخشاش چوغلۇنۇپ،
بار گۈزەللىك يۈز ئېچىپ، ياشنىماقتا بەختىمىز.

ئابدۇكېرىم ئابدۇمەجىت

## تاڭ بىلەن

قەلبىمگە مېھنەت سۆيگۈسى ياققاندا گۈلخان تاڭ بىلەن،
ياڭرايدۇ ناخشام ئەۋجىسى، تارقايدۇ ھەريان تاڭ بىلەن.
ماڭسام قوياشقا يۈزلىنىپ، نۇرغا بوۋاقتەك بۆلىنىپ،
جىسمىمدا پەيدا تۇغماس قۇۋۋەتۇ دەرمان تاڭ بىلەن،
ناخشامغا مەزمۇن يېڭى كۈن، گۈل بەرگىدە تۇغسە تۇگۈن،
شاخلاردا بۇلبۇل زوقلىنىپ ئوقۇيدۇ داستان تاڭ بىلەن.
قۇشلار ۋىچىرلاپ باغ ئارا، بەرسە يېقىملىق شوخ سادا،
بەرگىدە شۇدەم غۇنچىنىڭ ئۇيناىدۇ مارجان تاڭ بىلەن.
مەندەك خۇشاللىق ئىلكىدە، بىلىمنى رۇسلاپ بەيگىگە،
ئىشلەيدۇ تىنماي روھلىنىپ ھەرسەپتە ھەرجان تاڭ بىلەن.
سۆيسە شامالlar لەۋزىنى، سىپاپ جانانىدەك مەگزىنى،
دىل كۆكىدە چولپان بولۇپ چاقنايدۇ ئارمان تاڭ بىلەن.
ئۇچقاندا ئارزۇ كەپتىرىم، كۈلمەسمۇ سۆيگۈ دىلبىرىم،
ئالسام ئىجادىمدىن ھوسۇل، تىكلەنسە خامان تاڭ بىلەن.

ئەزىز سايىت

## ئىككى شېئىر

### بولسۇن مېھرىڭ قەلبىڭدە پەۋەس

كۆزلىرىڭنى تىكىپ يىراققا،
نېمانچە كۆپ سۈرىسەن خىيال؟
يۈرىكىڭنى كۆيدۈردىمۇ يا،
ئىشقى ئوتى، ئەي ساھىبجامال؟

كەتتىمۇ يار، دەپ، مەندىن يىراققا،
ئايرىلغانغا چەكمىگىن ھەسرەت.
دىلئارامىڭ قارلىق چوققىدا
تۇرار ئەلگە باغلاپ مۇھەببەت.

قوغدايدۇ ئۇ خەلقىم بەختىنى،
پۈتۈن نىيەت، ۋۇجۇدى بىلەن.
ئۇ گوياكى مەردانە بۈركۈت،
ياشار ۋىجدان غۇرۇرى بىلەن.

ساداقىتىڭ بولسا دىلىڭدا،
ئايرىلىشمۇ تۇيۇلمايدۇ تەس.
جەڭچى يارىڭ ئەقىدىسىگە
بولسۇن مېھرىڭ قەلبىڭدە پەۋەس.

## ئۇستاز

دىلىمدا ھۆرمىتى چەكسىز ئانامدەك مېھرىبان ئۇستاز،
ۋۇجۇدىدىن ئىلىم نۇرى قۇياشتەك چاقنىغان ئۇستاز.

ئىلىم - پەنگە بولۇپ ئاشىق كېچە - كۈندۈز تۆكۈپ ساپ تەر،
يۈرەك مېھرى تۈمەن دىلغا نەقىش بوپ ئورنىغان ئۇستاز.

يېڭىپ مۈشكۈل خەتەرلەرنى، قىلىپ پەرۋاز ئىلىم - پەندە،
پۈتۈن ياشلىق باھارىنى ۋەتەنگە ئاتىغان ئۇستاز.

تىلىدىن تامدۇرۇپ شەرۋەت بوغۇنلار قەلبىگە ھەردەم،
دىلى يۇمشاق، تىلى ئۆتكۈر، سۆزى بەكمۇ راۋان ئۇستاز.

سېنىڭ كەمتەر، ئۇلۇغ روھىڭ دىلىمدا گۈل چېچەك ئاچتى،
قۇۋۋەت بەرگەي سېنىڭ مېھرىڭ يۈرەكلەرگە ھامان ئۇستاز.

ئېچىپ زېھنىنى ئەۋلادنىڭ تونۇتقاچ ھەق ۋە ناھەقنى،
شۇڭا سېنى قەدىرلەيدۇ ئانا يۇرت ھەم زامان ئۇستاز.

يېتىپ مەڭگۈ كامالەتكە، قۇچۇپ ماڭساق زەپەرلەرنى،
ساڭا قايىل ئەقىل - ئىدراك، پاراسەتتە جاھان ئۇستاز.

ھەبىبۇللا رەجەپ

## ياشلىق چاغلار

ياشلىق چاغلار — ئۈمىدلىك چاغلار،
كېلەچەكنى كۆرەلەيدىغان.
ياشلىق چاغلار — قۇدرەتلىك چاغلار،
تاغنى يۈدۈپ يۈرەلەيدىغان.

ياشلىق چاغلار — بۈركۈتتەك چاغلار،
كۆكنى يېرىپ ئۇچالايدىغان.
ياشلىق چاغلار — جەڭگىۋار چاغلار،
جەڭدە زەپەر قۇچالايدىغان.

ياشلىق چاغلار — ئەق باھار چاغلار،
ئەلگە گۈللەر تۇتالايدىغان.
ياشلىق چاغلار — ئەمگەكچان چاغلار،
چۆلدە بوستان قۇرالايدىغان.

ياشلىق چاغلار — خىسلەتلىك چاغلار،
ۋەتەن - ئەلگە ھىممەتلىك چاغلار.
چىن يۈرەكتىن قەدىرلەيدىغان،
ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك چاغلار.

ئابدۇرۇسۇل سېيىت

## سەھراغا سەن كەلمىسەڭ...

ئامرىقىم، ئېسىڭدىمۇ، ئېدىر - قىردا
قوغلىشىپ ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىمىز؟
قۇچاقلاپ ئانا سەھرا تۇپرىقىنى،
ئۇچۇمداپ كۆزگە سۈرگەن چاغلىرىمىز.

سىردىشىپ ئاخشاملىرى تاڭ ئاتقىچە،
شۇندىمۇ تۈگىمەيتتى گەپلىرىمىز.
سۆرەتتۇق قانچە شېرىن خىياللارنى،
قوللاردا كىتاب بىلەن دەپتىرىمىز.

شۇ گەپنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ دەيتتىڭ:
«بىر غايە—مەقسەت ئۈچۈن ئۆرلىسەك» دەپ.
«قويىنىنى يېزىمىزنىڭ كەلگۈسىدە
رەڭگارەڭ گۈل - چېچەككە پۈركىسەك» دەپ.

سېنىڭ شۇ سۆزلىرىڭگە مەسلىكىم كېيىپ
قوزغالغان ساڭا چەكسىز ئىشتىياقىم.
شۇڭلاشقا ساڭا دىلدىن كۆيگەنىدىم،
ھېسابلاپ سېنى تاغدەك زور قاناتىم.

شۇ مەقسەت، شۇ غايىدە شۇندىن بېرى
ئىزدەندۇق، ئۆگەندۇق بىز، تىرىشتۇق بىز.
ئىلىم - پەن دېڭىزىدىن دۇرلەر سۈزۈپ،
سەھرانى بېزەش ئۈچۈن كىرىشتۇق بىز.

دىللارنى قاپلىغاندا شادلىق راسا،
سەھراغا ئەمدى قايسەن كەلمەس بولۇپ.
يۈرەكتە يىلتىز تارتقان ئارزۇلارنى
قانداقمۇ تاشلىغانسەن قويماي يۇلۇپ؟!

سەھراغا سەن كەلمىسەڭ، سەھرالىقىم،
مۇمكىنمۇ سۆز ئېچىشقا شەھەرلىكتىن؟
كەتكەنلەر كېتىۋەرسە ساڭا ئوخشاش،
ئۈممىدنى كۈتسەك بولار قەيەرلىكتىن؟

قايتىپ كەل، نېمىتىڭدىن يېنىپ، يارىم،
يولۇڭغا سەھرالىقىڭ قالدى قاراپ.
بۇرۇنقى سەن ئوينىغان چىمەنلىكنىڭ
خۇش پۇراق گۈللىرىنى تويماي پۇراپ.

قايتىپ كەل، بىرگە كۈلۈپ، بىرگە ئويناپ،
قالايلى مەڭگۈ ئىشلەپ چىمەنلىكتە.
ئورۇنلاپ ئۈمىدىنى يۇرتىمىزنىڭ،
قوش تويلار قىزىتايلى ئېرەنلىكتە.

رەيھان ئېلاجى

## ئۆلگەن مۇھەببەت

بولدى كۈلمە «يار» — كونا ئەقىدەم،
مەن ئەمدى خالى «ئەقىدە» لەردىن.
ئاز ئاق چۈشتىمۇ چېكىلىرىمگە
سەن بەرگەن خورلۇق نەسىۋىلەردىن؟!..

مەن سېنى سۆيگەن (بۇغۇ بىر ئۆتمۈش)،
كويا يۈسۈپنىڭ زۇلەيخاسىدەك.
شۇنچە سەممىي ئىدى بۇ سۆيگۈ،
زاھىدنىڭ خۇداغا ئىلتىجاسىدەك.

سەن ئاشۇ سۆيگۈنى خورلىدىڭ شۇنچە،
بەك ئەرزان بىلىندى سېنىڭ ئۈچۈن ئۇ.
«قىممەت سۆيگۈ» لەرنى قوغلىشىپ
كەتتىڭ،
ماڭا قالدۇرغىنىڭ پەقەت غەم-قايغۇ.

ئەمدى كەپسەن ئەنە چېھرىڭدە جىلۋە،
يەنىلا كۆزۈڭدە ئالدامچى بىر نۇر.

نېمىلەر ئىزلەيسەن مېنىڭدىن زادى،
مۇھەببەت ۋە ياكى بىر دەملىك ھوزۇر؟!

مەن ھەر ئىككىمىزنىڭ قەبرىگاھىمەن،
مۇھەببەت بابىدا مەن ساڭا مۇردا.
سەن ئۈچۈن قايىنغان قىزىق قانلىرىم
مۇز بولۇپ قاتقىلى نەكەم تومۇردا!...

توختىمۇھەممەت تۇردى

# شېئىرلار

## بالدۇر چۈشكەن چاچلىرىم

يۇلدى سېنى، قول ئەمەس
قەلبىمدىكى يېنىشلار.
بولدى ئاڭا ھەمنەپەس،
پىكرىمدىكى چېلىنشلار.

سىڭىپ كەتتىڭ رەڭ بىلەن
مىسرالىرىم قېتىغا.
ئاقارمايسەن،
مىندۇرۇپ —
مېنى ياشلىق ئېتىغا!

## ناخشىچىغا

شۇ غەزەلنى توۋلايتتىڭ
ئاتمىشىنچى يىلىمۇ.
جارقىرايسەن بوغۇلۇپ،
شۇ پەدىدە ھېلىمۇ.

بولدى نۇرغۇن ئۆزگىرىش،
ئۆستى تىلەك، قىزىقىش...
شۇڭا يېڭى ناخشىغا
خۇشتار خەلق دىلىمۇ.

## ھىلالئاي

ئېھ، ھىلالئاي، ھىلالئاي،
ئۇزۇۋاتقان قولۋاق ئاي.
سۇرىتىڭنى تارتىدۇ
كىيىمك كۆزلۈك لىبۇلاق، ئاي.

ئېھ، ھىلالئاي، ھىلالئاي،
ئويغاق ياتتىم، ئۇزاق، ئاي.
ئۈزۈپ كەتتى كۆڭلۈمدە
مەلەبىدىكى ئۇماق ئاي...

ئابدۇللا ياقۇپ

# شېئىرلار

## خەير خوش، نىگار

مەن كەتتىم يىراققا، خەير خوش، نىگار،
شۇ شەھلا كۆزۈڭدىن تۆكمىگىن ئۈنچە.
دىلىڭنى مەڭگۈلۈك ئىللىتسۇن باھار،
ساداقەت بېغىدا سولمىسۇن غۇنچە.

مەن كەتتىم يىراققا، خەير خوش نىگار،
ئۇزاتقىن سەن مېنى بەخت-قۇت تىلەپ.
قەددىڭنى ئەگمىگىن، ھىجران دەھشىتى-
كەلگەندە ئالدىڭغا شەمشەرنى بىلەپ.

مەن كەتتىم يىراققا، خەير خوش، نىگار،
ئۇزاتقىن سەن مېنى كۈلۈپ-شادلىنىپ.
قەلبىڭدە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد مەشئىلى
ئەبەدىي ئۆچمىسۇن يانسۇن نۇرلىنىپ.

مەن كەتتىم يىراققا، خەير خوش، نىگار،
ناخشامنى سېغىنساڭ ئاڭلا بۇلاقتىن.
كۈت مېنى،
ئاقىۋەت قۇچارمىز ۋىسال،
كېلىمەن ياد ئېتىپ سېنى ئۇزاقتىن.

## قارا، نۇرلۇق قۇياشقا

ئۇماق بالام، قارا، نۇرلۇق قۇياشقا،
كۆتۈرۈلدى قۇياش ساڭا «سالام» دەپ.
ئەركىلىتىپ باساي سېنى باغرىمغا،
«ئوخشامدىكەن قۇياش ساڭا، بالام» دەپ.

ئۇماق بالام، قارا، نۇرلۇق قۇياشقا،
ئەكس ئەتسۇن قۇياش بىر جۈپ كۆزۈڭدە.
قۇياش ساڭا قىلدى خۇش-خۇي تەبەسسۇم،
كۆرەي قۇياش كۈلكىسىنى يۈزۈڭدە.

ئۇماق بالام، قارا، نۇرلۇق قۇياشقا،
جامالىڭغا ئەلۋەك نۇرلار چېچىلسۇن،
ئېتەكلىرىڭ سۆيسۇن قۇياش لېۋىدنى،
مۇرادىڭنىڭ گۈل-غۇنچىسى ئېچىلسۇن.

ئۇماق بالام، قارا، نۇرلۇق قۇياشقا،
كۆتۈرۈلدى قۇياش ساڭا «سالام» دەپ.
سۆيەي سېنى مېھرىم بىلەن يېنىشلاپ،
«شۇ قۇياشتەك بەختى پارلاق بالام» دەپ.

## سۇ ۋە ئوت

قازاندىكى سۇغا دېدى ئوت:
«ھەيۋىتىم بار، جاسارىتىم بار.
بىلىپ قويغىن، قىزىتىپ سېنى
قايناتقۇدەك ھارارىتىم بار.»

سۇ ئېيتتىكى: «كۆيسەڭ كۆي قانچە،
قايناپ-قايناپ تېشىپ كېتىمەن.
ئاخىر سېنى ئۆچۈرۈپ تامام،
ھەيۋىتىڭنى يېسىپ كېتىمەن.»

غولام ئابدۇرېھىم

## گۈل ئوغرىسى

گويا ئاق شايىدىن تۇس ئالغان زېمىن،
ئاي نۇرى كەلگەچكە دالاغا كۆچۈپ.
يىگىتنىڭ ھېسلىرى تاپمىغاچ ئىمىن،
ئولتۇردى گۈللۈككە ئاستىلا چۆكۈپ.

ۋۇجۇدى، ئىلكىنى قىينىغاچ بىر كۈچ،
كۆزلىرى تىكىلگەن دېرىزە تامان.
ئاڭلانغان بىر كۈلكە قويمايدۇ تىنچ،
قەلبىنى ئازابقا تولدۇرۇپ ھامان.

بىلمىدى قاچاندۇر كېلىپ بىر بوۋاي،
تۇتتى ئۇ يىگىتنى دەپ گۈل ئوغرىسى.
قەلبىدە پىچىرلار: «گۈلدۇر بىر قوراي
ئەسلىدە قىزلىرى كۆڭۈل ئوغرىسى.»

ئازادجان روزى

## شادلىق


مەتبۇئاتتا چاقنىدى شېئىرىم،
شېرىن مېۋە بەردى قان - تېرىم.
ئىجادىمدىن يۈرىكىم يايراپ،
تەنلىرىمگە سىغمىدى قېنىم.

مەن مول ھوسۇل ئالغان دېھقاندەك،
شادلاندىم ھەم ۋىسال قۇچقاندەك.
شادلىقىمدىن سەزدىم ئۆزۈمنى،
قانات ياساپ كۆكتە ئۇچقاندەك.

مەندەك خۇشال ئىنسان يوق دېسەم،
مەندىن ئارتۇق شاد ئىكەن سەنەم.
ئىجادىمغا تەنتەنە قىلىپ،
لەۋلىرىمگە سۆيدى دەممۇ ـ دەم.



# ئۇ يېتىم ئەمەس



(ھېكايە)

سۇلتان ھاشىم

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. بېكەت مېھمانخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى تۇپا باسقان لامپۇچكىنىڭ ئاجىز نۇرى بېكەت هويلىسىنى، قاتار تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنى ۋە گۈللۈكنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ياتاقلارنىڭ چىراغلىرى ئۆچكەن، بولۇپ، سەپەر هاردۇقى يەتكەن يولۇچىلار تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندى. بېكەت ئالدىدىكى تاشيولدىن ئارىلاپ ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەپ ئۆتكىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

بېكەت باشلىقى غاپپار ئاكا قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ، بېكەت هويلىسىنى بىر قۇر ئارىلاپ چىقتى. ماشىنىلارنى، ئۈستىگە بېسىلغان يۈكلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ كۆزەتچى بىلەن بىر-ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپ كەينىگە ياندى. كېچىنىڭ هاۋاسى بەكمۇ سالقىن ئىدى. ئۇ گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى سېمونت ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئاكا سەرەڭگىڭىز بارمۇ؟

غاپپار ئاكا چۆچۈپ كەينىگە ئۆرۈلدى، يېنىدىلا ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى ئورىغان تاماكىسىنى بارماقلىرىغا قىسىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. غاپپار ئاكا سىنچىلاپ قاراپ ئېسىگە ئالدى، بۇ يولۇچى تېخى ھېلىراقتا بېكەت مېھمانخانىسىنىڭ ياتىقىنى تاپالماي، ئۇنىڭدىن سورىغانىدى.

— ئۇيقۇڭىز كەلمەپتۇ-دە، — دېدى ئۇ سەرەڭگىنى بېرىۋېتىپ.

— نەدىكى ئۇيقۇ دەيسىز؟ — يولۇچى تەكەللۇپسىزلا ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى، — چېكەمسىز؟

— مەيلى، چېكىپ قوياي، سەپەر قاياققا؟

— جىڭغا.

— خىزمەت بىلەنمۇ؟

— بىر قىزنى ئىزدەپ چىقتىم.

— قىز دېدىڭىزما، نېمە قىز ئۇ؟

— 14 ياشلاردىكى يېزىلىق قىز، — تۇغقانلىرى زورلاپ 50 ياشتىن ئاشقان ئىمامغا نىكاھلاپ قويماقچى بولغاندا قېچىپ كەتكەنىكەن.

— هوي، بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ — غاپپار ئاكا يولۇچىغا يۈزلەندى، — ئۆتمۈشنىڭ ئۆتمۈش دېدۇق، تاڭسىمۇ، زورلىسىمۇ چارىسىز ئىدۇق، هازىر، ئەمدى...

— شۇنى دېمەمسىز.

غاپپار ئاكا بۇ سۆھبەتكە قىزىقىپ قالدى.

— سورىغانىنىڭ ئەيىبى يوق. مالال

كەلمىسە، بىر ئاڭلىساق بولغانىكەن.

غاپپار ئاكا يولۇچىنىڭ كەڭ پېشانىسى، قاڭشالىق بۇرنى، ھەم يۇمۇلغان قېلىن لەۋلىرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. يولۇچى ئېغىر تىنىپ قويۇپ تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ سورىدى:

— سىز «شېكەر بۇلاق» تەرەپلەرگە ئۆتكەنمىدىڭىز؟

— ئېسىپ بولمىدى، لېكىن ئاڭلىغانمەن. ئۇ يەرنىڭ قوغۇنلىرى تاتلىق بولىدىكەن.

— ئۆزى كىچىككىنىلا بىر ئۆتەڭ. سۈيى ياخشىمۇ، ئەيتاۋۇر قوغۇنى تاتلىق، ئىككى ئاي بۇرۇن، مەن خىزمەت بىلەن كېتىۋېتىپ شۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدىم. تومۇز كۈنلىرى بولغاچقا ھاۋا بەكمۇ ئىسسىپ كەتكەنىدى. شوپۇر ئىككىمىز قورسىقىمىزنى تويغۇزۇۋالماقچى بولۇپ ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىردۇق. ئوتتۇرا ياشلىق، كۆرۈنۈشىدىن سودا ئىشلىرىغا پىشقانلىقى بىلىنىپلا تۇرىدىغان بىر ئايال بىزنى بەكمۇ ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالدى. بىر قىز ئوچاققا ئوت قالاپ، چىنە-قاچىلارنى يۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. تاماق پىشقىچە خوجايىن ئايالنى گەپكە سالدىم:

— يەڭگە، دۇكاننى ئۆزىڭىز يالغۇز ئاچقانمۇ؟

— ۋاي ئەپەندىم، قارنىمامدىنلا، — ئايال كىرلىشىپ كەتكەن پەرتۇقىغا قولىنى سۈرتكەچ يېنىمىزغا كەلدى، — بىتەلەي خوتۇنمەن، ئېرىم بولتۇر قازا قىلىپ كەتتى، رەھمەتلىك، ھېلىمۇ ياخشى بۇ دۇكاننى ئېچىپ قويغانىكەن، بولمىسا ئايال تۇرۇپ يالغۇز بېشىم بىلەن قانداقمۇ تىرىكچىلىك قىلالايتتىم دېسىلە. —

— ئاۋۇ قىزچۇ؟

ئۇ بىردىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ سىرلىق پىچىرلىدى:

— يېتىم قىز، شوپۇرلار بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ كەتتى. ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىللە تۇرۇۋاتىدۇ.

قىزنىڭ ئۈستىبېشى كونا، تاغاق تەگمىگەن چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، يۈز-قوللىرى ئىس ۋە كۈلدىن قارىداپ كەتكەنىدى. شۇ ئارىدا شوپۇر ئۇستام بىر قوغۇن ئېلىپ مېنى تاشقىرىدىكى لاپاس ئاستىغا چاقىردى، بىز قوغۇننى يەپ ئولتۇرغىنىمىزدا ھېلىقى قىز يېنىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى:

— ئاكا، مېنى ماشىناڭلارغا سېلىۋالامسىلەر، ئۈرۈمچىگە باراتتىم؟ — دېدى ئۇ يىلىنغان ھالەتتە.

مەن قوغۇندىن بىر تىلىم سۇنۇۋېتىپ سورىدىم:

— ئۈرۈمچىدە كىمىڭىز بار؟

— ھېچكىمىم، بىرسىگە بالا بولىمەن، بالا باقىمەن.

— ئاۋۇ ئاشپەز خوتۇنغا بالا بوپسىزغۇ.

— ياق-ياق، بالا بولمىدىم، ئۇ خوتۇندىن بەك قورقىمەن، مېنى ھېچنەگە ئەۋەتمەيمەن، دەيدۇ.

ئاسماقچىلاپ سوراپ قىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يېتىملىقىغا كۆزۈم يەتتى. مېنىڭ پەرزەنتىم يوق ئىدى. ئايىلىم ئىككىمىز ئۆزۈمىزدىن بىرى بىرەر بالا بېقىۋېلىش ئارزۇسىدا ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇنداق چەت ياقىدىكى ئۆتەڭدە، ئىگە-چاقىسىز بىر قىزنىڭ كۈتمىگەن پېشكەللىكلەرگە ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالىنى يوق دېيىشكە

بولمايتتى. ئاخىرى بىر قارارغا كەلدىم، قىز مېنىڭ تەلىپىمگە خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى. ئۇنى يېتىلەپ ئاشخانىغا كىردىم.

— يەڭگە، — دېدىم مەن ماڭا گۇمان بىلەن قاراپ تۇرغان ئاشپەز خوتۇنغا، — بۇ قىز ماڭا بالا بولۇشقا رازى بولدى، مانا سىزگە تېگىشلىك پۇل، قىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىدۇ. قايتىشىمدا ئېلىپ كېتىمەن.

مەن تەڭلىگەن پۇل ئاشپەز خوتۇننىڭ ھەر قانداق تەرسالىقىغا چەك قويالاتتى. ئېھتىمال بۇ قىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈكتۇر، دېگەندەك ئايالنىڭ سۆرۈن چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— ئىنساپلىرىغا رەھمەت، ئۇكام. بۇ دۇنيادا يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغاندىن ئارتۇق ساۋاب بارمۇ؟ ياخشىلىقىڭىزنى بەندە بىلمىسە خۇدا بىلىدۇ، خۇدايىم بىرىڭىزنى ئون، ئونىڭىزنى مىڭ قىلار. ئۆزىڭىزغۇ پېشانىسى ئىسسىققىنا قىز ئىكەن، پۇتىڭىزغا پۇت، قولىڭىزغا قول بولار، ئىلاھىم...

بۇ نۆۋەت ئىشىم بەش - ئالتە كۈندىلا پۈتتى. قايتىپ «شېكەر بۇلاق» تا توختىدۇق، ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئاشخانىغا قاراپ ماڭدىم. ئاشپەز خوتۇن كېلىۋاتقىنىمنى كۆرگەن چېغى ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ، كىمنىدۇر تىللاپ، قاخشاپ ئالدىمغا چىقتى:

— ۋاي، مەن نېمە دەرمەن، ۋاي شەرمەندە، قايسى يۈزۈم بىلەن قارارمەن؟ ھوي ياخشىلىقنى بىلمىگەن جۇۋاينىمەك. قارىسىلا ئەپەندىم، بۇ يېتىم ئوغلاق ئۈچ كۈن بولدى ئاقتىمۇ يوق - كۆكتىمۇ يوق. ئاڭلىسام، ياشقىنا بىر شوپۇر بالا بىلەن كېتىپتۇدەك. تۈز كور بولارسەن ئىلاھىم! چىرايىدىنمۇ شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. مۇشتۇمدەك تۇرۇپ يۈزى ئېچىلىپ كەتكەن پاسكىنا ئىكەن ئەمەسمۇ؟ سىلى بەرگەن پۇلغا كىيىم قىلىپ بەرگەنىدىم، ئۈستىگە ئارتىپتۇ، قېچىپتۇ.

ئايال زارلىناتتى، روھىم چۈشۈپ كەتتى. كىچىككىنە بىر قىزنىڭ يامان يولغا كىرىپ كەتكەنلىكى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

— نىمانچىۋالا ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىسىز، — دېدى شوپۇر ھەمراھىم، — خاتىرجەم بولۇڭ، سىزدەك، مەندەك نەچچىنى كولدۇرلىتىپ، تۆگمەننىڭ كولىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان نېمىلەر ئۇ.

«شېكەر بۇلاق» نىڭ قوغۇنىمۇ تېتىمىدى. شوپۇر كۈننىڭ ئىسسىقى يانغىچە دەم ئېلىۋالماقچى بولۇپ سايە ئىزدەپ كەتتى. مەندە نەدىكى ئۇيقۇ دەيسىز؟ كىچىككىنە ئۆتەڭنى ئايلىنىپ ماڭدىم.

— بۇ ئۆتەڭ قانچىلىك چوڭ دەيسىز؟ بىر ۋارقىرىسىڭىز ھەممە ئۆيدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك بىر جاي. شۇنداق مېڭىپ، ئۇنىڭ چېتىگە چىقىپ قالدىم. يەنە نەگە بېرىشىمنى بىلمەي ئىككىلىنىپ ئېرىق بويىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتىم. قۇلىقىمغا قاياقتىندۇر بىرسىنىڭ نالىسى ئاڭلانغاندەك قىلدى، قۇلاق سالدىم، راستىنلا بىر قىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ، ئۆپ - چۆرەمگە دىققەت بىلەن قاراپ چىقتىم. مەندىن 50 قەدەمچە نېرىدا ئەتراپى قاشالانغان، ئالدى كاۋا بىلەراڭلىرى بىلەن قاپلانغان كۆرۈمسىزگىنە بىر ئۆي كۆزۈمگە چېلىقتى. ئاۋاز شۇ ياقتىن كېلىۋاتاتتى. مەن قاشانىڭ يېنىغا كەلدىم،

ئاۋاز تېخىمۇ ئېنىقراق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— زۇۋانىڭنى ئۈچەر دەيمەن... جېنىڭنى...

— قويىۋەت، ئادەم با...

ئاۋاز بوغۇلۇپ قالدى. يامان بىر ئىشنىڭ يۈرىكىنى سېزىپ قاشادىن سەكرەپ ھويلىغا چۈشتۈم - دە، تېپىرلىغان، تاراقلىغان ئاۋاز چىقىۋاتقان ئۆيگە يېتىپ كىردىم. ئۇرۇق ھەم ئېگىز بويلۇق، ئىنچىكە بۇرۇت قويىۋالغان بىرسى كىچىككىنە بىر قىزنى تامغا نىقتاپ، ئاغزىنى ئېتىۋالغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپمۇ قىزنى قويىۋەتمىدى. قىز بولسا نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ، بوشىنىۋېلىش ئۈچۈن يۇلقۇناتتى.

— نېمە بار ساڭا بۇ يەردە؟ — دېدى ئەر قوپاللىق بىلەن.

— ئۇۋال ئەمەسمۇ بېچارىگە؟ — دېدىم ئۇنىڭ قوپاللىقىنى ئېغىر ئالماسلىققا تىرىشىپ.

— چاتىقىڭ نېمە، ئۆزەڭنىڭ ئايلى!

ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا قىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قولىنى بوشىتىۋېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ تىۋىلنىۋەتتى:

— ئاكا، مەن دىلەيسا، مېنى قۇتقۇزۇڭ!

تونۇدۇم، ئۇ دىلەيسا ئىدى. ئاشپەز خوتۇننىڭ يالغان ئېيتقانلىقى ماڭا ئايان بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئېتىلدىم.

ئەر يېنىدىن پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە يەنە بىر قولىدا دىلەيسانى چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ ماڭا خىرىس قىلدى.

— جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا ئۆيدىن چىق. بولمىسا ئۈچەي - قارنىڭنى تۆكۈۋېتىمەن.

ئارقامغا ئىككى قەدەم چېكىنىپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدىم:

— ئۇنى ياخشىلىقچە قويىۋەت!



— قويىۋەت؟! سەن نېمىدىڭ شۇ؟ چىي؟ ئۆيدىن چىق!

— ھەي نامەرت، ئۇ تېخى كىچىككىنىلا بالا تۇرسا، نومۇس قىلمامسەن؟!

دىلەيسا ئاغرىق دەستىدىن تولغىنىپ زارلىناتتى.

— ۋاي چېچىم!... ئاكا بۇ ھېلىقى ئاشپەز خوتۇننىڭ ئىنىسى، سىلەرنى كۆرۈپ مېنى ئۆيگە سولىۋالغان... ۋاي!...

مۇنداق ئۇكچەكلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن. يىگىتلىك چاغلىرىمدا ھېچكىمگە بوزەك بولمايدىغان، بوزەك قىلىدىغانلارنى كۆرسەم قېنىم قىزىپ تۇرالمايدىغان مىجەزىم بار ئىدى. بۇنداق چاغدا تەمكىن، چاققان بولۇش كېرەك، بىرىنچى زەربە جايىدا بولسىلا يېڭىش شۇنىڭ بىلەندىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا ئۆزۈمنى بوشاشقان قىلىپ كۆرسىتىپ، چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا كۈچەپ پەشۋا ئاتتىم. پىچاق ئىگىندۇر ئۇچۇپ چۈشتى. شۇندىلا ئۇ دىلەيسانىڭ چېچىدىن قولىنى بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. بىز بىر قە-

پەز ئېتىشتۇق، ئاخىرى ئۇ ئاشىنىمغا چۈنـ
شۈپ قالدى ...

ــ ئاكا، مەن ناماقۇل، ــ دېدى ئۇ بىـ
چارىلارچە كۆزۈمگە تەلمۈرۈپ. لۆكچەكلەر
ئۈچۈن بۇ گەپ ئۆزىنى يەر قىلغان بىلەن
باراۋەر. ئەمدىكى ئۇرۇشۇم نامەرتلىك بولـ
لاتتى. ياقىسىدىن سىقىپ دەس تۇرغۇزدۇم.

ــ ھەي، نائەھلى! ــ دېدىم قولۇمنى
بوشىتىپ، ــ ئۇنى ئۆيگە سولىۋېلىپ نېمە
قىلماقچى ئىدىڭ ـ ھە؟

ئۇ، يەرگە قاراپ غۇدۇڭشىدى:

ــ ئۇرۇمچىنى ئايلىنىپ كەلسەم ئاچام
بۇ قىزنى كۆرسەتتى، ھېچنېمىسى يوق ئىـ
كەن، خوتۇن قىلىۋال، دېدى. قولۇمدا خوتـ
تۇن توختىمايدۇ، ئويلىسام، چىقىمىمۇ كەتـ
مەيدىكەن، مەيلى دېدىم. قارىساق، سىلەر
كېلىۋاتىسلەر. ئاڭغىچە بۇ يەرگە ...

دىلەيسا شوپۇرنى باشلاپ كەپتۇ. ئارـ
قىدىنلا ھېلىقى ئاشپەز خوتۇن ئۆڭكى ئۆچـ
كەن ھالدا ۋالاقلاپ كىرىپ كەلدى ـ دە،
ئىنىسىنى بىر ـ ئىككى كاچات ئۇرۇۋېتىپ يىغا
سالدى:

ــ ھۇ پەيلى يامان ئىپلاس، قىزنىڭ
ئىگىسى بار دېسەم ئۇنىمىدىڭ، خوپ بولـ
دى. ئەپەندىم، خاپا بولمىسىلا، ئازماس ئاللا
دەپتىكەن، ئەمدى بىر...

ئۇنىڭ ۋالاقلاشلىرىنى قوپاللىق بىلەن
بۆلىۋەتتىم:

ــ ئۇستاتلىقىڭىزنى قويۇڭ ئاچا، سا-
مانىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان خوتۇن
ئىكەنسىز، شۇنداقمۇ ئادەم بولامدۇ؟

شوپۇر ئىككىمىز دىلەيسانى يېتىلەپ
چىقىپ كەتتۇق. مانا شۇ چاغدا بۇ بىچارە
قىزنى بىرگە باغلاپ قويغان تەقدىردىن ئىـ
چىمدە بەكمۇ خۇش بولدۇم. بولمىسا، ئۇيـ
لاپ بېقىڭ، مۇنداق چەت بىر جايدا باش
پاناھسىز بىر قىزنىڭ، ھېلىقى ئادەم قېلىپىـ
دىن چىقىپ كەتكەن نېمىلەرنىڭ قولىدا
قانداق كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىنى ئويلىسىمۇ
كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايدۇ ئەمەسمۇ!

ماشىنىغا ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىمىزغا
ھېلىقى لۆكچەك يەنە يېنىمىزغا كەلدى.

ــ سىلەرنى رەنجىتىپ قويدۇم ئاكىـ
لار، ــ دېدى سىمىرىلىپ چۈشۈرۈلگەن بېشىنى
سىلاپ تۇرۇپ، تۇرقىدىن خىجالەت بولغانـ
دەك قىلاتتى، ــ ئەسكىلىك قېنىمغا سىڭىپ
كەتكەن بولسىمۇ، مەرت ئادەملەرنى كۆرـ
سەم كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ. سىلەرنى بىر
مېھمان قىلغۇم بار ئىدى، خەير، سەپەر
ئۈستى بولۇپ قالدى. ئىسمىم جۇمە، جۇمە
قالاق دېسە تونۇمايدىغىنى ئاز. ئامان بوـ
لۇڭلار، يەنە ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولساق
قولۇم كۆكسۈمدە.

ــ رەھمەت، ــ دېدىم كاپىنكىدىن بېـ
شىمنى چىقىرىپ، ــ مېنىڭمۇ ياخشى كۆڭلۈمـ
نى بىلىپ قوي. ھالال ياشا. لاغايلاپ يۈرـ
گىچە كۈچۈڭنى خار قىلىپ بىرەر ئىشنىڭ
بېشىنى تۇت.

شۇنىڭ بىلەن «شىكەر بۇلاق» تىن
يۈرۈپ كەتتۇق.

ــ ھەي ئەتتەڭ، ــ دېدى غاپپار ئاكا
بېشىنى چايقاپ، ــ ھېلىقى خوتۇننى تازا
بىر چۆچۈتۈپ قويسىڭىز بولغانىكەن.

ــ سەپەر ئۈستىدە ئۇنداق قىلىشنى
لايىق تاپمىدىم. ھەممىدىن مۇھىمى، دىلەيـ
سانىڭ تېپىلغىنىغا خۇش بولدۇق.

ــ شۇنداق، شۇنداق. بالىنىڭ تېپىلـ
غىنى مۇھىم بولماي ـ زە ...

سالقىن شامال چىقىشقا باشلىدى. گۈل
يوپۇرماقلىرى كېچە جىمجىتلىقىدا مۈگدىـ

شەۋاتقاندەك شىتىرلايتتى، گۈللۈكتىن كې-
شىنى مەس قىلغۇدەك خۇش پۇراق تارقى-
لاتتى. غاپپار ئاكا تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ:

— ئاچچىقراقىدىن چېكىشمەيمىز مۇ؟ — دەپ قۇتىنى ئورۇندۇققا قويدى.

ئىككىسى ئوراپ چېكىشتى.

— شۇنداق قىلىپ ئۆيگە كەلدۇق، — دېدى يولۇچى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئايىلىمغا ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بىر قىز بېقىۋېلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن خۇشال بولدى. دىلەيسا چېچەن قىز ئىكەن، بىر ھەپتە ئىچىدىلا خۇددى مۇشۇ ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك ئۆزلىشىپ كەتتى. ئۈستى-بېشىنى يېڭىلىۋىدۇق، ئوماقىسىنە بىر قىز بولۇپ قالدى. بىز ئۇنى مۇشۇ يىلى ئوقۇش باشلىنىشى بىلەنلا مەكتەپكە بەرمەكچى بولۇپ كېلىشىۋالدۇق.

دىلەيسا ئۆزى يالغۇز كوچىغا چىقىشنى زادىلا خالىمايتتى. يېنىدا بىرىمىز بولساق ئاندىن ئايلىنىپ كېلىشكە ماقۇل بولاتتى.

بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئىدارىنىڭ ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ، يېرىم يولدا ئۆيگە بىر يولۇقۇپ باقايچۇ، دېدىم. ئايىلىممۇ خىزمەتكە كەتكەنىدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگىنىمدە ئۆي ئىچىدىن ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تورۇپ قالدىم.

— بىر ئەرنىڭ ئەمرىدە بولغان ئايالنىڭ قېچىشى چوڭ گۇناھ، مۇنداق ئايال قىيامەتتە دوزىقى بولىدۇ. ئەر يېرىم خۇدا، ئەرنىڭ خىزمىتىدە ھازىر بولۇش ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئاجىزەسىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. مەن سىزنى ئېلىپ كېتەي، قارىمىنىڭ خىزمىتىنى قىلىڭ، گۇناھىڭىزدىن ئۆتۈشىنى تىلەڭ. ئاتا-ئانا، تۇغقانلىرىڭىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىڭ.

— بارمايمەن، مېنىڭ داداممۇ، ئاناممۇ يوق... — بۇ دىلەيسانىڭ ئاۋازى ئىدى. يات كىشىنىڭ گەپلىرى مېنى ھەيرانلىققا سالغان بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇپ قولاق سېلىپ تۇرۇۋەردىم.

— بەس! ناشۈكۈرلۈك قىلماڭ، مۇسۇلمان قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇماڭ.

— مەن ھېچكىمنىڭ قىزى ئەمەس، سىلىنى تونۇمايمەن.

— ئۇياتسىز، دىنىنى ئۇنتۇغان كاپىر، نىكاھىڭنى ئوقۇغان ئادەمنىمۇ تونۇماسسەن؟!

ئۆي ئىچى ئۆرپۈر-تۆپۈر بولدى، نېمىدۇر تاراقلاپ ئۆرۈلدى. ئاندىن ئەر كىشىنىڭ ۋاي-ۋايلاپ ئىنجىقلىغىنى، ئېغىر ھاسىرىغىنى ئاڭلاندى، مەن ئەمدى تاقەت قىلالماستىن ئۆيگە كىردىم ۋە بوسۇغىدىلا قولىنى پۇۋ-پۇۋلەپ ئېڭىشىپ تۇرغان ئادەمگە ئۇرۇلۇپ كېتىشكە تاسلا قالدىم. تۆر تەرەپتە ئۈستەلنى ئۆزىگە پانا قىلىپ، قېچىشقا تەييار تۇرغان ھالەتتە دىلەيسا تۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ماڭا ئاتتى. ھېلىقى كىشى بولسا قاتتىق چۆچۈگىنىدىن قورقۇپ كەينىگە داجىدى.

— خوش، تەقسىر، بۇ نېمە گەپ؟ — دېدىم موللا سۈپەت بۇ ئادەمگە قاراپ.

ئوتتۇرا بوي، خام سېمىز، چېبەرقۇتتىن ئۇزۇن يالاڭ تون كىيگەن بۇ ئادەم بارمىقىدىن تەپچىپ چىققان قاننى ئالدىراپ شورتۇۋېتىپ، چاپىنىنىڭ ئالدىنى تارتىشتۇرۇپ تۈزىدى، سىڭايان بولۇپ قالغان مايلىشاڭغۇ دوپپىسىنى رۇسلىدى،

تامىقىنى قىردى. ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم، سالاپەتلىك تۇتۇشقا قانچە تىرىشسىمۇ، پۈتۈن ئەزايىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى يوشۇرالمايتتى.

— بىرونىڭ قېچىپ كەتكەن ھالال خوتۇنىنى ئېلىپ كەتمەكچىمەن! — ئۇ، بۇ سۆزنى تەنتەنە ۋە تەھدىت ئاھاڭىدا ئېيتتى.

دىلەيساغا چىقىپ كېتىڭ دەپ باش ئىشارىسى قىلدىم.

— بىر نارەسىدەنىڭ ئالدىدا شۇنداق گەپنى قىلىشقا ئۇيالماسسىز؟ — دېدىم دىلەيسا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زەردە بىلەن.

— باشقىلارنىڭ نىكاھىدىكى ئايالنى ئۆيىڭىزدە ساقلاشقا سىزمۇ ئۇيالمامسىز؟ — دېدى ئۇمۇ ماڭا تاقابىل تۇرماقچى بولۇپ.

غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭ سېمىز بويىندىن سىقىپ قاتتىق سىلكىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتتۇم. شۇنداق قىلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ يەردە دىلەيسامۇ بىردىن يوشۇرغان بىر سىر بولۇپ، ئۇنىڭ يىپ ئۇچىنى مۇنۇ ئالدىمدا تۇرغان كىشىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدىغاندەك قىلاتتى.

— سىز كىم بولىسىز، قاياقتىن كېلىسىز؟

ئۇ قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئۆزىنى غالىپلارچە تۇتتى ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسىمەن، دىلەيساخان بىلەن بىر يەرلىك.

— دىلەيساخاننىڭ ئاتا - ئانىسى بارمۇ؟

— بار، ئەلۋەتتە.

— نىكاھلانغان دېدىڭىز، — كىمگە؟

— يېزىمىزنىڭ ئۆلىماسى مۆيىدىن قارىغا نىكاھلانغانىدى. توي ئۈستىدە پېقىرمۇ بار. لېكىن بۇ قىز ئەخلاقسىزلىق قىلىپ توي ئاخشىمى قېچىپ كەتكەن.

— ئاتا - ئانىسى بۇ تويغا رازى بولۇشقانمىدى؟

— ئىنشائاللا، رازىلىق بىلەن بولغان.

— دىلەيساخانمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرگەنمۇ؟

— پەرزەنت ئۈچۈن ئاتا - ئانىدىن ئۇلۇغ ھېچنەرسە يوق. ئاتا - ئانا رازىلىقى پەرزەنت رازىلىقى دېمەكلىكتۇر. ھۆكۈمەتمۇ قىزىل قەغەز پۈتۈپ بەرگەن.

— مۆيىدىن قارى قانچە ياشتا، نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— تېخى ياش، ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان مۆتىۋەر بىر زات، مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى، تىبابەتچىلىكتىمۇ كارامەتتى بولۇپ، ساقايماس كېسەللەرگە شىپالىق بېرىپ، كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلماقتا.

— ئۇنداقتا سىزچۇ تەخسىر، مۆيىدىن قارىنىڭ نېمىسى بولىسىز؟

— بىز ... بىز ھەم قارىمغا قول بەرگەن مۇرىتلىرىدىن بولىمىز.

— دىلەيساخاننى ئىزدەپ تېپىش سىزگە تاپشۇرۇلغانمۇ؟

— يوغسۇ ئەپەندىم. ھەر قانداق بىر ئىنساپلىق مۇسۇلمان بەندىسى مۇنداق قاچقۇن، بىسەدەپنى ئۇچرىتىپ قالسا ئېلىپ كەتمەكنى زۆرۈر تاپىدۇ.

— پەرزەنتلىرىڭىز بارمۇ، تەقسىر؟

— ئاللاغا مىڭ شۈكرى، بار، ئەلۋەتتە.

— ئەگەر 13 - 14 ياشلىق قىزىڭىز بولسا، ئۇنىڭ رايىغا قارىمايلا ئۆز رازىلى-

قىڭىز بىلەن مۆيدىن قارىدەك 50 - ياشلىق ئىخلاسمەن پىرىڭىزغا ئىنكاھلاپ بېرىشكە ماقۇل بولارمىدىڭىز؟

— بۇ... بۇ... ئەمدى، شۇ چاغدا...

— تىلىڭىزغا پۇتلىشىپ قالدىڭىزغۇ تەقسىر؟

— ....

— خوپ، بولدى، سىز ئۆزىڭىزنى ئىنسابلىق مۇسۇلمانمەن دېدىڭىز، بۇنىڭغا مەن ئىشىنەي ھەم دىلەيساخاننى سىزگە قوشۇپ قوياي. ئەمما مەن دىلەيساخاننى ئېلىپ كەلگەندە ساقچى ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىپ قويغانىدىم. ئىككىمىز ساقچىغا بارايلى، سىز ئۆز سۆزىڭىزنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈڭ ھەم قىزنى ئېلىپ كېتىڭ، مەنمۇ خاتىرجەم بولاي، قانداق، شۇنداق قىلىمىزمۇ؟

ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە چۆچۈش، قورقۇش ئەكس ئەتتى، زورىغا سالاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان سېمىز گەۋدىسى تۈگۈلدى...

— بىر ئاللانىڭ مۆمىن بەندىسى، دېدىڭىز. ئەجەب 50 ياشلىق قارىينىڭ ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قاپتىغۇ، قېنى ئۇ ئۇلۇغ زاتىڭىزنىڭ ئىنساپ، سىلەردە ئاغزىڭلاردىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈرگەن ئەھلى مۇسۇلمانچىلىقتىن زەررىچە تېپىلامدۇ زادى؟ قېتىراپ يۈرۈپ بىرولارغا غالچىلىق قىلىشتىن، ساددا ئادەملەرنى تورىڭلارغا ئىلىندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل بىلەن ئۆزۈڭلەرنى سەمرىتىشنى ئويلاشتىن باشقا توغرا، ھالال ئىش قىلىش قولۇڭلاردىن كېلەمدۇ، ھۆرمەتلىك تەخسىر؟ — غەزەپ بىلەن ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ ئالانى كۆرسەتتىم، — يوقال كۆزۈمدىن! ئەگەر مۇشۇ ئەترابتا قارىڭنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام دۇنياغا تۇغۇلۇپ قالغىنىڭغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىمەن!...

ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان غاپپار ئاكا ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى.

— بەللى - بەللى، تازا باپلاپسىز. گەپنى ئۆزىنىڭ قىز پەرزەنتى ئۈستىگە تاقاپ قويغىنىڭىزدا دۇدۇقلاپ قالدى دەڭ. ھەممىنى بىلىشىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ شۇنىڭ تەتۈرىنى قىلىشىدۇ. «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما»... — دېگەن ماقال بىكار چىقمىغان - دە. ياخشى قىلىپسىز. خوش، بىر چۈشىنىكسىز يېرى بار، دىلەيسا قىز راستىنلا ئىنكاھلىق بولغانمىكەن؟

يولۇچى ئېغىر بىر تىنىپ قويدى.

— ئەكىلىڭا سەرەڭگىڭىزنى، تاماكام ئۆچۈپ قالغانمۇ نېمە؟

سەرەڭگە يېنىپ - ئۆچتى، يولۇچى تاماكىسىنى ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم شورىدى.

— شۇنداق، شۇنداقراق بىر ئىش بولغانىكەن. دىلەيسانى ئېلىپ كېلىۋاتقىنىمدىلا، مەندە ئۇنىڭ يېتىممەن دېگىنىگە بىر ئاز گۇمان پەيدا بولغانىدى. چۈنكى بۇ ھەقتە گەپ سورىساملا جاۋابتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنغاندەك قىلاتتى، غەمكىنلىك يوشۇرۇنغان كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. سىزگە دېدىم. ئۇنى زورلاپمۇ تالاغا چىقىرالمايتتۇق. بۇ مەندە يەنە بىر گۇماننى پەيدا قىلغانىدى. بەلكىم ئۇ، ئۆزىگە تونۇش بىرەرسىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن قورققان بولۇشى مۇمكىن. «دۆڭكۆۋرۈك» نى بىلىسىز، بىزنىڭ ئۆي نەق شۇ يەردىكى تار كوچىنىڭ ئىچىدە.

ئىشىكتىن چىقسىلا بازار، ئادەم قاينايدىغان بىر جاي. ھېلىقى مۇتەھەممۇ تاپاۋەت قىلغاچ ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالغان ۋە ئىشىكتىن دىلەيسانى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆيىگە كىرىپتۇ. نەتىجىدە، ھېلىقىدەك ئىش يۈز بەرگەنىكەن.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئايىلىم ئىككىمىز دىلەيسادىن ئەھۋالنى سورۇشتۇردۇق. سورۇشتۇرمەيمۇ بولمايتتى. ھېلىقى مۇتەھەمنىڭ ئاغزىدىن دىلەيسانىڭ يېتىم ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، توي بولۇۋاتقاندا قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغانىدى. ئىككىمىز دىلەيسانى بەزلىدۇق، نەسىھەت قىلدۇق. مەيلى قانداق بىر ئىش بولسۇن ئۇنىڭغا ئۆزىمىز ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈردۇق. دىلەيسا بىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان ئەقىدىمىزنى بىلگۈچىلىكى بار قىز ئىدى. بىچارە، ئاخىرى ھۆڭ-ھۆڭ يىغلىغان ھالدا بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ ئۆز دادىسى ئىشچان، مۆمىن ئادەم ئىكەن. ئۇ بىر ئىش بىلەن گۇگچېغا تراكتورلۇق كېتىۋاتقىنىدا، تراكتور ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ قازا قىلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا دىلەيسا تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئىكەن. ياش ئانا ئېرىنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى بىلەن ئاي-كۈنى توشماي تۇغۇپتۇ. نورمالسىز تۇغۇت ئانىنى كېسەلگە گىرىپتار قىلغان بولسا، تۇرمۇش قايغۇسى، قولى قىسقىلىق ئۇنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. يېزىدىكىلەرنىڭ ئانچە-مۇنچە قىلغان ياردەملىرى (بۇ چاغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ) بېقىش تاپماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ياش ئانىنى ئۆرە قىلالماپ-

تۇ... دىلەيسانىڭ ھازىرقى ئانىسى ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ ئاچىسى ئىكەن. بۇ خوتۇن ئىككى ياشقا توشمىغان دىلەيسانى ئۇنىڭ ئىگىسىز قالغان ئىككى ئېغىز ئۆيى، چاققانغىنە قورو، مېۋىلىك بېغىغا كۆز تىكىپلا ئۆيىگە ئەكىلىۋاپتۇ. دىلەيساغا دادا بولۇۋالغان كىشى بولسا، چاشقانغا كېپەك ئالغۇزمايدىغان پىخسىق، ئىمام-مەزىنىنىڭ بېقىندىن نېرى بولمايدىغان تاماخور ئادەم ئىكەن، دىلەيسا 13 ياشقا كىرگەندە ئۇ ئادەم «قىز بالىغا كۆپ ئوقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، خەت تونۇسىلا بولدى» دەپ ئۇنى مەكتەپكە ئەۋەتمەپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا دىلەيسانى بۇ قورودىن پاتىراق چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى مەھەللىسىنىڭ ئىمامى، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان مۆيدىن قارىيغا نىكاھ ئوقۇتۇپتۇ. بۇ توي شۇنداق سىر تۇتۇلغانكى، ئەتە توي دېگەن ۋاقىتقىچىلىك ھېچكىم ئۇنى بىلمەپتۇ. ئامالسىز قالغان قىز توي كۈنى قىز كۆچۈرۈش ۋاقتىدا قېچىپ كېتىپ، بىر شوپۇرنىڭ ماشىنىسىدا «شېكەر بۇلاق»قا كەلگەنىكەن. مۆيدىن قارىينىڭ ئۇ يېزىدا پەيدا بولۇپ قالغىنىغا بىر يىلچە بولغانىكەن. كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئانچە چۈشۈپ كەتمەيدىغان، ئۆزىنى كىچىك پېئىل تۇتىدىغان بۇ ئادەم كۆپ ئۆتمەيلا مەسچىتنىڭ ئىمامى بوپتۇ. يېزىدىكىلەر بۇ توغرىلىق «كۈچلۈك موللا»، «دىنىي ئىلىمدابىرنىڭ بۇ يەردە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق» ، «ئەۋلىيادەك ئادەم» دېيىشىپ تەرىپىنى قىلىشىدىكەن. بۇ «ئەۋلىيا» دەك ئادەم تېۋىپلىقمۇ قىلارمىش. ئۇ ئوقۇپ دەم سېلىپ قويغان ھەر قانداق ئېغىر كېسەللەرمۇ ساقىيىپ كېتەرمىش.

شۇڭا ھەر قانداق تۇي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق ئىشلىرى، مېھماندارچىلىقلار مۆيدىن قارىيىسىز بولمايدىغان بوپتۇ. يۇرۇش-تۇرۇشى سالماقلىشىپ، تەكەببۇرلىشىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى ھىمايىسىز كىچىككىنە بىر قىزغا چۈشۈپتۇ... مەسچىت جامائىتىدىكى بەزىلەر، يېزىغا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان بۇ «ئەۋلىيا» غا ئارتۇقچە بېرىلگەنلىكتىن، قانداقلا بولمىسۇن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكەن ۋە ئۆيلەپ قويساق يېزىمىزغا باغلىنىپ ھېچيەرگە كېتەلمەيدۇ، دېگەن يەرگە كېلىشكەن. جامائەتمۇ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل تېپىپ، مۇنداق «ساۋابلىق» ئىش ئۈچۈن پۇل يىغىش قىلىشىپ بېرىدىغان بولۇشقان، تېپىلغان لايىق دىلەيسا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆگەي ئاتا-ئانىسى ئۆزلىرىگە سۇنۇلغان بىر يېرىم مىڭ يۈەن پۇلنى كۆرۈپلا ماقۇل بولغان، نىكاھ قەغىزى كېسىدىغان كادىرمۇ ئۆزلىرىگە چۈشلۇق نەپتىن بەھرىمەن بولۇپتۇ...

غاپپار ئاكا ئېغىر خورسىندى.

— ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن كۆڭلىڭىزنى. ھە، قېنى، ئاخىرى نېمە بولدى ئەمدى؟

يولۇچى ئېڭىكىنى تۇتۇپ گۈللۈكتىن كۆزىنى ئۈزمەي جىم بولۇپ قالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، داۋامىنى سۆزلەش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنىڭ دىلەيساغا بولغان كۆيۈمىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى، ئۇنىڭ تارتقان جەبرى-زۇلمى يۈرىكىمىزنى ئەزدى. مەن چىداپ تۇرالماي شۇ ئاخشىملا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قاتتىق ئەيىبلەپ خەت يازدىم (ئەلۋەتتە ئادرېسىمىزنى يازمىدىم). بىز دىلەيسانى ئىمكان قەدەر خۇش قىلىشقا تىرىشاتتۇق. ئۆتكەن ئىشلارنى بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنتۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدۇق. شۇنىڭدىن تۆت-بەش كۈن ئۆتتىغۇ دەيمەن، مەن ئىش بىلەن تۇرپانغا كەتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن كەچتە قايتىپ كەلسەم، ئايىلىم روھىي چۈشكۈن ھالدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۆيدە دىلەيسا كۆرۈنمەيتتى. سورىسام، شۇ كۈنى چۈشتىن بېرى دىلەيسانىڭ يوقلۇقىنى، خىزمەتكىمۇ بارماي ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. بېشىم ئايلىنىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ئويلاپ بېقىڭ، مەن بۇ قىز ئۈچۈن پۈتۈن بىر يېزىنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىشىم كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئايىلىمدىن ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ ھېلىقى ئانىسىغا خەت يازغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدىلا قىزنىڭ چىرايى ئۆزگەرگەنىكەن، ماڭا ھەممە ئىش ئايان بولدى. دىلەيسا بىزنىڭ ۋەدىمىزدە تۇرماي خەت يازغانلىقىمىزدىن ئەنسىرەپ قالغان، ئۆزىنىڭ يەنە شۇ يېزىغا بېرىپ قېلىشىدىن، مۆيدىن قارىينىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورققان.

ئايىلىم ئۆزىنىڭ ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىقىدىن ئازابلىناتتى. دىلەيسانىڭ باللارچە خىيال بىلەن ئۆيدىن كېتىپ قېلىشى مېنىڭ ئوي-پىكىرىمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى.

تونۇش-بىلىشلىرىم ئارقىلىق تەرەپ-تەرەپلەرگە خەۋەر قىلىۋەتتىم. رەسىمگە چۈشۈرۈش ئېسىمىزگە كەلمىگەنىكەن، بول-

مىسا گېزىتكىمۇ يازغان بولاتتىم. ئەنە شۇنداق ساراسىمىگە چۈشكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى «شېكەر بۇلاق» سەپىرىدىكى شوپۇر ھەمراھىم كىرىپ كەلدى. ئىككىمىز دىلەيسانى ئېلىپ كەلگەندىن بېرى كۆرۈشمىگەنىدۇق. قىسقىلا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك سورىدى:

— دىلەيسا قېنى؟

— قوشنىلارنىڭكىگە چىقتى، كېتىۋىدى...

— سىزگە ئاجايىپ بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. دىلەيسانىڭ بىر يۇرتلۇقى بىلەن ياتاقتا تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ھەممە ئىشتىن ئوبدان خەۋىرى بار ئىكەن.

دىلەيسانىڭ يېزىسىدا جىگەرلىك: بىر ئايال مۇئەللىم بار ئوخشايدۇ. ئۇ چېپىپ يۈرۈپ، ناھىيىدىكى مۇھىم ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يېزىغا رەھبەرلەر كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەپتۇ.

— بۇرۇنراق شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. خوش، ھېلىقى قارىي زادى قانداق ئىمىكەن-ھە؟

— يۇرتلۇقىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مۇتىھەم مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا دىۋانىچىلىق قىلغانىكەن. دىۋانىچىلىق قىلغاندىمۇ ئادەتتىكى دىۋانىلەردەك بەرگەنگە رازى بولۇپ، ئىشىك ئالدىدىنلا كېتىدىغانلىرىدىن بولماي، ئالاھىدە بىر سالاپەت بىلەن ئۆيگە كىرىپ قىرائەت قىلىدىكەن. ئاندىن كىشىنىڭ تەغدىرىدىن بىشارەت بېرىدىغان سىرلىق گەپلەردىن سۆز ئېچىپ، دۇئا-تەكبىر قىلىپ، كۆزىگە ياخشى كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى تىلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىكەن. تاپقان نەرسىلىرى بىلەن كېچىلىرى كەيپى-ساپا قىلىپ، قىمار ئوينايدىكەن، بىر قېتىم قىمار ئۈستىدە قولغا چۈشۈپ بىر يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ كېتىلگەنىكەن.

— قىپقىزىل ئالدامچى ئىكەن-دە، خۇنپەر. ئايالى يوقمىكەن؟

— خوتۇنپەرەس ئىمىكەن. سەككىز-ئون قېتىم ئۆيلەنگەنىنىڭ گېپى بار.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە كونا كەسپىنى تېپىپتۇ. تەر چىقارماي قورساق بېقىشقا ئۆگىنىپ قالغان-دە، ھارامتاماق، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلماي، كەيپى-ساپاغا تېخىمۇ بېرىلىپ، نەشە ئېلىپ-سېتىپتۇ. يەنە قىمار ئۈستىدە ماجىرا چىقىرىپ، تاۋكادىكىلەردىن بىرىنى قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپتۇ ۋە نەق مەيداندا قولغا ئېلىنىپتۇ. بۇ قېتىم كونا-يېڭىلىرىنىڭ ھەممىسى ھېسابلىنىپ بەش يىللىق كېسىلىپتۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان ياقا يۇرتلاردا «موللا» تونىنى كىيىپ جان بېقىپ يۈرۈپتۇ.

چەتئېرىق دېگەن يېزا ئۇنىڭغا تازا باپ كەپتۇ. قارىسا، بۇ يېزا ھەممىدىن چەتتە، ئادەملىرى ساددا، ئاق كۆڭۈل، لېكىن ئۆلۈكنى قاردا كۆمگىلى بولمىغاندەك، موللا تونىمۇ ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى يوشۇرۇپ قالالماپتۇ. ناھىيىدىكى ساقچىلارمۇ تەكشۈرۈشكە ماسلىشىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ يېزىغا كەپتۇ. چوڭ يىغىن ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئاشكارىلاپ، قولغا كويزا سېپتۇ-دە، ئېلىپ كېتىپتۇ...

كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ خۇشال قىلىدى-

غان بۇ خەۋەر، مېنىڭ ئويچان، ئەنسىزلىك يوشۇرۇنغان كەيپىياتىمنى ئۆزگەرتىپ كېتەلمىدى. مېنىڭدىن كۆڭۈلگە ياردىشا گەپ كۈتكەن شوپۇر ھالىتىمدىن تەئەججۈپلىنىپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى. يوشۇرۇپ نېمە قىلىمەن، يوشۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ! مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم. شوپۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— بالا، قىلغان ئىشى چالا، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — يېزىدا تارتقان كۈنلىرى يۈرىكىگە تازىمۇ قاتتىق تەگكەنكەندە. خەت يازغىنىڭىزنى بىلىپ، مېنى ئاپىرىپ بېرىدىغان، ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇدە، بىچارە!

شوپۇرمۇ ماڭا ئىزدىشىپ بېرىدىغان بولدى. ئالدىنقى كۈنى مەن جىگدىكى تونۇشلىرىمنىڭ بىرسىدىن خەۋەر ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، بىز ئېيتقان بەلگىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قىز ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە ئىشلەپ يۈرگۈدەك. ئىدارىگە دەپ دىلەيسانىڭ خەۋىرىنى ئوقۇپ كېلىدىغان بولۇپ يولغا چىقتىم. شۇ قىز دىلەيسا بولۇپ قالسا تەلىيىم، بولمىسا باشقا ياقلاردىن ئىزدەيمەن، ئەمما سىزگە ئېيتاي، تاپماي قويمايمەن.

يولۇچى ئېغىر خورسىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. جىگدىكى ھېلىقى قىز دىلەيسا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئىدى. غاپپار ئاكا بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق بىلدۈرەتتى. شۇڭا ياخشى گەپ بىلەن كۆڭلىنى ئېلىشنى ئىستىدى:

— روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، ئۇ قىز بەلكىم دىلەيسا بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ بولمىسىمۇ، مەن دىلەيسانىڭ تېپىلىشىغا چوقۇم ئىشىنىمەن. ھەممىلا ئادەم جۇمە قالاق ئەمەس، ياخشى ئادەملەر كۆپ...

يولۇچى ئۈنچىقمىدى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق، جىمجىتلىق ئۆز ھۆكمىگە ئالغان بولۇپ، ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن كۆزەتچىنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن باشقا تىرىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. يېقىنلا بىر يەردىن باش توخۇنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى. كېچە جىملىقىنى يېرىپ چىققان بۇ ئىنچىكە، زىل ئاۋاز كىشىگە شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلاتتى.

— يېرىم كېچە بولۇپ كېتىپتۇ-ھە؟ — دېدى غاپپار ئاكا قوللىرىنى ياييايلا كېرىلىپ قويۇپ، — چارچاپ كەتكىنىڭىزدە سىزنى گەپكە تۇتۇۋېلىپ ئۇيقۇدىن قويدۇممۇ نېمە؟

— ئۇيقۇسىزلىقىمۇ كۆنۈپ قالدىم.

بىر ماشىنا كېلىپ دەرۋازا ئالدىدا توختىدى-دە، سىگنال بەردى. كۆزەتچى دەرۋازىنى ئاچماي نېمدۇر دېدى. شوپۇرمۇ كەتمەي تۇرۇۋالدى.

غاپپار ئاكا ئورنىدىن تۇردى:

— ياتاقتۇ توشۇپ قېلىۋىدى، قېنى، بىر ئامالى بولۇپ قالار. قوزغالماڭ، مەن سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىمەن، بولدى ئەمدى...

ماشىنا چىرىغىنىڭ كۈچلۈك يورۇقى گۈللۈكنى يورۇتۇپ ئۆتتى.

غاپپار ئاكىنىڭ چاقىرغىنى ئاڭلاندى:

— ھاي... ئەستاغپۇرۇللا، ئىسمىڭىز نېمە ئىدى؟ ئىككى-ئۈچ سائەتتىن بېرى پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز، تېخىچە ئىسمىلىرىمىزنى بىلىشمەيمىز.

يولۇچى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ قىسقىلا قىلىپ دېدى:

— يۈسۈپجان.

— قېنى، يۈرۈڭ يۈسۈپجان، بىرمۇ ئارام ئالىلى.

ئۇلار مېھمانخانا ئالدىدىكى يورۇقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىز ۋارقىرىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ توختاپ قېلىشتى.

— شۇ... شۇنىڭ ئۆزى... يۈسۈپجان ئاكا! — ئېگىز بىر گەۋدە ئالدىراپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى، — تونۇمىدىڭىزما؟ بۇ مەن، ھېلىقى «شېكەر بۇلاق» تىكى جۇمە مەن.

— ھوي، جۇمە قالاقمۇ سەن؟ — يۈسۈپجان ئۇنى تونۇپ قىزغىن كۆرۈشتى، — سالامەتمۇ سەن، ماۋۇ ئۇچرىشىشنى قارا، بۇ تەرەپلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— تىرىكچىلىك. سىزگە دېگەنىدىمغۇ، بىر جايدا تۇرالمايدىغان لېۋىمكى يوق قالاقمەن دەپ. راستىلا بۇ ئاجايىپ ئۇچرىشىش بولىدىغان بولدى، مەن سىزگە...

ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرالمىدى. ئېنىك چېكە، تىترەك ئارىلاش چىققان نازۇك بىر ئاۋاز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئاكا، يۈسۈپجان ئاكا!

يولۇچى داڭقېتىپ قالدى. ئەنە شۇ زىل ئاۋاز ئىگىسى ئۇنى قانچە-قانچە كېچىلەر ئېچىنىش، ئازاب، تەشۋىش ئىچىگە سۆرەپ ئۇيقۇسىز قالدۇرغان ئەمەسمىدى! ئۇ ئەنە شۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار ئىدىغۇ؟

ئۇچقاندەك كېلىپ تاشلانغان كىچىككىنە گەۋدە ئۇنىڭ بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ ئالمىغان بولسا، يۈسۈپجانغا بۇ ئىشلار خۇددى چۈشىدە كۆرگەندەك بىلىنمەك-تە ئىدى.

— دىلەيسا! — يۈسۈپجان ئۆزىگە كېلىپ ئەرلەرگە خاس كۈچلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇ دىلەيسانى باغرىغا باستى. دىلەيسانىڭ ئۆزىنى تۇتالماي ئىچ-ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان يىغىسى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ قالغان غاپپار ئاكىنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىگە ياش ئەگىدى.

— ھەي قالاق! — دېدى غاپپار ئاكىغا ئوخشاش ھېچنېمىنى چۈشەنمەي بىر چەتتە تۇرغان شوپۇر، — بۇ نېمە گەپ، بىز ئىزدەپ ماڭغان ئادەم مۇشۇمۇ-يا؟

— نەق ئۆزى. خۇدايا توۋا، تىنىڭتىلىك دۇرۇس بولسا ئىشەكمۇ ئوڭغا تارتىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن-دە. ئويلىمىغان، كۈتمىگەن يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى قارىغىنا.

غاپپار ئاكا بىر نېمىنى پەملىگەندەك سورىدى:

— سىز ھېلىقى «شېكەر بۇلاق» تىكى جۇمە قالاق... خاپا بولماڭ ئۇكام، جۇمە بولامسىز؟

جۇمە كۈلۈۋەتتى:

— قالاقمەنلا، خېزىر قويمىدۇ، دېگەن گەپ بار. قالاقنى قورقماي قوشۇۋېرىڭ ئاكا. ئۆزۈممۇ ئۆگىنىپ كەتتىم. ئاغىنىلىرىم مېنى ئىسمىمدىن ئەمەس لەقىمىمدىن تونۇيدۇ.

— ماڭا قاراڭ ئۇكام، بۇ قىزنى بىلەمسىز، قانداق ئۇچرىشىپ قالدىڭىز؟

— جېنىڭدا، جەڭدە ئۇچرىشىپ قالدىم. كوچىدا مېنى كۆرۈپ قېلىپلا ۋابادىنى قاچقاندەك قاچتى، بۇ قىزنى خېلى بىر

تۈزۈك ئادەملەر ئېلىپ كېتىۋىدى، بۇ يەردە نېمىش قىلىدىغاندۇر، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. كەينىدىن ماڭسام، ماڭا تونۇش بىر بوۋاينىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بوۋاي بىلەن سۆزلەشتىم، بوۋايمۇ بۇ قىزنىڭ ھالىدىن خەۋەردار ئىكەن. ئۆزۈمنىڭ قىلغان ئەسكىلىكىمنى ئويلاپ، كىچىككىنە بىر قىزنىڭ يۇرتمۇ - يۇرت سەرسان بولۇپ يۈرگىنىگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. مەن بوۋاي بىلەن ئەھۋاللاشتىم، ئىككىمىز ئۇنىڭ يۇسۇپجان ئاكامنىڭ ئۆيىدىن گەپ - سۆز قىلماي كەتكىنىنى توغرا تاپمىدۇق، دىلەيسامۇ پۇشايماندا ئىكەن، يۇسۇپجان ئاكامنى ئاغرىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. بوۋاي ئارقىلىق قىزنى يوقلاپ تۇردۇم. ئاۋۋال مېنىڭدىن قورقۇپ يۈردى، كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قالدى، يۇسۇپجان ئاكاملارنىڭكىگە ئاپىرىپ قويايمۇ، دېسەم، ماقۇل دېدى. قېرىشقاندەك يولدا ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىپ كەچ قالدۇق، بۇ يەردە سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمىز دەپ كىم ئويلىغان دەيسىلەر؟ خۇدايا توۋا، ئاجايىپ بىر ئىشتە بۇ. يۇسۇپجان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— رەھمەت جۇمە، كۆپ رەھمەت ساڭا. بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن ئۇكا. ياخشىلىق ئىزدەيدىغان ئادەملەر كۆپ بىزدە. مانا قارىغىنا، دىلەيسا يېتىم ئەمەس، كىم ئۇنى يېتىم دېيەلەيدۇ، قېنى دەپباققىنا؟

بۇ ئۇچرىشىشتىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتكەن غاپپار ئاكا ھەممە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ تەكلىپ قىلدى:

— بۈگۈن ھەممىڭلار مەن ئۈچۈن ئەزىز مېھمان، قېنى، ئۆيگە بارايلى، قالغان گەپ - سۆزلىرىمىزنى شۇ يەردە قىلىشايلى. قېنى مەرھەمەت...

(بېشى 66 - بەتتە)

ئويلىدىڭلىما؟

— مەن ھەممىنى ئويلىدىم، سەن ئامالسىز مۇشۇنداق قىلىۋاتىسەنغۇ. مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن. يۈر كېتەيلى. مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا يېتىم بالىمەن.

چوكان خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ داد - پەرياد كۆتۈرۈۋاتقاندا بىردىنلا ئانىسىغا ئۇچراپ قالغان سەبىي بالىدەك غۇلچىنى يېيىپ بىپاقچىنىڭ بوينىغا ئەسەبىيلەرچە ئېسىلىپ شۇنچىلىك قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىكى، پەقەت مەست بولغاندىلا يىغلاپ مەستلىكىدىن يېشىلگەندە يىغلىغىنىدىن تېنىۋالىدىغان ساقچىمۇ يىغلىتىۋەتتى. ئۇ بوغۇلۇپ تۇرۇپ مۇنۇ سۆزنى تەكرارلىدى:

— ساناقسىز ئەرلەر مېنى ئالىمەن دەپ يالغان سۆزلىگەن. بۈگۈن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر ئەرنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئالاي دېگىنىنى ئاڭلىدىم. مەن كېچە - كۈندۈز خۇدادىن تىلىگەن، ئەمما ئۆمرۈمدە بۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن. ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم. ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتىمەن. پەشلىرىدە ناماز ئوقۇپ جان بېرىمەن.

— ياق، بىر تېخى ياش. خۇدا سالامەت قىلسا يېگىلىشىشتىن ياشايمىز. تۇرمۇشىمىزنى يېڭىلايمىز...

ھەر ئىككىسى تىنىقى توختاپ قالغاندەك جىمىپ قېلىشتى. كېيىن قولتۇقلىشىپ يىراقتىكى يورۇق چوك يولغا قاراپ كېتىشتى.

ئەختەم ئۆمەر

# يۇلتۇزسىز كېچە

(ھېكايە)

1

— بۇزۇق دېگەننىڭغۇ يۈزى چەمدەك قىلىن بولىدۇ، ئەمما سەندەك ئايالدىن جاھاندا يەنە بىرسى تېپىلماس. قېنى، ئاشۇ خالتا كوچىدىن نەچچە قېتىم تۇتۇلغانلىقىڭنى ھېسابلاپ باقە؟ — دېدى ساقچى يىرگىنىش ھەم مەسخىرە ئاھاڭدا. ئۇ ئاغزىدىن تاماكىنىڭ ئىسىنى ھالقا چىقىرىپ، بىگىز بارمىقىنى شىرەگە چېكىپ تۇرۇپ سۆزلەشنى ئادەت قىلغانىدى. يۈز - كۆزلىرىنى تازا كېلىشتۈرۈپ پەدازلىغان چوكان ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ يەنە تەتۈر قارىۋالدى. چوكان ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئىتتىكلا بوينىنى بۇراپ ساقچىغا ئالايدى:

— ئىوھۇش خوجام، سىلىنىڭ قارا كۆزلىرى دائىم مېنىلا كۆرىدۇ. خالتا كوچىدىكى دەرەخنىڭ سانىنى ئېلىپ باقسىلا، دەرەخ قانچە بولسا مەندەكتىن شۇنچىسى بار. مېنىڭ قانچە قېتىم تۇتۇلغانلىقىمنى ئۆزلىرى ھېسابلىۋالسىلا.

ساقچى كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۈنسىز ئولتۇردى، چۈنكى بۇ يېڭى گەپ ئەمەس ئىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن سېنى خالتا كوچىدا يەنە ئۇچرىتىپ قالىدىغان بولسام، ئاقىۋىتىڭ بۇنداق ئوبدان بولىۋەرمەيدۇ. ماڭە، چىقىپ كەت. كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولما!

— سىلىنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنۈشتىن خۇدا ساقلىسۇن. سىلىنىڭ كۆزلىرىگە چېلىققان كىشىنى نەس باسىدۇ.

— تولا كاپشىماي كۆزۈمدىن يوقال... لالما قانجىق!... — ساقچىنىڭ قولىقى غوڭۇلداپ كەتتى.

— ماقۇل خوجام، سائىتى كەلگەندە خۇدايىم كۆڭۈللىرىگە ئىنساپ بېرە...

ئالتۇن بويلىرىنى ئامان - ئېسەن قىلغاي...
ھەﮪ ... ھەﮪ ... ھەﮪ ... ھا ... ھا ... ھا ...

چوكان ھەم ۋالاقلىغان ھەم قاقاقلاپ
كۆلگىنىچە قارا رومىلىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ
ئايناقلاپ چىقىپ كەتتى.

ساقچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ،
پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. كېيىن بىردىنلا
قوشۇمىسى تۈرۈلدى. «تـوۋا دەيمەن، —
دەپ پىچىرلىدى ساقچى، — شۇنداق رەس-
ۋالارچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپمۇ غەم -
ئەندىشىسىز يۈرۈۋېرىدىغان چوكانكەنغۇ
بۇ.» ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۇنىڭ
كۆڭلىدە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن نەپرەتنىڭ
ئارىلاشمىسىغا ئوخشاش بىر تۇيغۇ پەيدا
بولغانىدى.

## 2

بۇ شەھەردە ئادەملەر ناھايىتى كەم-
دىن - كەم ئاياغ باسىدىغان خىلۋەت بىر
قاراڭغۇ كوچا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى
تەرىپىنى بۈككىدە ئەرمىدۇن، تېرەك، مەج-
نۇنتال، ياۋا گىلاس دەرەخلىرى قاپلىغانى-
دى. بۇ يەر ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئارام-
گاھى ئىدى. قىز - يىگىتلەر ئاتايىتەن
مۇشۇ يەرگە مۇڭداشقىلى كېلىشەتتى. بۇ
يەرگە كېلىدىغانلار ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى
تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كوچا چىراغ-
لىرىنى ئەتەي بۇزۇپ تاشلىشاتتى. چىراغ-
لار يېڭىلانسا يەنە بۇزۇلاتتى. شۇڭا بۇ
كوچا يىل بويى چىراغسىز، سىياھدەك قا-
راڭغۇ بولاتتى. ئاينىڭ يورۇقىنىمۇ قويۇق
دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى توسىۋالاتتى.
دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىدىن چۈشۈپ تۇر-
غان خىرە - شىرە يورۇقلۇقتا دەرەخ ئۆل-
لىرىغا يۆلىنىپ قويۇلغان ۋېلسىپىتلەر ۋە
ئاق كىيىملەر غىل - پال كۆزگە چېلىقىپ
قالاتتى. ئەتراپتىن يېقىملىق كۈلكە، شې-
رىن سۆزلەر، نازلىق ئەركىلەشلەر ئاڭلى-
نىپ قالاتتى. بۇنداق ئىشلار كىنو باشلى-
نىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتا تازا
ئەۋجىگە چىقاتتى. كىنو ئاخىرلاشقان ھا-
مان، قىزلار كىنودىن ياندىغان كىشىلەر قا-
تارىدا ئۆيلىرىگە قايتىشاتتى. لېكىن بۇ-
يەردە تاڭ ئاتقۇزىدىغانلارمۇ بار ئىدى.
ئۇلار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ داۋاملىق جې-
دەل - ماجىرا چىقىرىپ تۇراتتى. بۇ قاراڭ-
غۇ كوچا گەرچە شەھەرنىڭ چېتىدە بول-
سىمۇ، بۇ يەردىن ئاڭلىنىدىغان قىقاس -
چۇقانلار شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىم ئۇيقۇ-
سىنى ھارام قىلاتتى. شۇڭا بۇ خالتا كو-
چىدىن ساقچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.
بىرگە تونۇش بولغان ھېلىقى ساقچى يەنە
بىر ياش ھەمراھى بىلەن ھەردائىم مۇشۇ
كوچىدا ۋەزىپە ئۆتەيتتى. ئەمما ئۇ ۋەزىپە
ئۆتەشكە چىقىش ئالدىدا ياش ساقچىنىڭ
كىندىكىگە مۇشتۇمى بىلەن نىختاپ قويۇپ:
«ھەي، سەن ياش ئەمەسمۇ، خوتۇنۇڭ كې-
چىدە يالغۇز يېتىپ قارا بېسىپ قالمىسۇن،
ماڭ، ئۆيۈڭگە بار. مەن ئۆزۈممۇ يېتىد-
شەلەيمەن» دەيتتى. ياش ساقچى گەدى-
نىنى تاتىلاپ ھىجىيىپ تۇرۇپ: «باشلىق-
لار بىلىپ قالسا چاتاق قىلارمىكىن ئاكا،
سىز بىلەن بىللە باراي جۇمۇ» دەيتتى.
ئۇ ياش ساقچىغا: «بولدى، خاتىرجەم
ھالدا خوتۇنۇڭنىڭ قۇچىقىغا كىرىۋەر. باش-
لىققا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دەيتتى.
ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنداق كالتە

سۆھبەتلەر دائىم بولۇپ تۇراتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ توخۇ گۆشى بازىرىغا بېرىپ، توخۇنىڭ ئىككى پاچىقى بىلەن بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقىنى قورسىقىغا قاچىلاپ، ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئىشخانىسىدىكى دىۋاندا يېتىپ ئۇخلىدى. ئەلياتقۇ مەھەلى بولغاندا ئورنىدىن قوپتى. ئالدىرىماي كىيىنىپ، يۈزىنى يۇدى. قول چىرىغىنى يانچۇقىغا سېلىپ موتوسىكىلىتىغا مىندى. موتوسىكىلىتىنىڭ ئاۋازى خىلۋەت قاراڭغۇ كوچىغا جان كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ موتوسىكىلىتنى ئاستىلىتىپ ئوڭغۇل - دوڭغۇل شېغىل يولدا يىغىلىپ قالغان پاسكىنا سۇنى چاچرىتىپ، كوچا بويلاپ ماڭدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي موتوسىكىلىتىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى، ئۇ قېرى ئەرمىدۇن تۈۋىدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنى كۆرگەندى. ساقچى ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىپ قاراپ تۇردى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، ھاردۇق يەتكەن ھاشارچىدەك پۇشۇلدىشىپ ئۇخلىماقتىدى. قىز - يىگىت ھەر ئىككىسى تازا چىرايلىق بولۇپ، ئەڭ يېڭى مودىدا كىيىنگەن، قىزنىڭ كېسىپ بۇدرە قىلىنغان چېچى مۈرىسىگە يېيىلغانىدى. ساقچى ئىككى قولىدا ئىككىسىنىڭ قۇلىقىدىن تەڭ تۇتۇپ تارتىپ «تۇرۇشە، يۈزى قېلىنلار!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ھەر ئىككىسى قارا باسقاندەك چۆچۈشۈپ كەتتى. قىز بولسا بىر چىرقىرىغانچە ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى. يىگىت ساقچىنىڭ قولىغا بىرنى ئۇردى - دە، بوشىنىپ قاچتى. «توختا، توختىمىساڭ ئوق چىقىرىمەن!» لېكىن يىگىت توختىمىدى. چۈنكى ئۇ ساقچىنىڭ ئوق چىقارمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. قىز ئەمدى تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ پەقەت ئۆزىنى توختىتالمايتتى. ساقچى بۇ يەردە ئۇچراتقان ئاياللار ئىچىدە يىغلىغاننى بۈگۈن كۆرۈۋاتاتتى.

— ئوبدان ئاكا، ماڭا رەھىم قىلسىلا، مېنى قويۇۋەتسىلە. ئەگەر مېنى تۇتسىلا مەن ئۆلۈۋالىمەن.

— سەندەك ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۆلۈۋالمايدۇ.

— ئوبدان ئاكا، مەن ئېزىپتىمەن. ئەگەر مېنىڭ بۇ ھالىم ئاشكارا بولسا مېنى مەكتەپتىن قوغلىۋېتىدۇ. مەن ئۆيگە نېمە دەپ بارىمەن؟ ئاتا - ئانامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ مېنى ئاتا - ئانام مىڭ بىر جاپالاردا ئوقۇتتى. ئالىي مەكتەپكىمۇ ناھايىتى تەستە كىرەلىدىم. بۇنى سىلىمۇ ئويلىيالايلا. سىلىنىڭمۇ ئاچىلىرى، سىڭىللىرى باردۇ. ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار. ھۇ ... ھۇ ... ھۇ ...

— سەن قايسى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى؟

— ياق ... ياق ... مەن خۇش بولۇپ كېتەي، بۇنى سورىمىسىلا ئاكا. بۇنى دېيەلمەيمەن، بۇنى دېيىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن تەڭ. مەندىن ھېچنېمىنى سورىمىسىلا. خۇدا ئالدىدا سىلىدىن تىلەي، ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن.

ساقچى قىزنىڭ قۇلىقىنى قويۇۋەتتى.

— ئۇ سېنىڭ نېمەڭ؟

— بىر ... بىر مۇھەببەت باغلىغىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى.

— مۇھەببەت باغلاپ مۇشۇنداق قىلساڭ ئۇ كېيىن سېنى تاشلىۋەتسە قانداق

قىلسەن، بەختلىك ۋارا بولمامدۇ؟
— ياق ... ياق ... ئۇ مېنى تاشلىۋەتـ
مەيدۇ. ئىككىمىز قەسەم قىلىشقان. ياخشى
كۆرۈشىمىز.
— ھىم، ياخشى كۆرۈشەرمىش. قە-
سەم قىلىشقان ئېمىش. چىرايلىق قۇرۇق
گەپلەر ... مۇشۇنداق پەيتتە ئۇ سېنى تاش-
لاپ قاچتى، بۇمۇ سېنى ياخشى كۆرگەنـ
لىكىمۇ؟
— ياق ... ياق ... ئۇ مېنى تاشلاپ
قاچمىدى. ئۇنى مەن قېچىشقا زورلا-
ۋەرگەندىن كېيىن قاچتى. ئۇ قاچمىسا
بولمايتتى. ئۇنى تاياق يەپ كەتمىسۇن
دەپ ئايىدىم.
— ئوھوي، سەن بەك ۋاپادار ئىكەنـ
سەن. بوپتۇ. مەن سېنى قويۇۋېتەي. ئىك-
كىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!
قىز خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا
قالدى.

— رەھمەت سىلىگە ئاكا ...
قىز چۇۋۇلغان چاچلىرىنى سىيپاپ،
يولدىكى شېغىلنى شاراقلىتىپ يۈگۈرۈپ
كەتتى. ئۇنىڭ تاپىنىغا كەلگۈدەك ئۇزۇن
ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى لەپىلدەيتتى.
ساقچىنىڭ كۆزىگە قىز خۇددى ئاشۇ ئاپ-
ئاق كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ كۆككە ئۆر-
لەپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى.
ساقچى، قىزنىڭ قارىسى كۆزدىن
يوقالغۇچە قاراپ تۇردى. ساقچىنىڭ قارى-
شىچە، بۇ قىز مۇشۇ خىلۋەت كوچىدا ئۇچ-
راتقان ئاياللارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشى-
مايتتى. «دۇنيادا ئۆز ھەمراھىغا سادىق
پاك ئاياللار قانچىلىكتۇ؟ ئۇلار قانداق
ئەرلەرگە ئۇچرايدىغاندۇ؟» ساقچىنى بىر-
دىنلا غېرىبلىق، مۇڭ باستى. جاھاندا
ئۆزىنى يېتىم، بىگانە ھېس قىلدى. ئۇ
موتوتسىكلىتىنى مىندى – دە، خالتا كوچى-
نىڭ ئاخىرىغا يۈرۈپ كەتتى.

3

ساقچى، كەچلىك كىنو تۈگىگەندە،
قاراڭغۇ كوچىغا ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلدى. ئۇ،
سائىتىگە پات – پات قاراپ قوياتتى. ۋاقىت
بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ھاۋا دىمىق
ئىدى. ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى.
ئۇنىڭغا ھاياتلىق توختاپ قالغاندەك بى-
لىنەتتى. ئىچى تىتىلدايتتى. نېمىگە تىتىل-
دايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ خى-
يال سۈرگىنىچە ئېغىر قەدەم تاشلاپ كې-
تىۋاتقاندا، ھېلىقى ئۆزى سولاقتىن بو-
شىتىۋەتكەن چوكانغا يەنە ئۇچرىدى.
— ياۋاللا، سەن ... سەن بىر ئەرگە
تەگسەڭ خۇدا خۇش بولماسمىدى؟ ...
— سىلى ئاكاملا ... ھە... ھە... ھە...

— ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل،
نەپسى بالا قانجىق. سېنى ئالىدىغان مەن
قالدىممۇ؟ خۇدا ساقلا!
— ھىم ... ھەممە ئادەمنىڭ سىلىنىڭ
ئالتۇن كۆڭۈللىرىدەك كۆڭلى بار. مۇشۇ
قاسقان شەپكە بىلەن ئالا – بۇلماچ كىيىم-
لەرنى كىيىۋېلىپ ئۆزلىرىنى ئاسماندا
پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقاندەك، باشقا ئا-
دەمنى يەردە پاقىدەك ئۆمىلەپ يۈرگەنـ
دەك ھېس قىلىدىغان ئوخشايلا. بىلىپ
قويسىلا، باشقىلارمۇ سىلىگە ئوخشاش ئادەم.
— ھەي داپ يۈز، تولا كاسىلدىماي،
سەن زادى غىت قىسىپ يۈرەمسەن يا ھەپ-
سىدە يېتىپ پىتقا يەم بولامسەن؟

— ھەم ... نوچىنىڭ قىلغان گېپىنى قاراڭ. مەنمۇ جاھاندىكى ئاياللاردەك ئايالمەن. ماڭىمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئېسىل تاماق، ئوبدان كىيىم، ئالتۇن جابدۇق، خۇشال - خورامىلىق، ئازادىلىك كېرەك. ئىشقىلىپ، ئاشۇ ئېسىل خېنىملارغا نېمە كېرەك بولسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتسا مېنىڭ كۆڭلۈممۇ شۇنى تارتىدۇ. مەن سىلىنىڭ پىتلىق تۈرمىلىرىدىن قورقۇپ ئاچلىقتىن ئۆلسەم بولامتى؟ مۇشۇنداق سەييارە تىجارەت قىلمىسام مېنى كىم باقىدۇ، سىلى باقالاملا؟

— باشتىلا ياخشى ئەردىن بىرىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ، سادىقلىق بىلەن خىزمىتىنى قىلغان بولساڭ بۇ كۈنگە قالمايتتىڭ.

خۇدا ماڭا بۇنداق تەلەينى ئاتا قىلمىغانىكەن. تەتۈر پېشانە ئىكەنمەن. باشتىلا مەن غۇربەتچىلىكتە قالغاندا ماڭا ئاش نان، كىيىم، ئىسسىق ئۆي بەرگۈدەك ئوغۇل بالىدىن بىرسى چىقمىدى. ھازىر مېنى قانداق ئادەم خوتۇن قىلىپ ئالىدۇ؟ مەن مەڭگۈ ئاقارمايدىغان ياغلىق قاپاق بولۇپ كەتتىم. سىلەر مېنى مۇشۇ كوچىغا مېڭىشقا مەجبۇرلىدىڭلار... ھەيتا ...

چوكان يىغلىۋەتتى. ساقچى ئۇنىڭغا بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ قالدى. يۈرىكى ئېچىشتى. بوغىزىغا يىغا قاپلىشىۋالغاندەك بولدى. چوكان يىغىسىنى توختاتتى.

— ھە خوجام، گەپلىرى بولسا غاچ قىلسىلا: ياكى ئاپىرىپ پىتلىق تۈرمىلىرىگە سولاملا ... بولمىسا، ئۆز ھالىمغا قويسىلا مېنى ...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ساقچىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. ساقچى بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ، موتوتسىكلىتقا مىندى - دە، ئىتتىك يولغا راۋان بولدى. چوكان يەنە ۋالاقلاپ ھەم كۈلۈپ قالدى. ساقچى ئىچىدە: «نېرۋىسىدىن ئازغان كاسىكى ... ئەمما بىر يەرلىرىڭ نىرلىدۇ سېنىڭ، ئادەمنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدۇ ...» دەپ ئويلاپ كەتتى. ئۇ خالتا كوچىنى سىر ئايلانغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىش قالماي يول ئوتتۇرىسىدا موتوتسىكلىتنى توختىتىپ، كۆك تاماكىنى گېزىت قەغىزىگە ئوراپ چېكىپ جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى...



4

— ۋاي ـ ۋۇي خوجام، ھەجەپ مەن بىلەنلا ھەپىلىشىپ قاللىغۇ؟ مىنى ئۆلسۈن دەملا؟

— قۇرۇق گەپىڭنى قوي، مەن سىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم.

چوكان چۆچۈپ كەتتى.

— نىمە، مىنى ئېلىپ كىتىپ يەنە ئاشۇ پىتلىق تۈرمىگە سولاپ قويماقچىما؟ مەن سىلىگە نىمە يامانلىق قىلدىم؟ ئۆلسەم قۇتۇلدىغان ئوخشايمەن بۇ ئازابتىن!...

چوكان غەزىپىنى باسالماي قايناپ كەتتى.

— ئاغزىڭنى باساڭچۇ، بىلەمسەن، مەن سىنى ئەمدى بۇ قاراڭغۇ كوچىغا مەڭگۈ يولاتمايمەن، مەن سىنى قۇتۇلدۇردىمەن.

چوكان لاپ قىلىپ ساقچىغا باشتىن ئاياغ قاردى. كىيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مىنى ئۆمۈر بويى سولاقتا ياتقۇزماقچىمۇ ياكى ئەما، گاس ئەردىن بىرنى تېپىپ ماڭا چېتىپ قويماقچىمۇ... ھا ... ھا ... ھا ...

— گېپىمنى ئاڭلا، جىن تەگكەن سارالڭ ... بولدى ئەمدى، بېشىمنى ئاغرىتىپ سېسىق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۆلۈۋەرمە. مەن سىنى ئۆز ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىمەن.

چوكان شۇ زامان كۈلكىدىن توختاپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ، بىر هازا تۇرۇپ قالدى. كىيىن يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھا ... ھا ... ھا ... بېشىڭنى يەيدىغان ساختىپەز كۆتەك، مىنى ئالداپ نىمە قىلاتتىڭ، ئالداپ يۈرمەسەڭمۇ مەن سىنىڭ ئالقىنىڭدىكى ئادەمغۇ ... ھا ...ھا... ھا...مىنى گوللىماي غاچچىدە راست گېپىڭنى قىل، نىمە ئىشىڭ بار مەندە؟

— زۇۋانىڭنى پەس قىل سارالڭ، راستىڭنى ئېيتە: ماڭا تېگەمسەن؟

— ۋاي مەس كاللا، ئېسىڭنى يوقىتىپسەن، هاراقىقا باشقا بىر نىمە قوشۇپ ئىچىۋەتتىڭمۇ، يا؟ قېنى، پۇراپ باقاي، ۋاي سەت قارا گەدەن، هاراق ئىچمەيلا سارالڭ بولۇپسەن.

— خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى. ئۇ هازىر ئەرگە تېگىپ بولدى. ئەمدى مەن سىنى ئالىمەن: شۇڭا ئاتايىتەن ئىزدەپ كەلدىم. يېقىندىن بۇيان دائىم سىنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم. ماڭا سادىق بولارسەنمۇ؟

چوكان ئەمدى قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى. كىيىن ساقچىدىن نېرىغا داجىدى.

— ھىم، هازىرغىچە نۇرغۇن ئەرلەر مىنى ئالىمەن دېدى، ئالمىدى: ھەممىسى چىرايىمغا قىزىقىپ شۇنداق دېدى. كىيىن نامىمدىن قورقۇپ ئالمىدى. مىنىڭ ئاتىقىم يامان، سىلى هۆكۈمەت ساقچىسى، مىنى ئالسىلا يۈزلىرىنى تۆكۈۋالدىغانلىرىنى

(داۋامى 60 ـ بەتتە)

ئەسرۇللا ئابلەت

# شېئىرلار

## ئاھ، ياشلىق

ئاھ، ياشلىقىم — ھاياتىمنىڭ باھارى،
ئاتا قىلغان ئىددىك سۆيگۈ، ئەركىنلىك.
بىراق، ئۇ چاغ بىلمەپتىمەن ئەركىنلىك،
سۆيگۈ نېمە؟ بولمىغاچقا تەمكىنلىك.

ئەمدى بىلدىم ھاياتىمنىڭ يازىدا
ئەركىنلىكنى، مۇھەببەتنى، نەپرەتنى.
كەتكەن ياشلىق ئەمدى كەلمەس ئورنىغا،
لېكىن يىغدىم ۋۇجۇدۇمغا غەيرەتنى!

## يارا

چىنە سۇنسا قاداپ بېرەر قاداقچى،
لېكىن قالار قاداق ئىزى چىنىدە،
مىس ئېگىلسە تۈزلىگىلى بولار ھەم

بىراق سىزىق قالدۇرىدۇ يۈزىدە.
سۇنسا كۆڭۈل، سولسا ھايات گۈللىرى،
خىرەلىشەر نۇنىڭ چاچقان نۇرلىرى!

## ئاي ۋە زېمىن

ئاي ئۈزىدۇ كۆكتىن بېقىپ زېمىنغا،
دەيدۇ نازلىق: ساڭا ئاشىق مەپتۇنمەن.
ئۆتتى ئۆمرۈم سۆيۈپ سېنى نۇرۇمدا،
سۆيگۈ ئوتۇڭ كاۋاب قىلغاچ مەجنۇنمەن.

زېمىن دەيدۇ: ئاي يارىغا، ئەي لەيلى،
يېتەلمەستىن ۋىسالىڭغا قەلبىم لال.
ھەر پەسىلدە بىر باغ ياساپ چىللايمەن،
گۇۋاھچىسى بولۇر سۆيگۈم ئاشۇ ھال...

## بوغداغا

بوغدا ئاتا، بېشىڭدىكى سۇتتەك ئاق قار،
پاكلىقىڭنىڭ سىمۋولى — ئايانمۇ؟
تىلىم - تىلىم جىلغىلاردىن ئاققان ئېقىن
سەن كەچۈرگەن كەچۈرمىشىنىڭ بايانمۇ؟

ئېقىنلىرىڭ شاۋقۇنلىرى — نىدالىرى
ئەلگە قىلغان نۇتۇق ياكى خىتابىڭمۇ؟

سۇلىرىڭنىڭ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇشى
سۇئالىمغا بەرگەن سېنىڭ جاۋابىڭمۇ؟

يان - يېنىڭدا باھار چىللاپ ئۆسكەن ئارچا
سىر تۇتمىغىن، كوكۇلاڭمۇ ياكى تىلىڭ؟
لىغىرلايدۇ كۆمۈش تاۋاق كۆكسۈڭدە ھەم
ئاشۇ تاۋاق ئەلگە تۇتقان كىرسىز دىلىڭ!

### ئەتىگەن

تاغ - دېڭىز، يەر - ئاسمان (جېمى جاھانغا)
ئېپ كېلەر قۇياشنى دىلداش ئەتىگەن.
ئىش باشلار شېرىن ھېس ئىلكىدە ئىنسان،
كۆڭلىدە پارلىغاچ قۇياش ئەتىگەن.

شەپەقمۇ جىلۋىدار كۆلەر ئەتىگەن،
ئۈزلىقى كۆكۈنى قىلىپ مەھلىيا.

باغرىنى قان قىلىپ سايرار ئەتىگەن،
بۇلبۇللار گۈلشەندە، گۈلنىڭ ئىشقىدا.

بىخ سۇرۇپ چىقىدۇ مايسا ئەتىگەن،
گۈزەللىك بېغىشلاپ ئانا تۇپراققا.
ئىجادقا چىللىدى مېنى ئەتىگەن،
مەن نېچۈن پاتقايمەن دەردۇ پىراققا!؟

### كېچە ئاسمىنى

ئەي، جىمجىت، بىپايان كېچە ئاسمىنى،
تۇغىسەن ھەر تۈنى سانسىز يۇلتۇزنى.
ئوخشايسەن جاپاكەش ئانامغا گويا،

چاچىسەن تۈن بويى جاھانغا نۇرنى.
ۋە لېكىن كىشىلەر ئېيتار مەدھىيە،
سەن تۇغقان يۇلتۇزغا — نۇرلۇق ئەختەرگە!

**تۇرىيە ئېلاخۇن**

## سەپەر خاتىرىلىرى

### قەشقەر

«ئەسسالام!» دەپ بوسۇغاڭدىن كىرگىنىمدە،
ھاياجانىم باسالماستىن قالدىم، قەشقەر.
گۈل ھۆسنۈڭنى تاماشا قىپ كۆرگىنىمدە،
تەرىپلەشكە سۆز تاپالماي قالدىم، قەشقەر.

چىۋەرلىكتە داڭ چىقارغان ئەجدادلارنىڭ
خىسلىتىگە قايىل بولۇپ كۈلدۈم، قەشقەر.
مىللىتىمنىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرىتىنى،
مېھنىتىڭنىڭ ھۆرمىتىدىن كۆردۈم، قەشقەر.

### ھېيتگاھ

قەشقەرنىڭ كۆزىمۇ سەن، گۈلزار ھېيتگاھ؟
ئاي سۈپەت يۈزىمۇ سەن، گۈزەل ھېيتگاھ؟

تەرىپىڭ داستان ئىكەن تۈمەن تىلدا،
بۇلبۇللار ئۈچۈن پۈتمەس، غەزەل ھېيتگاھ.

## «ھاي - ھاي تېرەك»

غۇللىرىڭ گىرە سېلىپ، قۇچاغلىشىپ،
تۇردۇ بىر ھېكمەتنى قىلىپ ئايان.
ياپيېشىل ياپراقلىرىڭ پېچىرلىشىپ،
ئاجايىپ سىرلىرىڭنى قىلدى بايان.

چوقىدا قەد كۆتۈرگەن «ھاي-ھاي تېرەك»،
سېلىپ ئۆتتۈڭ كۆپ ئىشلارنى شۇ دەم ئەسكە.
زۇمرەتتەك سۆزۈك بۇلاق يىلتىزىڭدىن،
شاۋقۇنسىز ئېقىن ياساپ ئاقار پەسكە.

ئۇچۇملاپ ئىچىپ قاندى يۈرەكلىرىم،
تەنلىرىم ھوزۇرلىنىپ كۆلۈپ كەتتىم.
شىپالىق ئابى كەۋسەر سۇلىرىڭدىن
ئىلىغا زەمزەم بىلىپ ئېلىپ كەتتىم.

## ھەزرىتى موللام① قەبرىسى ئالدىدا

كەلدىم بوۋا، يېنىڭغا ئالمىزاردىن — ئىلىدىن،
مازارىڭنى سېغىنىپ كۆزۈم بىلەن كۆرەي، دەپ.
جىسمىڭ ياتقان مۇبارەك ئاشۇ ئەزىز تۇپراقنى،
بىلىپ جاندىن تەۋەررۈك، يۈزلىرىمگە سۈرەي دەپ.

ھۆرمەت بىلەن سۆكۈتتە، تۇرغىنىمدا يېنىڭدا،
يامغۇر بولۇپ، سەل بولۇپ تۆكۈلدى كۆز ياشلىرىم.
جۇدالىقنىڭ ھەسرىتى، ئۆرتەپ يۈرەك قەلبىمنى،
مۇسىبەتنىڭ ئىلكىدە ئېگىلدى ھەم باشلىرىم.

كېتەلمىدىم ئايلىنىپ، دىلىم ساڭا باغلىنىپ،
خاتىرە ئۇچۇن يېنىڭدا چۈشۈۋالدىم سۈرەتكە.
كېلىپ سانسىز مېھمانلار ئۈزۈلمەستىن ئايىغى،
شۆھرىتىڭنى ئېلىپ كېتەر ئىكەن ھەر ئەل - دۆلەتكە.

قايىل جاھان زېھنىڭگە، پاراسىتىڭ - ئەقلىڭگە،
ئانا يۇرتنىڭ شەۋكىتى، مىللىتىمنىڭ پەخرى سەن.
ئىلىم - ئېرپان بابىدا كۆپتۇر دانا ئوغلانلار،
سەپ ئالدىدا سەردارى، ئاقىللارنىڭ ئەقلى سەن.

① ھەزرىتى موللام — مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھۆرمەت نامى.

مۇتەئەللا ئىبراھىم

# نېفىت يولىدىن تامچىلار

## ۋىسال تېڭى

كېلەر ئىدىم، بىراق، يېتىپ قالغان ئىدىم مەنزىلىمگە
كەلدى ئوراپ قاراڭغۇ تۈن، ۋىسال تېڭى ياردى تۈننى،
ئوراپ مېنى خىيالىدا يول توردى. دىل يورۇدى.

## نېفىت قىياەى

ئۇرۇلماقتا تىنىقلىك تىنىقىمغا،
ئۇرۇلماقتا خۇش پۇراق شېرىن ھىدلىك.
كەل قاراماي، مەن باغاشلاي يېقىپ كۆكرەك
سەن ئەزەلدىن ئۆز ئىدىڭ، شېرىن ئىدىڭ.

ماڭا تونۇش بۇ ھىدلىك ئەترە ئەمەس،
ئېپاردىنمۇ مىلك ئېسىل نېفت ھىدى.
تۇتتۇڭ ماڭا نېفىتتىن قىيام ياساپ،
مېنىڭ سەندىن كۈتكىنىممۇ شۇ ئىدى.

## ھەيكەل

1

تۇرار «كان تارىخى كۆرگەزمىسى»دە،
تەۋەرۈك قەددىنى كېرىپ بىر ھەيكەل.
قارار ئۇ، يىراققا،
قالغاندەك گويا،
بىر ئۇلۇغ ئارزۇسى بولماي تېخى ھەل.

توختىغان بىر ئىزدا مىنىگەن ئېشىكى،
ماي تۆگىپ قاپىقى ئېسىلغان يانغا.
توختىغان قوللىرى چېلىشتىن راۋاب،
كۆز تىككەن ۋاقتىدۇر بەلكى ماي كانغا.

شۇم ئەجەل ئارىدىن كەتسىمۇ ئېلىپ،
خەيرىيەت، بۇ كىشى ھەممىگە ئايان.
ئارزۇسى قالدى بىر ھەيكەلدە بىراق،
ئۇنى كىم چۈشىنەر، قىلار كىم بايان؟

2

تۇرار «كان تارىخى كۆرگەزمىسى» دە،
تەۋەرۈك قەددىنى كېرىپ بىر ھەيكەل.
گويا ئۇ ئېشىكتىن كىرگەن كىشىگە
كۆرۈنەر دېگەندەك «كىمسەن؟ بېرى كەل!»

بىلەر ئەل ئۇنى ئۆز تۆھپىسى ئۈچۈن،
بۇ يەرگە تىكلەنگەن سىېلىم بوۋاي دەپ.
لېكىن ئۇ ئىنتىلەر،
چىقىپ دالىغا—
ماي ئالاي، ئەل بىلەن ھەمدەم بولاي، دەپ.

ئېھتىمال، چىقمايدۇ ئېسىدىن ئۇنىڭ،
كەڭ جۇڭغار ۋە بۆلەك يېقىن - يىراقلار.
ئۆچمەيدۇ كۆڭلىدىن ئۆزى ماي توشۇپ
ياندۇرغان بېھىساپ گۈلخان، چىراغلار.

3

تۇرار «كان تارىخى كۆرگەزمىسى»دە،
تەۋەرۈك قەددىنى كېرىپ بىر ھەيكەل.
ئاز ئەمەس يېنىدا تۇرلۇك ئەۋرىشكە،
ئارزۇلاپ ياسىغان بېرىپ ئالتۇن ھەل.

كىشلەر سۇرەتكە چۈشىدۇ، ئەمما
بۇ ئاددىي ھەيكەلنىڭ تۈۋىنى تاللاپ.
چۈشىدۇ كۆڭلىدە خېزىر بىلەن بىر،
چەن ھۆرمەت تەختىنىڭ تۆرىنى تاللاپ.

قىلىدۇ ئەتىۋار سېلىم بوۋاينى،
ھەيكەلگە ئايلىنىپ ئۆزى كەتكەندە.
ئۇ تاپقان نېغمەتلىك، ئالغان نېغمەتنىڭ
قىممىتى - قەدرىنى تونۇپ يەتكەندە.

ئۈچقۇنجان ئۆمەر

## پارچىلار

1

چىۋىنلەر شىرنە دەپ بالغا يېپىشار،
پاشلار غىڭىلداپ سازدا تېپىشار.
ئەزەلدىن ھەقىقەت: «مال تۆرى بىلەن»،
نەپ - مەنپەئەت كۆزلىگەن ئاخىر قېچىشار.

2

مۇشۈكنىڭ سېزىمى بۇرۇتى بىلەن،
شەيىخنىڭ ئاتىقى مۇرۇتى بىلەن.
ياخشىغا ھەر جايدا بىر يامان ھەمراھ،
ئۆسكەندەك ئالمىمۇ قۇرۇتى بىلەن.

3

ئىچىدە گۈلى بار ئالتۇن پىيالە،
كىچىكرەك بولسىمۇ جانغا كۇپايە.
ئېگىزگە بوي يەتمەي، پىسنى ياراتماي
ئۆتكەنلەر ھەركىمزمۇ تاپالماس سايە.

4

پىستەكلەر يالغۇزلار تاپاننى يالاپ
ۋە لېكىن ئىگىسى قامچىلار، ساۋاپ.
ماقال بار: «ئىت ئامراق ئۇرغۇچىسىغا»
قايسى ئىت كارۋانغا ئۆتمىگەن قاۋاپ؟

ھوشۇر ئىبراھىم

# ئىرادەم قايرىلماس بىر مىسران قىلىچ

## قەلب ئىزھارى

سەن بىلەن ھاياتىم مەناسى تاغدەك،
سەن بىلەن مىسالى بەختىم نۇر قۇياش.
سەن بىلەن قىلىمەن، ئەي ئۇلۇغ ۋەتەن،
ئۆمرۈمنى مۇقەددەس ئالەمگە قىياس!

سەن پارلاق ئۈمىدىم، سەن تاجۇ تەختىم،
سەن روشەن غايەمنىڭ ئالتۇن چوققىسى.
سەن قەلب ئىزھارىم، ھايات قۇۋانچىم،
ئېتىقاد، ئىشەنچىنىڭ گۆھەر قۇببىسى!

سەن مېنىڭ قەلبىمدە مۇقەددەس قەلئە،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە يېقىلغان گۈلخان.
سەن مېنىڭ بەختىمنىڭ بۆشۈك ئانىسى،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە چاقنىغان چولپان.

ئىسلاھات ئېتىنىڭ تۇياق تىۋىشى،
گويا زور پارتلاشنىڭ كۈچلۈك ۋولقىنى؛
ئاڭلىدىم تۈش - تۈشتىن كەلگەن سادانى،
قەلبىمدە ئۆرلەشنىڭ ياندى يالقۇنى.

سەندىكى تەۋرەشنىڭ دولقۇنلىرىدا
كاراپتەك ئۈززۈمەن ئۆپقۇنلار يېرىپ.
ئىرادەم قايرىلماس بىر مىسران قىلىچ،
قۇچىمەن غەلىبە سەندىن كۈچ ئېلىپ...

## پارچىلار

بىردەملىكتۇر يالغان بىلەن راستنى ياپماق
بەكمۇ خەتەر يالغان بىلەن شۆھرەت تاپماق.
كۆنلەر ئۆتۈپ يالغانچىنى رەسۋا قىلار
راستچىللىق ئۇ گويا يالقۇن، ئوتلۇق چاقماق.

* *

ئۈمىددىن ئايرىلغانلار گويا ئەما،
ئۈمىد بىلەن ياشار دائىم زېرەك - دانا.
ئۈمىد — ئىنسان ئۈچۈن بىلسەڭ سۇنماس قانات،
ئۈمىد — سېنىڭ ھاياتىڭغا بېرەر مەنا.

* *

گۈل ئۈزۈش ئاسان ئەمەس، تىكىنى بار،
كۆرگەنگە كۆز تاشلىما كۆتكىنى بار.
ئەجرىسىز تەييارغا كىم بولغان ئىگە؟
ھەركىمنىڭ تەر ئاققۇزۇپ تىككىنى بار.

* *

چەكمىسە ۋىجدان دېگەن دىل تارىنى،
تاپمىغاي ئادەم دېگەن دوست - يارىنى.
دوستقا دوست ۋىجدان بىلەن قىلسا ۋاپا،
ئاتىغاي دوست - يارىمۇ جان - بارىنى.

دۆلەت تۇرسۇن

## ئىرەنلىكتىكى سۈرەت

ھەر يىللى كېلەر دوستلار نەچچە قېتىم،
دەم ئالغاچ ئىرەنلىكنى سەيلى قىلىپ.
كۆلىدۇ يۈرەكلەرمۇ بۇ شىپالىق
ئىرەنلىك ھاۋاسىدىن ئىلھام ئېلىپ.

ئۇزاقتىن - ئۇزاقلارغا بۇ سەيلىگاھ
توز كەبى قانات يېيىپ ئۇزىرىپتۇ.
ئايلىنىپ ئاشۇ جاينى بولدۇم ھەيران،
يولغۇنلار خۇددى چوغدەك قىزىرىپتۇ.

شۇ گۈزەل يۇلغۇنلۇقتا بىر قانچە يىلەن،
چۈشتۇق بىز خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكىمۇ.
شاملى قاش بويىنىڭ يەلپۈپ ئۆتتى،
ئۇرغۇتتى دىلدا ئارزۇ - تىلەكنىمۇ.

ئەتىسى تەگدى سۈرەت قولىمىزغا،
تۇرۇپتۇق بەرىمىزلا گۈل ئىچىدە.
تۇراتتى جۇلالىنىپ بۇ گۈزەل جاي
تۇرغاندەك گۈللۈك ئەمەس نۇر ئىچىدە.

قارىساق، ئاۋال تېغى كەينىمىزدە
تۇراتتى گويا يېشىل زۇمرەت بولۇپ.
ئوخشايتتى ئاق سەللىلىك پەرىشتىگە،
ئۈستىدە تۇرغاچ ئۇنىڭ بۇلۇت قونۇپ.

ھەر يىلى كېلەر دوستلار نەچچە قېتىم،
دەم ئالغاچ ئىرەنلىكنى سەيلى قىلىپ.
كۆيلەيدۇ بۇلبۇللىرى بۇ ماكانىنى
ئۆزگە بەك يېقىملىق جەننەت بىلىپ.

**ئابلىمىت مۇھەممەدى**

## يولچىمەن

يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ۋە يول
ئاسراش،
شەرەپلىك كەسپىم مېنىڭ، پەخرىم مېنىڭ.
ئەل ئۈچۈن ئەجىر قىلىش، ھالال ياشاش،
مۇقەددەس بۇرچۇم مېنىڭ، ئەھدىم مېنىڭ.

شۇ بۈيۈك ئەھدىم مېنى قىلغاچقا بەنت،
تاغ، دالا، جاڭگاللىنى قىلدىم ماكان.
نى قىيىن مۇشكۈللەرنى قىلماي پىسەنت،
يىل بويى مەنزىل كېزىپ، ئاشتىم داۋان.

تەرلىرىم، ئەجىرلىرىم كەتتى سىڭىپ،
قۇم، شېغىل، ئاسفالىتلىق يول قوينىغا.
ياشلىقىمنى بىر تىزىق زۇننار قىلىپ،
مەن ئېسىپ ماڭدىم ئۇنى يىل بويىنىغا.

قاتتىق پەي، مۇسكۇللىرىم، سۆڭەكلىرىم،
ئېلىشىپ بوران، جۇدۇن، تومۇز بىلەن.
چىڭدى غايە، نىشان، ئىستەكلىرىم،
چىن مۇھەببەت، ئېتىقاد، نومۇس بىلەن.

يۈزلىرىم توپا چېلىش، يول - يول قورۇق،
كۈندە كۆيگەن تەنلىرىم برونزا رەڭ.
قوللىرىم قاتمال - قاداق، قاقشال - يورۇق،
چاچ، ساقال - بۇرۇتلىرىممۇ ئۆسكىلەڭ.

...

بىلمىگەنلەر مېنى «توەپاي» دېيىشەر،
مۇشۇ تەققى - تۇرقۇم بىلەن كۆرۈنسەم.
لېكىن، دىلىم گۈزەللىككە تەلپۈنەر،
بار گۈزەللىك يۈرىكىمدە مۇجەسسەم.

* *

غايىلىك، ئىرادىلىك تاشيولچىمەن،
تومۇرۇمدا بار مېنىڭ ئەجداد قېنى.
قورغۇچى، ئىزدەنگۈچى، ھۇجۇمچىمەن،
يۈرىكىمدە چىن مۇھەببەت يالقۇنى.

**ئابابەكرى ئەمەت**

## ئىككى شېئىر

### قار تۇيغۇسى

ئاقلىقىڭغا سۆيەتلەر ئاجىز،
تىلىمدا سۆز بولسىمۇ چەكسىز.
پاكلىقىڭغا ئوخشىتىشلار كەم،
ئەڭ ساپ ئۆزۈڭ دەيمەندە شەكسىز.

بېسىپ كەتتى مامۇقتەك كۆكسۈڭ
ئۇزۇپ يۈرگەن چاڭ - توزانلارنى.
كىرلىشىشتىن قورقمىدىڭ ھەرگىز،
يۇتتۇڭ تۈتەك، ئىس - تۇمانلارنى.

سۆزگۈچ بولۇپ ساپلاشتۇردۇڭ سەن
ھاياتلىقنىڭ جېنى — ھاۋانى.
تاللىماستىن ئوخشاش ئاقارتتىڭ
ئېگىز - پەسنى، تاغنى - دالانى.

مەن ئويلايمەن، ياغسا شۇنداق قار
جاھاندىكى ئىنسان قەلبىگە؛
مۇزلىسىمۇ مەيلى دەيتتىم مەن،
«كېسەل» قالماس بولسا نەۋرىگە.

بېسىپ كەتسە خۇراپاتلىقنىڭ
ئۈزۈپ يۈرگەن توزانلىرىنى.
يۇتسا ئىدى يوقىتىپ بىزدىن
غەم - ئەندىشە تۇمانلىرىنى.

ئاشۇ قاردەك ئاقىرىپ كەتسە،
ئەگەر ھەممە ئىنساننىڭ دىلى!
تەرجىمانسىز سۆزلىشىپ كەتسە،
باشقا - باشقا بولسىمۇ تىلى...

## تامچە بۇلاق①

تىم - تىم - تىم ...
سانسىز كۆزلەرنىڭ تامچىيدۇ يېشى،
چىمەن كىرپىكلىرى ھەر قاچاندا نەم.
قىلىدۇ داۋام ياشلار تۆكۈشى.

تىم - تىم - تىم ...
تامچىپ توختىماس،
تومۇزدا ئىللىماس،
قىشتا توڭلىماس،
لېكىن،
تامچىشى ئاجايىپ تەكشى.

تىم - تىم - تىم ...
كېتەر ئۈزۈمزار قوينىنى بويلاپ،
زېمىننىڭ يېشى بولۇپ بىر ئېقىن،
يەنە قوينىغا ئالار سۈرۈپ،
ئۇنى مۇقەددەس بۇ ئانا زېمىن.

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## يۈكسىلىشنىڭ قايناملىرىدا

### تاڭ ناخشىسى

ئوت رەڭگىدە تاۋلىنىپ ئۈپۈق،
مىس لىگەندەك چىقتى زەر قۇياش.
نۇر ئىبقىمى ئېچىپ باغرىنى،
سۆيۈپ ئەتتى زېمىننى باغاش.

تاغ، ئىدىرلار نۇرغا كۆمۈلدى،
باغ، ئېتىزلار ئويغىنىپ تاتلىق.
كۆمۈش تەڭگە ئاسقان ياپراقلار
پىچىرلاشتى ئۆزئارا نازلىق.

كۈلۈپ ھايات، كەتتى جانلىنىپ،
تاڭ پەيزىنىڭ بايراملىرىدا.
كەشىپ كۈيى كەتتى جاراڭلاپ،
يۈكسىلىشنىڭ قايناملىرىدا.

① تامچە بۇلاق — تۇرپاندىكى سەيلىگاھ بۇيلۇقتا.

## ئالمىنى ماراپ

باغقا كىرىپ كۆزۈڭ قامىشىپ،
كەتتىڭ، دىلبەر، ئالمىغا قاراپ.
ئالما ئۈزسەڭ باغۋەندىن سوراپ،
يۈرمە بىكار ئالمىنى ماراپ.

قايرىمىغىن ئالما شېخىنى،
ئالمىلارغا قولۇڭ يەتمىسە.
ئالما بولار كېلەر يىلىمۇ،
شاخ - نوتىسى سۇنۇپ كەتمىسە...

## ماۋزۇسىز

مېنىۋاپتۇ ئەجەب كۆرۈمسىز،
بىر قۇرام تاش
يۇمران كۆكاتقا.

كۆكات شۇنچە بولسىمۇ نازۇك،
قۇرام تاشنىڭ باغرىنى تىلىپ،
كۆز ئېچىپتۇ يېڭى ھاياتقا.

رىزۋانگۈل ھۈسەيىن

# شېئىرلار

## قارلىقتىكى سىر

تۈنجى ياغقان ئاپئاق قار
قوندى چېچىمغا.
قونغان كەبى كېپىنەك
گۈلنىڭ شېخىغا.
«قارلىق» قالدى دەپ تووۋلاپ،
يۈگۈردى بىرى،
ئەسكە كەلدى ئۇنتۇلماس
بىر ئىشنىڭ سىرى.
ئاشۇ بىر چاغ تۈنجى قار—
ياغقان ئەتىگەن،
بۇگۈنكىدەك «قارلىق» دەپ
بىرسى يۈگۈرگەن.
ئۇرغۇپ تۇرغاچ يۈرىكىم،
ئىدىم بەكمۇ شاش.
ھېسسىياتلار قەلبىمدە
يالقۇنغان قۇياش.

قوغلىدىم ئەن ئارقىدىن،
قاچتى ئۇ يىراق.
قەدىمىمنى توختاتتى،
بىر تۈيغۇ بىراق.
ئېچىپ كۆردۈم دەرھاللا
قارلىق خېتىنى،
توك سوققاندەك بۇزۇلدى
يۈرەك رىتىمى.
چۈنكى قارلىق ئىچىدە
بار ئىكەنغۇ سىر.
سوقسۇن دەپتۇ ئىككىمىزنىڭ
يۈرەكلىرى بىر.
بولدى قارلىق، سۆيگۈنىڭ
خالىس ئەلچىسى.
شۇندىن بۇيان باغلاندى
كۆڭۈل رىشتىسى.

# تىرىلگەن ۋالاقتەككۇرۇپ

(ھەجۋى شېئىر)

بىلىمىز، ئۆلگەنتى ۋالاقتەككۇرۇپ،
ھەم ئۇنى خۇش كەيىپ ئۇزىتىپ قويغان.
زامانە چېھرىگە يۈگۈرۈپ كۈلكە،
يېڭى بىر ھاياتقا قەدەممۇ قويغان.

ۋە لېكىن، دوستلىرىم، ئىدارىمىزدا
تىرىلدى يېڭىدىن ۋالاقتەككۇرۇپ.
بىلمەكچى بولساڭلار ئىسمىنى ئەگەر،
ئىشخانا مەسئۇلى، ئىسمى ئاسىموپ.

ئاسىموپ كېلىدۇ ئىشخانىسىگە،
ھەپتىنىڭ بىرىدە ھەممىدىن سەھەر.
ئارقىدىن كىرگەنلەر كېچىككەن ھېساب،
سانجىيدۇ دەرھاللا زەھەرلىك نەشتەر،

ھەپتىنىڭ ئىككىسى ھەممىدىن كېيىن،
كېلىدۇ تەييارلاپ بىر توقاي پاراڭ.
كېچىكىش سەۋەبىن سۆزلەپ تۆت سائەت،
قىلىدۇ ھەممىنىڭ بېشىنى گاراڭ.

شۇنداق قىپ ئاسىموپ ئۆتكۈزەر كۈننى،
ھېچ ئىشنى چىقارماي ۋۇجۇدقا پۈتۈن.
نەدە بار سۆزلەشكە ئەپلىك سورۇن دىپ،
يۈرىدۇ ھەممىشە ماراپ ئۇ تۈتۈن.

ئالدىراش ماڭساڭ ئەگەر بىر يەرگە،
گەر ئۇچراپ قالسا ئۇ قاتىدۇ بېشىڭ.
چۈنكى ئۇ مۇرەڭگە يۈرىدۇ پاق - پاق،
سۆزلەيدۇ كەچكىچە، ئۆلىدۇ ئىشىڭ.

چىققانىكەن بىر كۈنى قوشنىسى ئۆيىدىن،
ئۇچراپتۇ دەل شۇ چاغ ئاسىموپ ئاڭا.
بۇرنا كۈن ئېچىلىپ بولغان يىغىننى،
ئېچىپتۇ بۇ يەردە قايتىدىن يانا.

تاقىتى تاق بولغان قوشنىسى شۇ چاغ
تىت - تىت بوپ زادىلا تۇرالماي قاپتۇ.
قازانغا قويۇلغان مايىنىڭ پۇرىقى
كۆڭلىگە خىلمۇ خىل ئەندىشە ساپتۇ.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپتۇ ئەنسىز بىر چۇقان،
ئاشۇ دەم ماي قىزىپ كەتكەن ئىكەن ئوت.
بالىسى ئۆچەرمەك بولۇپتۇ ئوتنى
ۋە لېكىن ئوت ئۆچمەي كۆيۈپ قاپتۇ پۈت.

قاغىشلار يېغىپتۇ ئۇنىڭغا شۇ چاغ،
(بۇ سۆزمەن ھۆل خىشقا دەسسەتكەنلەر-دىن)
غەم تارتماي دەپتۇ ئۇ: «چاققانلىق كېرەك —
مۇشۇنداق بولۇشنى ئويلاڭلار ئالدىن!»

رەھمەتلىك تۇغقىنى ۋالاقتەككۇرۇپ
بۇ «خىسلەت» مىراس بوپ قالغانىكەن ئاڭا.
ئاسىموپ «كاس - كاس» دەپ ئالغانغۇ لەقەم،
لەقەمنىڭ ئۈستىگە قوشۇپ ئۇ يانا.

كار قىلماس ئۇنىڭغا تەربىيە - تەنقىد،
سانايدۇ ئۆزىنى جاھاندا بىرلا.
ئەجەبقۇ قالغىنى ئۇنىڭ تىرىلىپ،
نەئىلاج دېمىسەڭ خۇدايا تۇۋا.

## تووۋا

تۈن قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە يىغلايدۇ بوۋاق،
ئەللەيلەيدۇ ئۇنى موماي چېكىلىرى ئاق.
قىزلىرىنى باققان ئىدى، شۇنداق ئارزۇلاپ،
باقار ئەمدى نەۋرىسىنى جاپادا ھەرۋاق.

غودۇڭشىدى بوۋاي رەنجىپ ئۇخلىيالمىغاچ
كايىپ كەتتى موماي ئاڭا «ئۇخلاۋەرگىن كاچ».
دېدى يەنە «ئارام ئالسۇن قىزىمىز كۆپرەك
بېرەلمەيدۇ بەرداشلىق ئۇ جاپا تارتمىغاچ».

قوشنا بولغاچ پەنجىرىدىن ئاڭلاپ بۇ گەپنى
تووۋا دېدىم، رازى ئىكەن تارتىشقا دەرتنى.
بالىسىنىڭ بالىسىنى بېقىش كېرەك دەپ
ئانىلارغا قويغانمىكىن يا تەڭرى شەرتنى.

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

## كۆڭلۈم يېرىم شۇ ئۈچۈن

(شائىر يېۋگېنى يېۋتوشېنكوغا نەزىرە)

گۈللۈك ياستۇق تىكىپسەن، يار، چىرايلىق،
قاراپ ـ قاراپ ئالالمىدىم كۆزۈمنى.
گۈل قولۇڭدىن كەلگەچ ماڭا خۇشاللىق،
قويغىلى يەر تاپالمىدىم ئۆزۈمنى!

ئەپسۇس، ئۇنى ماڭا بەردىڭ پۈتۈنلا،
بىلسەڭ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى شۇ ھامان.
يېرىمىغا مەن باش قويۇش ئۈچۈنلا،
تەشنا ئىدىم، بىلسەڭ ئىدىڭ، ئەي جانان!

بېرىپ ماڭا بۇ ياستۇقنى سەن پۈتۈن،
مېنى، پۈتۈن خۇشال قىلاي دېگەنسەن.
ياق، دىلبىرىم، كۆڭلۈم يېرىم شۇ ئۈچۈن
مېنى يالغۇز قالسۇن دېگەن ئىكەنسەن.

مەيلى، ماڭا قاچان قانداق سوۋغات بەر،
پۈتۈن بەرگىن، تەلمۈرمەن كۆزۈڭگە.
لېكىن پەقەتلا، ئەي دىلبەر،
ياستۇقنىڭلا تېگى قالسۇن ئۆزۈڭگە.

شۇ ياستۇقنىڭ يېرىمىغا قويدۇم باش،
يېرىمىنى ئاسراپ قويدۇم سەن ئۈچۈن.
يېرىمىغا سەن باش قويساڭ، ئەي سىرداش،
كۆلۈپ ۋىسال، كۆڭلۈم بولۇر شاد ـ پۈتۈن.

قانداق سوۋغات بەرسەڭ ماڭا پۈتۈن بەر،
مەنمۇ پۈتۈن بېرەي، سەنمۇ پۈتۈن ئال.
بىراق يەنە ياستۇق تىكسەڭ، ئەي دىلبەر،
يېرىمىنى ئۆزۈڭگىلا ئېلىپ قال.

پەرھات تۇرسۇن

# لىرىكىلار

## باھار ۋە غازاڭ

ئۇنچىغا ئوخشايدۇ سېنىڭ لەۋلىرىڭ،
قىپقىزىل يېلىنجار باھار تەپتىدە.
غازاڭدەك سارغايغان مېنىڭ چىرايىم،
بىلەمسەن، ئۇنىڭكى باھارى نەدە؟

ئاھۇنىڭ كۆزلىرى سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
تىترىتەر ھەرقانداق ئوۋچى قولىنى.
مېنىڭچۇ؟ باھارىم ئوۋلاندى ساڭا،
ئاھ، جانسىز يۈرىكىم كۆزنىڭ غازىڭى.

## يىغا

بۇلۇت سۇتچىمۇ؟
چېقىن ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن چاقنىغان غەزەپ؟
تامچىسىمۇ يۈرىكىدىكى

چەكسىز يالقۇن دېڭىزلىرىنىڭ!
يالقۇن ئۇستىدىن
قانداق بولۇپ تامدۇ كۆز ياش؟

## ھېسداشلىق

تاغمۇ چۇشۇپ،
ئېكەلمەيتتى بەستىمنى؛

ئەگدى يادەك
يەردە سولۇپ ياتقان قىزىلگۈل.

يۇسۇپ ئىسھاق

## مەن سېنى سۆيەتتىم دىلدىن ۋە لېكىن

مەن سېنى سۆيەتتىم دىلدىن ۋە لېكىن
سەن مېنىڭ سۆيگۈمنى كۆرمەپسەن راۋا.
سەممىي، يالقۇنلۇق مېنىڭ پاك سۆيگۈم،
بېسىپتۇ قەلبىڭنى تاش بولۇپ گويا.

تۇيۇقسىز ئالماشتى باھار ئايازغا،
قېنى ئۇ، سەن بەرگەن ۋىجدانىي قەسەم؟
ھەيرانمەن، كۆز يېشى قىلمايمەن ىىراق،
قايرىلىپ سۇنسىمۇ ئىشەنچ، ئەقىدەم.

ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ بولما بىشارام،
مەن سەندىن كۈتمەيمەن رەھىم ۋە شەپقەت.
سۆيگۈدە كۆڭۈلنى ئۈز مەيلىڭگە قوي،
بولسۇن ئۇ سەممىي، بىغۇبار پەقەت.

مىڭ جەننەت ھوزۇرىن بەرگەنتىڭ ماڭا،
ئويغىتىپ قەلبىمدە شېرىن مۇھەببەت.
سەن ئەمدى سۆيسەڭمۇ مەندىن ئۆزگىنى،
تىلەيمەن مەن ساڭا بەخت ـ سائادەت؛

مەن قالغان بۇ ھالغا قالمىغىن ھەرگىز،
خۇش پۇراق گۈل ئاچسۇن سۆيگۈ باھارىڭ.
چىن دىلدىن كۆيۈنۈپ سۆيسۇن مېنىڭدەك،
سەن سۆيگەن شۇ يىگىت، شۇ ۋاپادارىڭ.



مۇھەممەت باغراش

# ئاقساق بۇغا ①

(پوۋېست)

## 36 - باب

ئوشقىيار كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا دەشقىغە چىقمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ سۈبھى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئاسمان بۇلۇتلۇق، تاغنىڭ ھاۋاسى خۇددى كەچكۈزنىڭ ھاۋاسىدەك سوغۇق ئىدى. غۇر-غۇر تاغ شامىلى سوقۇپ تۇراتتى.

گازارما قورۇسىدا قاراۋۇلدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

ئوشقىيار قاشادىن بېشىنى چىقىرىپ، ئۆزدىگە بويۇنداپ قاراپ تۇرغان بۇغا بالىسىغا «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ، ئۇدۇل گازارمىنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى. ئادىتىنىڭ ئەكسىچە، ئۆزى بىلەن ھېچ كارى بولماي كېتىۋاتقان ئوشقىيارنى كۆرگەن بۇغا بالىسى قاشادىن چاپچىپ چىقىپ، ئوشقىيارنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدىشىپ ماڭدى.

ئوشقىيار بۇغا بالىسىغا پەرىشانلىق ئىچىدە قاراپ قويۇپ مېڭىۋەردى. شۇ تاپتا ئۇ بۇغا بالىسىغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ چىدىمايۋاتاتتى.

تاغ چوققىلىرىنى قاپقارا ئېغىر بۇلۇتلار باسقان ئىدى. ئورمانلىقتىن كېلىدىغان قۇشلارنىڭ ناۋاسىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئورمانلىقتا — پەستىكى جىلغىدا تاڭ قاراڭغۇلۇقى سۆرۈلۈپ يۈرەتتى. گاھىدا يىراقتىن ھۇقۇشنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ ھوقۇلىغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. يەر نەم ۋە سوغۇق ئىدى. كۆكاتلار ھۆل ۋە سوغۇقتىن شۈمشەيگەندەك كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى. ھاۋادىن يامغۇرنىڭ نەم ۋە مۇزدەك سالقىن ھىدى كېلەتتى.

---

① بېشى ئۆتكەنساندا.

ئىشقىيار جىلغىدىكى ئېقىن بويىغا كەلدى. ئۇ يۈزىنى مۇزدەك تاغ سۈيىدە نېرى-بېرىلا يۇيۇپ، ھەردائىم ئۆزى ئولتۇرۇپ تەمبۇر چالىدىغان بايىقى قورام تاشقا ئولتۇردى. بۇغا بالىسى تاغ سۈيىدىن ئىچمەكچى بولۇپ سۇغا بويىنىنى سوزدى، لېكىن نېمىشقىدۇر سۇ ئىچمىدى. ئۇ، سۇنىڭ رەڭگىنى ياقتۇرمىغاندەك سۇغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرغان ئالدى پۇتىنىڭ تۇياقلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇششاق بۇژغۇن كۆپۈكلەر يىغىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۆل رەڭ بۇلۇتلارنىڭ، قارامتۇل كۆك تاغلارنىڭ سۈرىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى بۈگۈن ئانچە نۇرلۇق، ئانچە روشەن كۆرۈنمەيتتى.

ئىشقىيار ئوقتەك ئېتىلىپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۈيىگە تىكىلىپ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. ئادەتتە لوغۇلداپ تۇرغان كۆك نۇردەك تاۋلىنىپ ئاقىدىغان تىنىق ۋە زىلال سۇ بۈگۈن ئاسماندىكى قارامتۇل بۇلۇت كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغاچقىمۇ ياكى باش تەرەپتە كېچىچە ياغقاچقىمۇ يۇندا رەڭ تۇس ئالغانىدى. ئادەتتە سۇ ئاستىدا ئاپئاشكارا كۆرۈنىدىغان يۇمىلاق ئاق چىپار، كۆك تاشلار ھازىر كۆرۈنمەيتتى. ئېقىن سۈيى شۇ تاپتا تۇرۇپلا پەيلى بۇزۇلغاندەك، كۆرۈمسىز ۋە غەزەپلىك كۆرۈنەتتى. ئىشقىيار سىماب رەڭ تاغ سۈيىنىڭ كۆۋەجەپ ئوقچۇپ ئېقىشلىرىغا، گاھ ئۆرىدەپ تۇرمەل ئېتىشلىرىغا، گاھى يەرلەردە خۇددى باشنىڭ چۆگىلىمىچىدەك قايناپ چىقىرىپ شىددەت بىلەن پىرقىراشلىرىغا كۆز تىكىپ ئولتۇردى. ئەتراپ گويا تاشلاندۇق خارابىدەك تىمتاس ئىدى. ئاندا-ساندا چۇكۇلداپ قويۇدىغان بەئەينى يېتىم بالىدەك قايسىبىر تەنھا قۇشنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا، قۇشلارنىڭ كۈندىكىدەك زوق-شوق بىلەن سايراشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. قارلىغاچلارنىڭ دەريا بېتىگە شۇڭغۇپ، سۇ يۈزىگە قاناتلىرىنى چىلاپ ئۇچۇشلىرىدىن قارىغاندا، بۈگۈن قاتتىق قارا يامغۇر قويۇلىدىغاندەك قىلاتتى.

ئىشقىيار سۇدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، نەزىرىنى يىراقلارغا ئاغدۇردى. جاھان خېلىلا يورۇپ قالغانىدى. باياتىدىن بېرى قايسىبىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا تىنەپ يۈرگەن ئاداققى قاراڭغۇلۇق ئەدىرلىكتە ئاستا-ئاستا ئۈن-تىنسىز ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. تاغ قاپتىلىدىكى لەمپىسىمان بەلكەسمىلەردە، ئورمان بويلىرىدىكى چاتقاللىقلاردا، چوڭ قورام تاشلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا، تاڭ قاراڭغۇسىنىڭ تۆرەپ قالغان يېگانە كۆلەڭگىلىرى گويا يورۇۋاتقان تاڭدا تەلتۆكۈس ئېرىپ كېتىشتىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تۈگۈلۈپ قېلىشقانىدى.

ئىشقىيار غۇر-غۇر تاغ شامىلىدىن مۈزلىغاچقىمىكىن، تۈكلىرى ئەتۈر يېتىپ، پاچاقلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقان بۇغا بالىسىغا يۈرىكى ئېچىنغاندەك بولۇپ قارىدى. بۇغا بالىسى بۈگۈن باشقىچىلا مۈڭلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئادەتتە بۇنداق چاغلاردا خۇددى جېنى ئىچىگە پاتمايۋاتقاندەك بىر ئىزدا بىردەممۇ تىنىچ تۇرماي، گاھ چاپچىنىپ، گاھ سەكرەپ، گاھ يۈگۈرۈپ ئىشقىيارنىڭ ئامراقلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ھېرىسمەن كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىۋېتەتتى. لېكىن بۈگۈن بۇغا بالىسى خۇددى بىر كېچىدىلا ئاغرىق تەگكەندەك شۈمشىيىپ دۈگدەرەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن يۈرەكنى ئەزگۈدەك بىر خىل بىچارىلىك ۋە غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ

پۈتۈن شادلىق-شوخلۇقنى يادىدىن چىقىرىپ، خۇددى ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان يېتىمەكتەك، ئىشقىيارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە خۇددى ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن باشپاناھلىق تىلەپ زارلاۋاتقاندەك غېرىبسىنىپ مەسكىن قارايتتى.

«مۇشۇ بىچارىنىڭ ئاشۇ يۇلتۇزدەك چىرايلىق، بوۋاقنىڭكىدەك سەبىي كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ بوغۇزىغا پىچاق ئۇرۇشقا قولى بارىدىغان مەخلۇقنى «ئادەم» دەپ ئاتاش ئادىللىق، لايىقلىق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ نەرى ئادەم؟ ئۇنىڭ ئادەملىكى زادى نەدە؟...» ئىشقىيار ئاخشامدىن بۇيان مۇشۇ خىيال ئىچىدە پۇچۇلىنىپ خۇددى كۆيگەن قىلدەك تولغىنىپ چىققانىدى. دەل مۇشۇ قىينىلىش، روھىي ئازاب، قەلب ئىزتىراپلىقى ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر بىردىنلا تىنچلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ مۇشۇ جىمجىت ئېقىن بويىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن گويا ئۆزىنى قىينىغان، ئۆزىنى ئازابلاپ دىلىنى ئۆرتىگەن نەرسىگە بىردىنلا جاۋاب تاپقاندەك، ئۇنىڭ تىنىمسىز بىئارام كۆڭلى بىراقلا تەسكىن تاپتى. بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئاشۇ، تاغ ئاشۇ ئورمان، ئاشۇ ئېقىن، ئاشۇ ئوتلاق، ئاشۇ تاشلىق يەر... ھەممىسىلا ئۆزى كۈندە كۆرۈپ تۇرغان، ئۆزى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، ھېچ ئۆزگىچىلىكى يوق بىر خىلدىكى مەۋجۇتلۇق ئىدى. لېكىن بۈگۈن بۇ يەردە قانداقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ، قانداقتۇر بىر تىلسىمچە قۇدرەت، قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز ئۆزگىرىش زاھىر بولغاندەك ئىدى. تېخى بايىلا ياتاقتىن چىقىپ بۇ يەرگە كېلىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ غولىنى غايەت زور ۋە ئېغىر بىر قارا تاش بېسىپ تۇرغانىدى.

ئىشقىيار مۇشۇ ئېقىننىڭ قىرغىقىغا كېلىپ مۇزدەك تاغ سۈيىدە يۈزىنى يۇيۇپ، باغرىنى ئېقىن سۈيىگە چىلاپ ياتقان قورام تاشقا كېلىپ ئولتۇردى ۋە تىمتاسلىققا پاتقان ئاشۇ زېمىنغا خۇددى بۇغا بالىسى ئۆزىگە تەلمۈرگەندەك مۆڭلىنىپ نەزەر سېلىشقا باشلىغاندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ، ئاشۇ سۈكۈت قۇچىقىدا بىھوشلىنىپ، سۈكۈت ئىچىدە ئۈن-تىنسىز ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدى.

شۇنداق! ئۇ، شۇ تاپتا ئاشۇ بۇژغۇنلاپ ئوقچۇپ-يۇلقۇنۇپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۈيىنىڭ ئوقچۇشلىرىدا، قارىغاي ياپراقلىرىنىڭ شۇۋىرلاشلىرىدا، گۈل-گىياھنىڭ شىلدىرلاشلىرىدا زاھىر بولغان ئىنسانىي بۇرچ، ئىنسانىي ئەقىدە، ئىنسانىي سۆيگۈ، ھايات ئېتىقادى ۋە ياشاش ئەخلاقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ھېچ ئايانماي قۇربان قىلىشنىڭ سائادىتى ۋە خۇشاللىقى ھەققىدىكى ئىزگۈ كۈي ۋە گۈزەل ناخشىلىرىغا مەپتۇن بولدى... شۇ دەمدە ئانا يەر ئۇنىڭغا ئىرادە-كۈچ، ئاتا تاغ ئۇنىڭغا يۆلەك ۋە ھىممەت، دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھ، ئېقىن سۈيى ئۇنىڭغا بىھېساب خۇشاللىق بېرىۋاتاتتى. ئانا تەبىئەت شۇ تاپتا ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسىنى ھەسسىلەپ ئىنئام قىلغانىدى.

ئىشقىيار ئېقىن سۈيىنىڭ شاۋقۇنىغا، يەرنىڭ تىنىقىغا، دەل-دەرەخ، تاغۇ-تاشنىڭ تەسىرلىك نىداسىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئەتكە، زېمىندىكى ھەممە بارلىققا بېغىشلانغان بىر ئۇلۇغ سۆيگۈ، بىر مۇقەددەس ھاياجان ئاشقىنلايتتى. بۇ تاشقىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىككىلىنىش، ئارسالدىلىق ۋە

ھەممە بىئاراملىق ھەم روھىي ئازابىنى تۈگەل سۈپۈرۈپ ئېقىتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئىرادە، ئىشەنچ، مەنىۋى توقلۇق، يېڭىلمەس بىر كۈچ كېلىپ ئىگىلىدى.

ئىشقىيارنىڭ كۆزى يىراققا — كۆل رەڭ بۇلۇتنىڭ قېتىدا قىزغۇچ كۆرۈنۈۋاتقان ئۇپۇققا تىكىلدى. ئۇنىڭ بايا مۈزلاپ توخۇ ئېتى بولۇپ كەتكەن يۈزى يالقۇندەك يېلىنجاپ كەتتى، ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك كۆكرىكى كۈچ بىلەن ئۇردەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقنىغاندەك بولدى، ئۇ مۇشتۇمىنى كۈچ بىلەن تۈردى، ئۇنىڭ بارماق سۆڭەكلىرى قىرسلاپ كەتتى. ئۇ قېلىن ۋە يىرىك لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ ئورنىدىن دەس تۇردى. بۇغا بالىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— يۈر بۇرادەر، سېنىڭ قورسىقىڭنى ئاخىرقى قېتىم ياخشىلاپ تويغۇزۇپ قوياي، ئاندىن... — ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىدى. بۇغا بالىسى ئۇنىڭغا ئەركىلىگەندەك قۇيرۇقىنى شىپشىتىپ مەرەپ قويدى. ئىشقىيار ئېقىن قىرغىقىدىن بىر قۇچاق چۆپ يۇلدى، بۇغا بالىسى قولدا تەربىيىلەنگەچكە ھازىرچە ئۆزى ئوتلاشقا كۆنمىگەنىدى. ئوتلىغاندەك قىلسىمۇ خۇددى ئاپىسى تاماق بەرمىسە ئىسسىق باسمايدىغان ئەركە بالىدەك ئۇنىڭغا ھېساب بولمايتتى. شۇڭا ئىشقىيار ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۆز قولى بىلەن چۆپ بېرەتتى.

بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ ئارقىسىدىن دىڭگوكلاپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا گازارما تەرەپتە ئەتىگەنلىك تاماققا سىگنال چېلىنغانىدى.

ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى قاشاغا كىرگۈزۈپ ئالدىغا چۆپ سېلىپ بەردى-دە، تاماقخانىغا ماڭدى. بۇغا بالىسى ئىشتىياقى بىلەن چۆپكە كىرىشىپ كەتتى.

## 37 - باب

ئادەتتە ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ ئالدىدىكى چۆپنى قىرسىلدىتىپ چايناشلىرىغا، كۆكۈللۈك پۇشقۇرۇشلىرىغا قولاق سېلىپ تاكى چۆپنى يەپ بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. گاھىدا «چۆپ ئۇنىڭغا ئەت بولۇپ قونۇۋاتامدۇ-يوق؟» دېگەندەك يوغان ئالقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى، ساغرىسىنى سىلاپ مۇجۇپ-مۇجۇپ قوياتتى. بۇغا بالىسىنىڭ قانداق چۆپنى كۆكۈللۈك ۋە ئىشتىھا بىلەن يەيدىغانلىقىنى، قانداق چۆپنى ئۇنچە زوق بىلەن يېمەيدىغانلىقىنى، قانداق چۆپنى زادىلا يېمەيدىغانلىقىنى كۆزىتەتتى. كېيىنكى قېتىمدا ئالايىتەن ھېلىقىدەك يېيىشلىك چۆپلەرنى يۇلۇپ كېلەتتى.

لېكىن بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى. چۆپنى تاشلاپ بېرىپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. بۇغا بالىسى بۇنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم قىسما بولۇپ قالغانىدى. بۇغا بالىسى گازارما قورۇسىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قاشا ئىشىكىدىن چىقتى. ئۇ بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئىشقىيارلارنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى-دە، ياتاق ئىشىكىنى تۇمشۇقى بىلەن ئىتتىرىپ ياتاققا كىردى، ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ

ئىشقىيارنىڭ بۆگۈلۈكىگە بېرىپ ئۇنىڭ يوتقان-كۆرپىسىنى ھەدلىدى، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ياتاقتىن چىقتى. ئاشۇ مېڭىشچە، كورپۇس بويلاپ ياتاقلارنى تېپىنتىپ ماڭدى. ياتاقلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئادەم يوق ئىدى، ئۇ يەنە ماڭدى، ئاخىرىدا بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كىمنىڭدۇر ئۈنلۈك سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇغا بالىسى ئۇ ئۆينىڭ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچىگە بويۇنداپ قارىدى.

— ۋەي، ۋەي، ۋەي! كىمسىز؟ ھە؟ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ؟ قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ مەنمۇ ناھايىتى ياخشى... ھە!

ئۆي ئىچىدە كىمدۇر بىرسى قولىغا بىر نەرسىنى يېقىپ ئۈنلۈك سۆزلەۋاتاتتى. بۇغا بالىسى ئۇ ئادەمنىڭ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىشىغا قۇلاق سالدى.

— ۋەي كېچاڭ، سىز تامامەن خاتىرجەم بولۇڭ! نېمە دېدىڭىز؟ ۋەي، قاراڭ دەيمەن، مەنچۇ، پولك كوماندىرىغا ئۇ بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىنىلا ئەمەس، ئاشۇ بۇغىنى ئۆلتۈرۈپ چىۋىچىنىمۇ ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن. نېمە دېدىڭىز؟ قالتىس كاتتا دورا بولمايدۇ... بولۇپمۇ پولك كوماندىرىدەك خوتۇنىدىن قېچىپ يۈرىدىغان... قىھى... قىھى... راست گەپ، چۈمپۈتمىسىڭىز سىزمۇ ئازراق ئىستېمال قىلىپ بېقىسىڭ بولمىسا، ھا... ھا... ھا... لېكىن دەررۇ لى يەڭگىنى چاقىرتمىسىڭىز چاتاق بولىدۇ... ھى... ھى... ھى... ۋەي... ھاراقتا چىلايسىز دەيمەن، ھاراقتا. ھە... ۋەي چاتاق يوق! «ئاغرىپ ئۆلدى» يا بولمىسا «زەمبىرەك ئاپتوموبىلى سوقۇۋېتىپتۇ» دەۋېرىمىز دەڭە! ۋەي پولك كوماندىرىنىڭ خەۋىرى يوقتۇ؟ ھە... ھازىرچە ئۇقتۇرمايلى، بولمىسا ئىززىقاپ ئالغىلى ئۇنىمايدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرگىلى قويماسلىقى مۇمكىن... ھە... شۇنداق، بىلمەي تۇرسۇن، تەييار قىلغاندا مېنى... «بىر يەردىن تاپقان ئىكەن» دەپلا ئاپىرىپ بەرمەمسىز! ھە شۇنداق! بۈگۈن ئۆلتۈرسە ئەتىلا ماڭغۇزۇپ بېرىمەن... پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇڭ دەيمەن... مېنىڭ قاچان لەۋزىمدە تۇرمىغان يېرىم بار، ئۇنچىلىك ئىشنى بېجىرەلمىسەك بولامدۇ؟ چاقچاق قىلماڭ... باتالىيون كوماندىرلىقىغا كۆرسىتىمەن دەمسىز؟ رەھمەت، ئىشقىلىپ سىزنىڭ گېپىڭىز ئۆتىدۇ... نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، ھېلىقى باتالىيونكەن، پۈتۈن سۇرۇك پولكىنىمۇ پىرقىرىتىۋېتىمىز دەڭا! ھە؟ مانا... مانا ھېلىقى بۇغا شۇ تاپتا ئىككىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دېرىزىدىن قاراپ تۇرىدۇ... ھازىرلا ئۆلتۈرگۈزىمەن، چاقىرغىلى كەتتى. ئەتە ئەتىگەندىلا مۈڭگۈزى بىلەن چىۋىچىنى پولك كوماندىرىغا، گۆشىنى سىزگە ئەۋەتىپ بېرىمەن، كۆڭلىڭىز يەتكەنلەر بىلەن بۆلۈشۈپ يەرسىز... بولىدۇ... بولىدۇ... ئەلۋەتتە مەخپىي بولىدۇ-دە! سىزنى سىرتقا چاقىرىپ ئاندىن بەرگىن دەپ تاپىلاپ قويىمەن... چاتاق يوق دەيمەن... ماقۇل ئەمىسە... خەير خوش...

دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشقىيار پەيدا بولدى. ئۇ روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، روتا كوماندىرىنىڭ ئىشخانىسىغا بويۇنداپ قاراپ تۇرغان بۇغا بالىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

«ئۇنى باغلاپ قويىدىمۇ نېمە؟» ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىغا سەپسالدى. لېكىن بۇغا

بالىسىنىڭ بېشى بوش تۇراتتى. ئىشقىيارنىڭ يۈرىكى ئېزىلغا چۈشتى. ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولغىنىنى چۈشىنەلمەي قالدى، ئۇ ئالدىراپ ئىشخانىغا كىردى.

— يولداش روتا كوماندىرى، مېنى چاقىرتىپتىكەنسىز، — دېدى ئىشقىيار تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئەمدىلا قويۇپ تۇرغان روتا كوماندىرىغا چاست بېرىپ.

— ھە! قېنى كەل، ئولتۇر.

ئىشقىيار قولىنى چۈشۈرۈپ ئۆرە تۇرۇۋەردى.

— يەنە ئاخشامقى گەپ، قانداق، ئويلاندىڭمۇ؟ قارا، ئاۋۇ بۇغاڭمۇ بىر نىيەت قىلغان خاسىيەتلىك ئىشقا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا رازى-رىزا بولۇپ ئىشىككە ئۆزى كەپتۇ. قېنى ئولتۇر، نېمە قىلغان بىلەنمۇ ھەربىي تەربىيە كۆرگەن بۇغا-دە، قارا، ھايۋان بولسىمۇ ھەربىينىڭ بىرىنچى بۇرچى ئۆزىنى پىدا قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ... قېنى، ئولتۇر دەيمەن...

ئىشقىيار دېرىزىدىن بويىنىنى سوزۇپ ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ قالغان بۇغا بالىسىغا جىملىگەندەك قاراپ قويۇپ، كەنتىرنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

روتا كوماندىرى موخۇركىسىنى ئوراپ تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىشقىيارغا سىنىچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى:

— قانداق، ئويلاندىڭمۇ؟

ئىشقىيار ئۇدۇلىدىكى نامەلۇم بوشلۇققا تىكىلگىنىچە ئويغا پېتىپ ئولتۇراتتى.

— زۇۋان سۈرمەيسەنغۇ، ئويلاندىڭمۇ دەۋاتىمەن؟ — روتا كوماندىرى تەكرارلىدى.

ئىشقىيار روتا كوماندىرىغا «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ، يەنە ھېلىقى نامەلۇم بوشلۇققا تىكىلدى:

— ئويلاندىم، — ئۇنىڭ ئاۋازى «غاراك-غۇرۇك» چىقىپ كەتتى. ئاندىن قورۇنغاندەك قىلىپ گېلىنى قىرىپ قويۇپ يەنە جىم بولدى.

— دېمەك رازى بولۇپسەن-دە، ئەسلىدىلا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، ئۇنداقتا... — روتا كوماندىرى ئىككىلەنگەندەك جىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ دېدى: — ھازىر بولمىغۇدەك، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى گازارمىدا، بۇ ئىشنى ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتسىمۇ ئانچە قامىلىشىپ كەتمەس. بۈگۈن كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە، بۇغا بالىسىنى گازارمىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمانغا ئېلىپ چىقىپ، يۇغۇشتۇرۇپ مۇشۇ يەرگە «غىپپىدە» ئەكىرىپ بەرمەمسەن-ھە؟ سېنىڭچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟...

ئىشقىيار خۇددى روتا كوماندىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان بۇغا بالىسىغا قادىلىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تەلەتى سوۋۇنلىشىپ كەتكەنىدى.

— بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا؟ باشقىچىلا «گاالدا-گۇلدۇك» كۆرۈنىسەنغۇ؟ ئىشقى-



يار؟ ــ دېدى روتا كوماندىرى ئاچچىقى بىلەن.
ئىشقىيار دېرىزىدىن كۆزىنى يۆتكەپ يەرگە قارىۋالدى.
ــ مە... مە... مەن بۇنداق قىلالمايمەن، يولداش روتا كوماندىرى... ــ دېدى ئۇ تەسلىكتە خۇددى خىرقىراۋاتقاندەك.
ــ نېمە، نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن ئۆزۈڭ؟ ــ روتا كوماندىرىنىڭ تەرى بىردىنلا تۇرۇلدى، ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى كۈچ بىلەن شورىۋەتتى، ــ باشقىلار كۆرسە «روتا كوماندىرىغا خۇشامەت قىلىپ يۈرىدۇ دەپ قالامدىكىن» دەپ خەۋپسىرەپ قېلىۋاتىسەن ـ ھە! بولمىسا ئاشپەزلەردىن بىرنى ھەمراھ قىلىۋال، سەن ئۇ يەردە يۇغۇشتۇرۇۋېتىپ بىلمىگەن كىشى بولۇپ قايتىپ كەل، بۇ يەرگە ئەكىلىشكە ھېلىقى ئاشپەزنى بۇيرۇۋەت بولامدۇ؟ قانداق؟ مۇشۇنداق قىلساق بولار؟...
ئىشقىيار يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇ نېگىزلارنىڭكىدەك قېلىن دورداي كالپۇكىنى خۇددى يىغلىۋېتىشتىن قورققاندەك مەھكەم چىشلىۋالغانىدى. ئۇ بىر ھازاغىچە ئاشۇ تەرىزدە ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە خىرقىراپ تەسلىكتە جاۋاب بەردى:
ــ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن... ھەم باشقىلارغىمۇ... روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغى چۈشكىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:
ــ نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە؟ ــ روتا كوماندىرى ئىشقىيارغا قاراپ ۋارقىرىۋەتتى.
ئىشقىيار كۆزىنى يەردىن ئۈزۈپ روتا كوماندىرىغا تىكىلدى:
ــ شۇنداق! بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈش ــ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ ھەم باشقىلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىگىمۇ يول قويالمايمەن، يولداش روتا كوماندىرى، ــ دېدى ئۇ خاتىرجەم ئاھاڭدا.
روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىشقىيارنىڭ بۇنداق دېيىشىنى زىنھار ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ تونۇگۈندىن بۇيانقى شېرىن خىياللىرى توزغاقتەك توزۇشقا باشلىدى.
ئۇ ئىشنى شۇنىڭ بىلەن قارا باسارمۇ؟ ياق! ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ! كىمكەن ئۇ شۇنچە! ئۆلتۈرمەسمىش ھەم ئۆلتۈرگۈزمەسمىش! ھۇ، ئۆزىنى بىلمەيدىغان قارا ئۆپكە! ئۆزىنىڭ كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ پەپىلىقۇش كالۋاڭ! ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلسا، قانداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمايدىكىنە؟...

لېكىن ھازىرچە ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلىشقىمۇ بولمايتتى، چۈنكى بۇ ئىشنى چىراي-
لىقچە «بۇسىنى چىقارماي» بىر تەرەپ قىلمىسا، ھەممە جەھەتتە ئۆزىگە پايدىسىز ئى-
دى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرمۇنچە سۆز-چۆچەككە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئىدى.
روتا كوماندىرى ئورنىدىن كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدان-
غا بېسىۋېتىپ، يەنە تاماكا ئوراشقا كىرىشتى. ئىشخانا ئىچىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق
باستى. شۇ تاپتا بۇغا بالىسى ۋە ئىككى ئادەم بىر-بىرىنى ئۈنسىز كۆزەتمەكتە ئىدى.
بىر ھازادىن كېيىن روتا كوماندىرى بۇ كۆڭۈلسىز جىملىقنى بۇزدى.
— قارا ئىشقىيار، مەن سېنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىڭنى چۈشىنىپ ئولتۇرۇپتى-
مەن. بۇغا بالىسى سېنىڭ قولۇڭغا تولىمۇ كېچىك چۈشكەن، سەن 6-7 ئايدىن بۇ-
يان خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىڭنى باققاندەك باقتىڭ. ئۇنىڭغا ئۇرغۇن ئەجرە قىل-
دىڭ... بۇنى جېمى ئادەم بىلىدۇ. ئەسلىدە گازارمىدا بىر جەڭچىنىڭ ئۆز ئىختىيار-
لىقىچە بىر ھايۋاننى بېقىپ يۈرۈشىگە ھەربىي ئىنتىزام قەتئىي يول قويمايتتى، لې-
كىن سەن مېنىڭ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغاچقا، مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاياپ
ھازىرغىچە بۇ توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىدىم. ھەتتا ئۇنى ياتاقتا بېقىشىڭغىمۇ سۈكۈت
قىلدىم. ئۆز ۋاقتىدا بۇ توغرىلىق بەزى جەڭچىلەر ئۈستىڭدىن شىكايەت قىلىشىپمۇ كې-
لىشكەنىدى. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالمىدىم. ئەمدى بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندە، بۇغا بالىسى بىر چىرايلىق چوڭ بولدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قىيماي-
ۋاتىسەن. بۇ ھېسسىياتىڭنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئادەتتە ئادەملەر ئۈچۈن تاماكىنى
تاشلاشمۇ ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ، بولمىسا ئادەملەر ئۇنىڭ زىيىنىنى بىلىشىدۇ.
نېمە ئۈچۈن؟ پەقەت ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قېلىشقان. تاماكا چەكمىسە خۇددى ئۆزىنىڭ
بىر ئەزاسى كەمتۈك بولۇپ قالغاندەك سېزىشىدۇ. ھازىر سەن بۇغا بالىسىغىمۇ خۇد-
دى مەن تاماكىغا ئۆگىنىپ قالغاندەك ئۆگىنىپ قالغىنىڭ ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا تارتىنىۋاتى-
سەن، خالاس! — روتا كوماندىرى تاماكىسىنى كۈچ بىلەن شوراپ ئىسىنى پۈۋلىدى ۋە
«مېنىڭ گەپلىرىم ئۇنىڭغا قانداقراق تەسىر قىلىۋاتىدىكىن؟» دېگەندەك ئاشۇ تۇرۇم-
تۇرۇم ئىس ئارىسىدىن كۆزلىرىنى قىسىپ ئىشقىيارنى كۆزەتتى. ئىشقىيار يەرگە باقى-
نىچە قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. بۇغا بالىسىمۇ ئۆي ئىچىگە چەكچىيىپ قومۇشنىڭ ياپرى-
قىدەك نېپىز ۋە ئۇچلۇق قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، سەزگۈرلۈك ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.
— لېكىن، شۇ تاپتا سەن بالىلىق قىلىۋاتىسەن ئىشقىيار... — روتا كوماندىرى سۆ-
زىنى داۋام قىلدى، — خۇددى مۇشۇككە ئامراق بالا مۇشۇكى يوقاپ كەتسە، بۇرنىنى
چۈۋۈپ يىغلىغاندەك قەغىشلىك قىلىۋاتىسەن، سەن بولساڭ چوپ-چوڭلا بىر ئادەم،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋە ئەڭ مۇھىمى، سەن بىر ھەربىيسەن، بىر جەڭچىسەن! جەڭچى دېگەن
نەدىكى غىلجىڭ خوتۇنلاردەك ئۇنداق ھېسسىياتچان بولسا بولمايدۇ. بۇ ئىرادىسىزلىك-
نىڭ بەلگىسى. ئۇنداق ئىرادىسىز، غىلجىڭلىق ھەربىي ئادەمگە ياراشمايدۇ... مەن
سېنىڭ بۇنداق قىلىۋېرىشىڭگە ئەمدى يول قويالمايمەن، بىر ھەربىي ئادەم، بىر ھاي-
ۋان بالىسى ئۈچۈن بۇنداق سۆيۈقلۇق قىلغىلى تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ياخشى ھەربىي،

ياخشى جەڭچى دېگىلى بولسۇن؟ بۇنداق ئادەملەر جەڭ مەيدانىدا قاننى كۆرە-كۆرمەستىن ھوشىدىن كېتىدۇ. شۇ تاپتا ساڭا فرونتقا بېرىشقا بۇيرۇق بېرىلسە، ئاشۇ بۇغاڭغا تارتىشىپ ئولتۇرامسەن؟ بۇنداق جەڭچى بىزگە كېرەك ئەمەس. جەڭچى دېگەن ۋاقتى كەلسە، قىلىچ بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى چېپىپ ئۈزۈپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. مانا مۇشۇنداق ئادەمدىن ھەقىقىي جەڭچى چىقىدۇ! بىزگە دەل ئاشۇنداق ھەربىيلەر كېرەك! ئىككىنچىدىن، بىر يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر، سېنىڭ بىر قوماندانىڭ شۇ تاپتا مۇشۇ بۇغىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغىنىدا سېنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇشۇڭغا ھەققىڭ بارمۇ؟ جەڭچىنىڭ بۇرچى — ئىنقىلاب ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ھېچ ئىككىلەنمەي قۇربان قىلىش! شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، بۇغىغا موھتاج بولۇۋاتقان ئادەم — ئادەتتىكى ئادەم بولماستىن، سېنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانىڭ! ئاشۇنداق بىر ئادەم ئۈچۈن ھېچنېمەڭنى ئايىماسلىقىڭ كېرەك، يىگىت!...

روتا كوماندىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنگەنسەن؟ ئەمدى سېنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشقا مېنىڭ ۋاقتىم يوق. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈڭ بىلەرسەن ئەمدى، — روتا كوماندىرى ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ كۆكرىكىنى كېرىپ قويدى.

ئىشقىيار بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇپ گىرتىيىپ قالغانىدى. ئۇ قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالىدى ۋە تەسلىكتە دېدى:

— گېپىڭىزنى چۈشىنىپ ئولتۇرىمەن، يولداش روتا كوماندىرى، سىز مۇشۇ بۇغا بالىسىنى مۇشۇنچىلىك قىلغىچە ماڭا نۇرغۇن كەڭچىلىك قىلدىڭىز، ياردەم بەردىڭىز، شۇڭا يېرىم جان بولۇپ قالغان بۇغا بالىسى بۈگۈنكى مۇشۇ ھالغا كەلدى، — ئىشقار دېرىزىدە بويۇنداپ تۇرغان بۇغا بالىسىغا قاراپ قويدى، — بۇنىڭدا سىزنىڭمۇ ئەلۋەتتە تېگىشلىك ھەسسىڭىز بار، مەن بۇنىڭغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئوقۇيمەن، سىزنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىڭىزنى ئۆگىنىمەن. ئەمدى بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. شۇنداقلا ھېچكىمنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشىگە يول قويمايمەن. نېمىشقا دېگەندە، بۇغا بالىسىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش تەبىئەتنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە پايدىسىلا باركى ھېچ زىيىنى يوق. ئۇنىڭ خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش ياشاش ھەققى بار. كىشىگە ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتمەيدىغان، تەبىئەت ۋە ئادەملەرگە بىز ھېس قىلالمايدىغان شەكىللەر ئارقىلىق خىزمەت قىلىدىغان گۇناھسىز ھايۋاننى بىھۇدە ئۆلتۈرۈش — مېنىڭچە، بەكمۇ يولسىزلىق، رەھىمسىزلىك بولىدۇ، — ئىشقىيار دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسماننىڭ پارچىسىغا تىكىلدى، — بىزنىڭ يۇرتتا قىشلىقى قوغۇننى گەمىگە تىزىپ ساقلايمىز. سوغۇقتا قوغۇن ئۈششۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىر ئادەتتە گەمىگە تىزىقلىق قوغۇنلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىپ قوي باغلاپ قويىمىز. ھاۋانىڭ رايىغا قاراپ گاھىدا بىرەر قوي، مۇبادا سوغۇق قاتتىقراق بولسا ئىككى قوي، ئەگەردە سوغۇق بەك كۈچىيىپ كەتسە ئۈچ قوي باغلايمىز.

شۇنىڭ بىلەن قوغۇن شۇنچە قاتتىق سوغۇقتىمۇ مۇزلىماي ئېتىزدىن ئۈزگەن پېتىچە ساقلىنىدۇ. قارىماققا، قوينىڭ بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق گەمىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، دۇنيادىكى ئادەم، سۇ، تۇپراق، دەل-دەرەخ، ئۇچار-قانات، جانۇ-جانىۋارلار بىز چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، بىز كۆرۈپ ھېس قىلالمايدىغان ھالەتتە بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدىكەن. قارىماققا قوغۇن بىلەن قوي ئىككىسى قايناتسىمۇ ئىلەشمەيدىغان ئىككى نەرسە. لېكىن ئەنە ئاشۇ قويمۇ قوغۇنغا ئۆز ئىسسىقلىقىدىن باشقا يەنە نېمىلەرنىدۇ بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قوغۇن ئېتىزدا تۇرغاندەك ياش تۇرىدىكەن.

شۇڭا، بىزنىڭ پۈتكۈل مەشغۇلات-پائالىيىتىمىز، بىزنىڭ غايە-نىشانىمىز خۇددى بوۋام ئېيتقاندەك ئادەم، ھاۋا، سۇ، تۇپراق، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، ئۇچار-قانات، جانۇ-جانىۋارلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم، دەپ ئويلايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇغا بالىسىنى قۇتقۇزۇۋالدىم. ئەمدى ئويلاپ بېقىڭ، يولداش روتا كوماندىرى، مەن بۇغا بالىسىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگۈدەكمەن ۋە نېمىشقا ھېچ سەۋەبسىزلا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قاراپ تۇرغىدەكمەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن ئۇنى تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئۇنى قويۇۋېتىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركى بويىچە ياشاشقا ھەقلىق... مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئەقىدىسىگە سادىق بولۇپ قالالايمەن. تەبىئەتكە، ئەجدادلىرىمنىڭ روھىغا، ئاتا-بوۋامغا يۈز كېلەلەيمەن. كەچۈرۈڭ، يولداش روتا كوماندىرى، سىز بايا تاماكىنى مىسالغا ئالدىڭىز، مەن سىزنىڭ بۇنداق سېلىشتۇرغىنىڭىزنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. تاماكا — ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، ئۇ ھاياتنى يوقاتقۇچى، ئۆلۈمنىڭ ئانىسى، لېكىن مۇنۇ بۇغا بالىچۇ؟ ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دوستى، ئانا تەبىئەتنىڭ بالىسى، ئۇ، ھاياتقا گۈزەللىك، دوستلۇق بېرىدۇ، ئىنسانىيەت موھتاج بولۇۋاتقان يەنە ئاللىقانداق قىممەتلىك نەرسىنى بېغىشلايدۇ. مۇشۇنداق بىباھا ھايۋاننى، ئىنسانىيەتنىڭ دوستىنى ھېچ سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈش — مېنىڭچە... بەكمۇ شەپقەتسىزلىك، ھېچبولمىغاندا، نادانلىق بولسا كېرەك.

روتا كوماندىرى خۇشياقمىغاندەك بوينىنى تولغاپ ئاغزىنى قىيسايتتى:

— قالتىس سۆزمەن بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ئىشقىيار؟ كۆتۈر ئۇنداق پاخپاق گەپ، قۇرۇق سەپسەتىلىرىڭنى! بايىتىدىن بېرى گەپ قىلمىسام ئەجەب ئەدەپسىنا سەن؟ نەدىن ئۆگەندىڭ بۇنچە ئەخمەقلىقنى؟... — روتا كوماندىرى تاقەت قىلالماي ئىشقىيارنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. ئاچچىقىدىن ئۇنىڭ بۇرۇن كۆمۈرچىكى لىپىلداپ ئاپئاق بۇدرۇق يۈزىگە قىپقىزىل قان تېپىپ چىققانىدى.

ئىشقىيار ئۇشتۇمتۇت تىلىنى چىشلىۋالغاندەك ئۇجۇقۇپ جىم بولۇپ قالدى.

— سەن ماڭا تەبىئەتشۇناسلىقتىن دەرس ئۆتەي دەۋاتامسەن؟ رەھمەت ساڭا! مېنىڭ ئۇلارنى ئاڭلاشقا زوقۇم يوق! — روتا كوماندىرى ئاچچىقىدا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ «غاچ-غاچ» دەسسەپ بېرىپ ئورۇندۇققا «جاققىدە» ئولتۇردى، ئاندىن ئۆزىگە خاتىرجەم ھالدا تىكىلىپ تۇرغان ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى.

مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، سەن جەڭگىۋار ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى-سەن! ئەتىگەندىن بۇيان ئۆزۈڭچە بىر نېمىلەرنى دەپلا كەتتىڭ، لېكىن ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، جەڭچىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىنقىلابىي قوشۇندىكىلەر ئۆزئارا كۆيۈنۈش دېگەنلەرنى ئېغىزىڭغا ئېلىپمۇ قويمىدىڭ! نەدىكى دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى كونا مۇقامنى تۇۋلاپ يۈرىسەن. سېنىڭ كاللاڭ خۇراپاتلىق بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. سېنىڭ نەرگىنى 80-يىللاردىكى بىر ياش، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر جەڭچىسى دېگىلى بولامدۇ؟ قېنى، ئۆزۈڭ دەپباقە؟... بۇنىڭ مەمەدانلىقىنى قارا؟!

ئىشقىيار بىر دەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى:

— مېنىڭ بىلەن سۆز تالاشتى دەپ ئويلاپ قالماڭ، يولداش روتا كوماندىرى. مەن سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن، لېكىن سىزنىڭ بايىقى قارىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن، كىچىكىمدىن «ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم بولۇش، جەمئىيىتىمىزنى سۆيۈش، كۆپچىلىكنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش» دېگەنلەر مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يولۇمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ غايەم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ماڭا ئۇستازلىرىم مۇشۇنداق ئۆگەتكەن. مەن بۇ غايەمگە مەڭگۈ سادىق بولۇپ قالىمەن. ئۇندىن باشقا مەن بوۋامنىڭ تەربىيىسىنى ئالدىم، بوۋام ماڭا ھاياتنى، ئىنسانلارنى، تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈشنى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى، مەنپەئەتىنى ئالدى بىلىشنى، شەخسىيەتسىز، توغرا، ئادىل بولۇشنى، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە يالقۇنلۇق سۆيگۈ، ئوتلۇق مېھرى-مۇھەببەت باغلاشنى ئۆگەتتى. بوۋامنىڭ بۇ تەربىيىسى مېنىڭ قان-قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن. مەن ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىنى، ئەۋلادىمىزنىڭ بەخت ئىقبالىنى جېنىمدىن ئەلا بىلىمەن. ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ئەتىسى ئۈچۈن، كېيىنكىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزۈمنى بېغىشلاش مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق. مانا بۇلار مېنىڭ ئەجداتلىرىمنىڭ، ئاتا-بوۋامنىڭ مەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدى...

— بولدى، بولدى! سېنىڭ ئاتا-بوۋاڭ، ئەجدادىڭ كىم شۇنچە؟ ئەۋلىيا-ئەنبىيامۇ؟ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ، يا بولمىسا سەئىدىيە خانلىقى پادىشاھىنىڭ نەۋرىسىمۇ سەن؟! يا بولمىسا قايسىبىر ئالىم، ئۆلىمانىڭ ئۇرۇقىمۇ سەن؟— روتا كوماندىرى ئاچچىقى بىلەن قولىنى شىلتىدى، — نەدىكى روھ-ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ يۈرگىچە ئەڭ ياخشىسى سېنى تەربىيىلەپ ئادەم قىلىۋاتقان، شۇنچە ئوتتۇرا قوۋادەك يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ھەربىي رايوندىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئالاھىدە گۇرۇپپىغا مەسئۇل قىلغان، قىسمىغا كېلە-كەلمەيلا ئارمىيىدىن قاچقان گۇناھىڭنى ھېسابقا ئالماي، پارتىيىگە كىرگۈزۈپ قويماقچى بولۇۋاتقان، ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان شوپۇرلۇق كۇرسىغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقان باشلىقىڭنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىشنى ئۆگەن! «ئەجدادىم، پەجدادىم» دەپ قۇرۇق ئۇستىخاننى شۈمىگىنىڭ بىلەن ئۇ روھ-ئەرۋاھلار ساڭا ھېچنېمە قىلىپ بەرمەيدۇ!

ئۇشتۇمتۇت ئىشقىيارنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ، چىشلى-

رىنى مەھكەم چىشلەپ، قان تىقىلىشقا باشلىغان كۆزلىرى بىلەن روتا كوماندىرىنىڭ غەزەپتىن ئالاڭلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكەندەك قادالدى:

— يولداش... روتا، كوماندىرى — ئىشقىيار كاللىدەك پوشۇلداپ ھاسىرايتتى. غەزەپتىن ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتكەندى، — سىز مېنىڭ كوماندىرىم بولسىڭىزمۇ مېنىڭ ئەجدادىمنى ھاقارەت قىلىشقا ھەققىڭىز يوق! مېنىڭ ئەجدادىم ئەۋلىيامۇ ئەمەس، پادىشاھمۇ ئەمەس، دېھقان — ئۇيغۇر دېھقىنى! ئاشۇ ئەجدادلىرىمىز بىزنى تاپقان، بېقىپ ئۆستۈرگەن، بىزنى ساقلاپ قالغان! بىزنىڭ ھالاك بولماي، يوقىلىپ كەتمەي، ئۇرۇقىمىز قۇرۇپ كەتمەي، مۇشۇنداق ياشاپ كېلىشىمىز، ئاشۇ ئەجدادلارنىڭ شاراپىتىدىن بولغان، لېكىن شۇ كۇنلەردە بەزى ئادەملەر ئەجدادىنى يادىدىن چىقىرىشتى، ئەجدادىنىڭ روھىنى دەپسەندە قىلىشىدىغان، ئەجدادىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسىنى خورلايدىغان بولۇۋالدى...

— بولدى بەس! — روتا كوماندىرى كەنتىرگە «پاق!» قىلىپ ئۇردى، ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، كۆكىرىپ كەتكەندى، — نېمانچە ئۆزۈڭنى بىلمەي، ھەددىڭدىن ئاشىسەن؟! سەن شۇ تاپتا كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟! — ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققاندى. ئۇ قولىدىكى تاماكىنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى، — سەن ھەربىيمۇ نېمە سەن؟! مەن بۇغىنىڭ گېپىنى قىلسام سەن نەدىكى تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى قىلىپ ئەركىلىگىلى تۇردۇڭغۇ؟! مەن سەندىن ئىلتىماس قىلمايمەن، بىلىپ قوي، نەلەپ قىلىۋاتىمەن!

ئىشقىيار «غورتتىدە» قىلىپ بىر نەرسىنى يۇتۇۋەتكەندەك قىلدى. ئۇنىڭ چاقماقتەك ئۇچلۇق ۋە يوغان ھەلقۇمى تەسلىكتە قىمىرلايتتى، ئۇنىڭ كۆزى روتا كوماندىرىغا مەھكەم قادالغانىدى:

— مەن ھەربىيمەن، يولداش كوماندىر، لېكىن... لېكىن مەن يەنە ئادەممەن!... — ئىشقىيار سۆزلەرنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن تەسلىكتە چىقاردى، — سىزنىڭ ھەربىي بۇرچۇمغا دائىر ھەر قانداق بۇيرۇقىڭىزنى ھەر قانداق زامان - ماكاندا باش ئۈستىگە ئورۇنلايمەن، لېكىن شۇ تاپتا مەن بۇغا مەسىلىسىدە بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇنداشقا ئاجىزمەن... مېنى كەچۈرۈڭ!

روتا كوماندىرى خۇددى ئىشقىيارنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇنىڭ غەزەپ ۋە تەشۋىشتە قىسىلغان كۆزلىرى ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە قارىيالماي، ئىشقىيارنىڭ كۆكرىكىدىكى تۈگمىگە كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ قوشۇملىرى يىپ كالەكىدەك تۈرۈلۈپ كەتكەندى، ئۇنىڭ قىزلارنىڭ لېۋىدەك نېپىز ۋە قىزىل ياغلىشاڭغۇ كالپۇكى ئەمدىلىكتە تاتىرىپ قانسىزلانغانىدى. ئۇنىڭ كەنتىر ئۈستىگە قويۇلغان ئاپئاق، بودرۇق لېكىن يۇگىلۇق بارماقلىرى تىترىمەكتە ئىدى. ئىشقىيار شۇ تاپتا بۇغا بالىسى ھەققىدە روتا كوماندىرىنىڭ ئاخىرى بىر قارار چىقىرىپ ئۆزىنى بۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى تىلەپ ئولتۇرۇشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى. ئۇ، روتا كوماندىرىنىڭ شۇ قەدەر خاپا بولغىنىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ كوممۇنىستىنىڭ، بۇ رەھبەرنىڭ ئاشۇ ئاچچىقىنى ئەقىل بىلەن

يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مۇبادا شۇنداقلا بولۇپ قالسا، ئىشقىيار خۇشاللىقىدىن ئۇۆ-
زىنى كوماندىرنىڭ قۇچىقىغا تاشلاشقا تەييار ئىدى. ئۇ، روتا كوماندىرىنىڭ سۆزۈنلەشكەن
سوغۇق چىرايىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

— سېنىڭ بوۋاڭ ئادەم بىلەن هايۋاننىڭ ئورنىنى ئوخشاش، ئادەم بىلەن هايۋان-
نىڭ قىممىتىنى هەم ئوخشاش، دەپ ئۆگەتكىنى ئۈچۈن بۇغا بالىسى مەسىلىسىدە مۇشۇن-
داق تەرسالىق قىلامسەن، ئىشقىيار؟— روتا كوماندىرى سەل بېسىقىغا چۈشكەندەك سو-
غۇق تەلەپپۇزدا سورىدى. ئىشقىيار ئۇنچىقمىدى، ئەمدى ئۇ، روتا كوماندىرى بىلەن تە-
گىشىپ قىلىشنى خالىمايتتى.

— ئۇنداقتا سېنىمۇ هايۋان دېسەك بولىۋېرىدىكەن - دە!— روتا كوماندىرى قوغۇ-
شۇندەك كۆل رەڭ سوغۇق ئۇچقۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئىشقىيارنىڭ كۆ-
زىگە قادىلىپ زەهەرلىك هىجايدى.

— ياق، يولداش كوماندىر، جىمى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۇلۇغى، هۆرمەتلىكى ئادەم.
ئىنسانسىز، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىسىز، نە يەر شارىنىڭ، نە هايۋاننىڭ، نە گۈلنىڭ، نە
بۇلبۇلنىڭ قىلچە ئەهمىيىتى بولمىغان بولاتتى. مەن هەرگىزمۇ ئاشۇ مەۋجۇدىيەتلەرنى
تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل كەشپىياتى بولغان ئادەمدىن ئۈستۈن قويماقچى ئەمەسمەن.
ئىجاد - ئىختىرا قىلىشنى بىلىدىغان ئىدراكى ئادەم تەبىئەتنىڭ شاه تاجىسى، مېنىڭ بو-
ۋام ئاشۇنداق! لېكىن ئاشۇ تەبىئەت دۇنياسىنى — يەر، سۇ، گۈل - گىياه، هايۋان، ئۇ-
چار قاناتنى ئۆزىنىڭ دوستى دەپ بىلىشى لازىم دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە، يەنىلا ئادەم-
نىڭ ئۆز مەۋجۇدلىقى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!— ئىشقىيار سۆزىنى تۈگىتىپ جىم بولدى.

— پاه!... ئەسلىدە ئەسكەر بولماي، مۇنبەرگە چىقىپ خەققە پەلسەپە ئۆگىتىدىغار
يەرنى تاپساڭ بولاتتىكەن!— روتا كوماندىرى ئاشكارا زاڭلىق قىلىپ كۈلدى، ئاندىن
كۆرەڭلەرچە دېمىقىنى قاقتى.

ئىشقارنىڭ خۇددى ئاتنىڭ چىشىدەك هەم چوڭ، هەم زىچ مەهكەم چىشلىرى ئۇ-
نىڭ ئاستىنقى كالپۇكىغا پاتتى، ئىزىق چىشىنىڭ كىرىشىشىدىن ئۇنىڭ جاغ سۆڭەكلى-
رى هېلىلا «قاراس» قىلىپ سۇنىدىغاندەك تومپىيىپ چىقتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۈنچىقمىدى.
روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ هالىتىنى كۆزىتىپ بىردەم قادىلىپ ئولتۇرغاندىن كې-
يىن ئۇشتۇمتۇت سورىدى:

— مۇبادا ئاشۇ بۇغاڭنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلىۋەتسەم ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟

ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىگە «لاپپىدە» قارىدى. كوماندىر ئىشقىياردىن
جاۋاب كۈتۈپ، ئۇنىڭ كۆزىگە پىچاقتەك قادالغانىدى.

— ئۇ بۇغا يەنە كېلىپ دۆلەتنىڭ بۇغىسى، ئوقتىلىق قوغدىلىدىغان قىممەتلىك هاي-
ۋان. مۇبادا ئۇنى مېنىڭ توسقىنىمغا قارىماي ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز، ئۈستىڭىزدىن سوت-قا
ئەرز-شىكايەت قىلىمەن، يولداش روتا كوماندىرى،— دېدى ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ ئە-
لەم ۋە غەزەپتىن قىسىلغان كۆزىگە خاتىرجەملىك بىلەن تىكىلىپ كەسكىن ئاهاڭدا.

روتا كوماندىرىنىڭ يۈزى چىڭقىلىپ، كۆزى قىسىلىپ، چاچراپ چىقىدىغاندەك پول-

تىيىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىكە تومۇردىنىڭ شىددەت بىلەن لوقۇلدىشى ئىشقىيارغا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. روتا كوماندىرى خۇددى ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان مۇشـۇك- تەك تۈگۈلۈپ، ئىشقىيارغا قادالغىنىچە بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، خىرقىراپ تۇرۇپ دېدى:

— سەن بۇنىڭ بىلەن نېمىگە ئېرىشىسەن؟

ئىشقىيار ھېچ ئويلاپ تۇرمايلا دېدى:

— ھېچنېمىگە! مەن ھېچنېمىگە ئېرىشمەكچى ئەمەس، يولداش روتا كـوماندىرى. مەن بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ تەسكىن تاپىمەن، پەقەت شۇ!

روتا كوماندىرى ئۇشتۇمتۇت بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنـلا سەتلە- شىپ كەتكەندى.

— ئۆزۈڭنىڭ ئىستىقباللىڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمـۇ؟— ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن كۈچلۈك تەھدىكە چىقىپ تۇراتتى.

ئىشقىيار ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەيـرانلىـق ئىچىدە روتا كوماندىرىدىن سورىدى:

— مەن چۈشىنەلمىدىم، يولداش روتا كوماندىرى.

روتا كوماندىرى ئورنىدىن تۇردى:

— شۇنداقمۇ؟— ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى.

روتا كوماندىرى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، ئىشخانا ئىچىدە ئۇياق- بۇياقـقا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇت ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى- دە، مۇلايىمغىنـە قىلىپ دېدى:

— ئۇنداقتا قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ، يولداش ئىشقىيار، رەھمەت ساڭا!— روتا كو- ماندىرى نېمىشقىدۇر سەتلا ھىجايدى. شۇ چاغدا ئىشقىيار روتا كوماندىرىنىڭ كۆزىـدە ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل ئوچقۇننىڭ يالتىرىغىنىنى كۆرۈپ قالدى.

— رەھمەت... يولداش روتا كوماندىرى،— دېدى ئىشقىيار بىئاراملىق ئىچىدە قەدە- مىنى رۇسلاپ. ئۇ، روتا كوماندىرىغا چاست بېرىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.

— توختا!— روتا كوماندىرى ئۇشتۇمتۇت بۇيرۇق بەردى،— سەن بېرىپ خارىسـ- نى چاقىرىۋەت، دەرھال يېتىپ كەلسۇن.

— خوپ!

ئىشقىيار يەنە چاست بېرىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئىشـ- قىيار ئىشىكتىن چىقىپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى. شۇ چاغدا باياتىـدىن بېرى دېرىزىدىن قا- راپ تۇرغان بۇغا بالىسى ئاستا مېڭىپ ئىشقىيارنىڭ يېنىغا كەلدى- دە، تۇمشۇقىنى ئۇ- نىڭ قولتۇقىغا تىقىپ تىپتىنچ تۇرۇپ قالدى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىنى مېھـرى بىلەن سىـلىدى. ئىشقىيار قەدىمىنى توختاتتى. ئۇ شۇ تاپتا گاڭگىراپ قالغاندەك ئىـدى. روتا كوماندىرى بىلەن بولۇدىغان سۆھبەتنىڭ بۇنداق نەتىجىسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈر- مىگەنىدى. زادى نېمـە گەپ- بۇ؟ ئىشقىيار خاتا قىلدىمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچـۈن روتا

كوماندىرىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىدى؟ ئۆزى سەھرا بالىسى بولغاچقا، كۆڭلىدە ئۇيـ
لىغانلىرىنى روتا كوماندىرىغا لايىقىدا چۈشەندۈرەلمىدىمىكىن؟ ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنىـدۇ
ئىزاھلاپ ئۆتۈشى كېرەكمىكىن ـ ھە؟ ئىشقىيار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ روتا كوماندىرىـنىڭ
ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇغا بالىسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. توغرا، ئىشقىـيار
ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ، روتا كوماندىرىنى رەنجىتىپ قويدى. گەپ ـ سـۆزلەرنى جايىـدا
ئىشلىتەلمىدى تايىن، ئۇ يېقىندىن بۇيان ئۆزگىرىپ كەتتىمىكىن، مەغرۇرلىنىـپ قالدىـ
مىكىن؟ شۇڭا رەھبەرلىكنىڭ ئالدىدىمۇ كۆرەڭلىك قىلىپ قويدىمىكىن؟ كۆرسىتىۋەتكەن
قايسى خىزمەتلىرىدىگە مەغرۇرلىنىسەن؟ يەنە كېلىپ ھەممە كىشى تەپتارتىـدىـغان روتا
كوماندىرىنىڭ ئالدىدا خۇددى تەڭتۇش ئاغىنەڭ بىلەن بەسلەشكەندەك قىزىرىپ، بوزىرۇـ
رۇپ، كۆپۈپ كەتكىنىڭنى قارا، ھەي ئىشقىيار! بوۋاڭنىڭ ئالدىدا شۇنـ
داق قىلالايتتىڭمۇ؟ سەن ھەقلىق بولغان تەقدىردىمۇ بوۋاڭ ئۆگەتكەنـدەك «گەپ دېـ
گەننى قىلىشنىڭمۇ يولى بولىدۇ» ئەمەسمۇ؟!

ئىشقىيار ئىشخانا تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ ئىشخانا ئىشىكى ئالدىـغا كېلىـپ
تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. روتا كوماندىرى ئىشخانىدا كىم بىلەندۇر تېلېفوندا سۆزلىشىـ
ۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاھاڭىدا قاتتىق غەزەپلەنگىنى چىقىپ تۇراتتى.

ـ ھە، شۇنداق، ئۇنىماي قويدى. ھەتتا تېخى «غەۋغا كۆتۈرىمەن، سوتـقا بارىـ
مەن» دەيدۇ قاراڭ، ئادەم دېگەنگىمۇ ئىشىنەمدىغان! ھېلىمۇ ياخشى، پولـك كوماندىرىغا
ئۇقتۇرمىغان ئىكەنسىز، بولمىغان بولسا مېنىڭ ۋە سىزنىڭ يۈزىڭىزنى سـىيرىۋېتەر ئىكەن
ئۇ. خۇددى «ئانىسىنى بوغۇزلايمەن» دېگەندەك چىرقىراپ كېتىۋاتامدۇ؟ ۋەي، كېچاڭ،
پولـك كوماندىرىغا بۇ قېتىم قىلالمىساق يەنە نۆۋەتتە كېلىپ قالار، ئەڭ بـولمىغاندا،
ئۆزۈم ئورنىغا كىرىپ بىرەرسىنى ئېيتىپ ئەۋەتىپ بېرەرمەن! نېمە؟ ئەمدىـچۇ قاراڭ،
ئۆتكەندە روتىمىزدىن پارتىيە كاندىداتلىقىغا كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ ماتېرىيالى ئىـچىدىن
«ئىشقىيار» ئىسىملىك ماتېرىيالنى پولـك پارتكومىنىڭ مۇزاكىرىسىگە يوللىماي بوگۇنلا
قايتۇرۇۋېتىڭ! ھەئە شۇنىڭ ماتېرىيالى! ئىدىيىۋى ئېڭى بۇ دەرىجىـدە تـۆۋەن، قالاق
ئادەمنىڭ پارتىيىگە كىرىش سالاھىيىتى يوق! ھە، دەرھال ياندۇرۇۋېتىڭ! يەنە بىر ئىش،
ئۇنىڭ بۇ يىللىقى ھەربىي رايوندا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىگە قاتنىشىـدىـغان ئالاھىدە
ئوددىلىنىيىنىڭ ۋاقىتلىق ئوددىلىنىيە كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدۇق! نېمە؟
ئۇنىڭ ئورنىغا «خارىس» ئىسىملىك جەڭچىنى ئويلىشىۋاتىمەن! نېمە؟ ئۆلگۈرىدۇ! ئۇمۇ
يامان ئەمەس، ھە، ئۇنى ئەتىلا مۇقىملاشتۇرۇپ يوللاپ بېرىمەن، تەلىم ـ تەربىيـە
بۆلـۈمـىـگە ھازىرلا خەۋەر قىلىۋېتىڭ، ئىشقىيارنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋەتسۇن، توختاڭ،
يەنە بىر گەپ، سىز شۇ تاپـنىڭ ئۆزىدە پولـك ئاپتو كالونى شـوپۇرلۇق كۇرسـىغا
روتىمىزدىن ئەۋەتىپ بېرىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىدىكى «ئىشقىيار» دېگەننىڭ ئورنىغا باشـ
قا جەڭچىنى ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىمىزنىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ! نېمە؟ ھازىرچە شاكىـر
دېگەن جەڭچىنى، ھە، شۇنىڭ ئىسمىنى تىزىملىتىپ قويۇڭ. مۇشۇ ئۈچ ئىشنى بـۈگۈنـلا
بېجىرىۋېتەرسىز، قېنى، خوجا ئاكىسىغا چاقچاق قىلسا، قانداق بولىدىغانلىقىنى كـۆرۈپ

قويسۇن ئۇ ئىجمەل! خەير...

ئىشقىيار ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاتتى. شۇ تاپتا گويا ئۇنىڭ بېشىغا كىمدۇر بىرى تۇيۇقسىز بازغان بىلەن ئۇرۇۋەتكەندەك، ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى «پىرىرىدە» قېيىپ، تۇرغان جايىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن دۈپۈلدەيتتى، قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ ئەسەبىيلىرى قاقشاپ كەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن، ئالقانلىرىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتتى، خۇددى بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كىرىپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ ئىچ - باغرى كۆيۈپ ئېچىشىپ ئۆرتىنىپ كەتتى. بىر چاغدا بۇغا بالىسى ئىشقىيارنىڭ يېنىغا بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇق قالغان بوينىنى ھىدلىدى، تۇمشۇقى بىلەن ئىشقىيارنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈندەپ تۈرتۈپ، ئايانچلىق مەردى، لېكىن ئىشقىيار بولارنى سەزمىدى. ئۇ لاغىلداپ تىترەيتتى، تۇرۇپلا ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچى مۇزلاپ كەتتى. ئىشقىيار شۇ ھالەتتە بىر ھازاغىچە بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ياتاققا قاراپ ماڭدى. بۇغا بالىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى. ئىشقىيار دەلدۈگۈنۈپ كىرىپ كەلگەندە، ياتاقتىكى جەڭچىلەر ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ھودۇقۇپ قېلىشتى. شۇ تاپتا ئىشقىيارنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ يۈزىدەك تاتىرىپ، سەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇپ: «خارىس، سېنى روتا كوماندىرى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپلا ئۆزىنى بوگولۇكىگە تاشلىۋەتتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ چۈشكى ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار ھەيرانلىق ئىچىدە بىر - بىرىگە سوئال نەزەرىدە قارايتتى. خارىس ئىشخانىغا چىقىپ كېتىپ، ھايال بولماي قايتىپ كىردى، شۇ چاغدىلا جەڭچىلەر ھەممىنى چۈشىنىشتى.

ئىشقىيار شۇ ياتقىنىچە ئۆلۈكتەك قىمىر قىلماي ياتتى. چۈشلۈك تاماقنىمۇ چىقمىدى. خارىس ئۇنىڭغا تاماق ئەكىردى. كىملەردۇر چاي دەملەپ كەلدى. لېكىن ئىشقىيار قاراپمۇ قويمىدى. تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۈن - تىنسىز ياتقىنىنى ياتقانىدى.

ئىشقىيار كەچقۇرۇن ئورنىدىن ئاران تەسلىكتە تۇرۇپ تالاغا چىقتى. ھاۋا ئەتىگەندىن بويان گاھ بۇزۇلۇپ، گاھ يېرىم ياتا ئېچىلىپ تۇرغانىدى. تاغنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. ئۇشتۇمتۇت بۇغا بالىسى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى، بايا ئۇ بۇغا بالىسىنىڭ نەدە قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈيىغاندەك بولدى. ئۇ قاشا تەرەپكە قاردى. قاشا بوش تۇراتتى. گازارمىنىڭ قورۇسىدىمۇ بۇغىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئىشقىيار بىردىنلا خەۋپسىرەپ قالدى! ئۇ تىترەپ، تۇرغان ئاياغلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ گازارما دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇغا بالىسىنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. قاراۋۇل بىر سائەت ئىلگىرى بۇغا بالىسىنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ ئېقىن تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىشقىيار ئېغىر - ئېغىر دەسسەپ دەرۋازىدىن چىقىپ، ئېقىن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پوستىكى جەڭچى ئىشقىيارنىڭ ئارقىسىدىن ھەيران بولۇپ قاراپ

قالدى. ئۇ، ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۇنى «ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟» دەپ شۈبھىلىنىپ قالغانىدى.

ئىشقىيار ئېقىن بويىغا بارىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بىلەن دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھەسرەتتىن قېتىپ قالغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارايتتى، بۇغا بالىسى ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قەدىمىنى تېزلەتتى. بۇ چاغدا قۇياش ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. غەرب تەرەپتە تۈرۈلۈپ قالغان بۇلۇتلار قېتىدا قىپقىزىل قۇياش خۇددى بۇ كۆڭۈلسىز زېمىن بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك پارقىراپ تۇراتتى.

ئىشقىيار كۆزىنى قۇياشقا تىكىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۈشتۈمتۇت ئاسماننىڭ غەربىدە ئوق تېگىپ يىقىلىپ ياتقان غايەت زور كۆل رەڭ بۆرىنى كۆردى. بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىكى ناھايىتى چوڭ، يۇمىلاق يارا ئېغىزىدىن قىپقىزىل قان بۇلدۇقلاۋاتاتتى. بۆرىنىڭ غايەت زور كۆل رەڭ تېنى ئوق تېشىپ كىرگەن تۆشۈكتىن تەپچىرەپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان بىلەن بويالماقتا ئىدى. ئاسماندىكى بۇ ئۆلۈۋاتقان كۆل رەڭ بۆرە زېمىنگە، ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە ھاياتنىڭ ئاداققى بەلگىسى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ روھىنى ئالاقزادە قىلىدىغان سوغۇق ئۇچقۇن چاچرىتىپ، غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ ياتاتتى...

ئىشقىيار مۇزلاپ كەتكەن قولىنى كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، كۆكرىكىدە ئىسسىقلىق تۇرغان بۆرە ھوشۇقىنى مەھكەم سىقىۋالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى بۆرە ھوشۇقىمۇ مۇزدەك سوغۇق ئىدى...

## 38 - باب

ئىشقىيار ئېقىننى كېچىپ ئۇ قاتقا ئۆتتى. سۇ ئىنتايىن سوغۇق ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇنى سەزمەيتتى. ئۇ سۇ ئىچىدە دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە كۆرۈنۈۋاتقان، كۈل رەڭ تېنى يارا ئېغىزىدىن چاچرىغان قاندىن قىزىرىپ - قانسىراپ ياتقان ھېلىقى بۆرىدەك ئىدى. ئۇنىڭ مۇزلىغان پۇتىنىڭ بارماقلىرى سۇ ئاستىدىكى كىچىك تاشلارغا ئۇرۇلاتتى، ئۇششاق، قىرلىق تاشلار ئۇنىڭ ئايىغىغا پاتاتتى، ئۇنىڭ تاپان ۋە ئۆكچىسىنى غاجايتتى، لېكىن پۇتىنىڭ ئاغرىقى ئۇنىڭغا بىلىنمەيتتى.

ئۇ سۇدىن چىقىپ ھۆل كۆكاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايىغىنى كىيدى، ئاندىن يەنە ئالغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئېقىننىڭ بۇ تەرىپى قېيىنزارلىق ئىدى. قېيىنزارلىقنىڭ بىر تەرىپى خېلىلا تىك كەلگەن ئېگىز تاغقا، يەنە بىر تەرىپى گۈل - چېچەك قاپلاپ كەتكەن تۈزلەڭ ئوتلاقنى كېسىپ ئاقىدىغان ھېلىقى ئېقىنغا تۇتاشقانىدى. قېيىنزارلىقنىڭ بىر ئۇچى تاكى قارا تېكە يايلىقىنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولغا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. بۇ تاشيول يۇلتۇز تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىدىكى بوستانلىقلار بىلەن ئىلى ۋادىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، چېگرا تەرەپكە سوزۇلۇپ كىرىپ كېتەتتى. گازارمىدىن چىقىپ

ئېقىننى بويلاپ 20 ـ 30 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىنلا ئېقىننىڭ تاشيول ئۇستىگە سې ـ
لىنغان كۆۋرۈككىگە بارغىلى بولاتتى. ئادەتتە گازارمىنىڭ پولك ۋە جەنۇب ـ شىمال ـ
دىكى ئادەم بار رايون بىلەن بولۇدىغان ئالاقىسى ئاشۇ تاشيول كۆۋرۈكى ئارقىلىق
بولاتتى. ئىشقىيار قېيىنزارلىقنى ئارىلاپ مېڭىۋەردى، ئۇنىڭ مېڭىسىدە شۇ تاپتا بىرەر
ئېنىق نىشان يوق ئىدى. ئىشقىلىپ ئۇ مېڭىشىنىلا، گازارمىدا ئۇخلاشقا سىگنال بېرىلگى ـ
چە مېڭىۋېرىشىنىلا خالايتتى. توغرا، ئۇ يەنە بۇغا بالىسىنىڭ دېرىكىنى قىلماقچى، بۇغا
بالىسى نېمىشقىدۇر ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەندى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ھال ئىدى. ئا ـ
دەتتە، بۇغا بالىسى ئۆزى تەنھا گازارمىنىڭ سىرتىغا زادىلا چىقمايتتى. ئىشقىيار بىر
قانچە قېتىم بۇغا بالىسىنى ئورمانغا قارىتىپ ھەيدىۋەتكەن بولسىمۇ، بۇغا بالىسى ماڭ ـ
غىلى ئۇنىماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا گازارمىغا يېنىپ كىرىۋالغاندى. ئەكسىچە، بۈگۈن
ئۇشتۇمتۇت، جىمجىتلا يوقاپ كەتكەندى. ئۇ ئۆزىلا كېتىپ قالدىمۇ؟ ئەگەر بۇغا با ـ
لىسى راستىنلا كېتىپ قالغان بولسا، بۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى. چۈنكى
ئىشقىيار ئۆزىنىڭ بۇغا بالىسى ئالدىدىكى ئەخلاقىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولغانىدى.
بۇغا بالىسىمۇ ئەمدى مۇستەقىل ياشىيالايدىغاندەك ھالغا كەلگەنىدى، لېكىن بۇغا بال ـ
سى نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس دەل بۈگۈن، روتا كوماندىرى
بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز تالىشىشتىن كېيىنلا تۇساتتىن كېتىپ قالدى؟ نېمىنىدۇر تو ـ
يۇپ قالدىمۇ؟ ياكى... روتا كوماندىرى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ ـ يا؟...

ئىشقىيارنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ۋەھىمىدىن ئاختۇرۇلۇپ،
پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۇ قېيىنزارلىقنىڭ ئىچىدە ھەر بىر تۈپ قېيىننىڭ تۈۋى ـ
نى دېگۈدەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئاختۇرۇپ تىنتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئېقىندىن خېلىلا
ئۇزاپ كەتكىنىنى بىلمەي قالدى. ئەتراپقا كۆگۈم قاراڭغۇلۇقى يېيىلدى، ئەتىگەندىن
بۇيان كۈچسىز سوقۇپ تۇرغان سوغۇق غۇر ـ غۇر شامال ئەمدىلىكتە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق
بورانغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاسمان بېتىدىكى بۇلۇتلار تۇرمەل ـ تۇزمەل بولۇپ شامال
يۆنىلىشىدە سۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاسماننىڭ ئوچۇق يېرى قالماي، ھەممىلا
يېرىنى قاپقارا بۇلۇت قاپلىۋالدى. قېيىنزارلىق بوراندا ۋەھىمىلىك
گۈرۈلدەيتتى. تېخى ھېلىراقتا ناھايىتى يىراقتا ئاڭلىنىۋاتقان گۈلدۈرماما بارا ـ بارا يې ـ
قىنلاپ كەلدى. بىر كەمدە ئىشقىيارنىڭ باش ئۈستىدىلا چاقماق چېقىلىپ، ئاسمان گو ـ
يا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك گۈلدۈرلەپ، تاغۇ ـ تاشلار سىلكىنگەندەك بولدى. ئار ـ
قىدىنلا قارا يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ئىشقىيار قېيىنزارلىقنىڭ ئارىسىدا نېمە قىلارىنى بىل ـ
مەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. قامچىدەك تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان قاتتىق يامغۇردىن ئىش ـ
قىيار كۆزىنى ئاچالماي قالدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ باش كۆزلىرى، كىيىم ـ كې ـ
چەكلىرى سۆزمە بولۇپ كەتتى. ئىشقىيار تېمىسقىلاپ يۈرۈپ چوڭراق بىر تۈپ قېيىن
دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پاناھلىدى. لېكىن قېيىن دەرىخى قاتتىق بوران بىلەن چاپ ـ
قىداپ كېلىپ ئۇرۇلۇۋاتقان قارا يامغۇرغا دال بولالمىدى، ئىشقىيار گاھ ئۇ قارىغاينىڭ
ئاستىغا، گاھ بۇ قېيىننىڭ تۈۋىگە چاپلىشىپ باقتى. يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ، گويا

ھېلىلا ئاشۇ تاغ ۋە ئورماننى يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپازدا شارقىراپ قۇيۇلماقتا ئىدى. ئىشقىيار ئاخىرى كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا قايتتى، لېكىن ئۇ ئۇزۇنغا ماگالمىدى. تاغ قاپتىلىدىن سەل قۇيۇلۇۋاتاتتى. بايا ئۇنىڭ بېسىپ كەلگەن يولىدىكى ئوت - چۆپ، ھەتتا كىچىككىرەك قورام تاشلار سەلنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. ئىشقىيار ھەربىر قەدەمدە بىرەر توپ قېيىنغا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئېقىن بويىغا قاراپ سۈرۈلمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئەگەر ئىشقىيار تايىنىۋالىدىغان ئاشۇ قارىغاي - قېيىنلار بولمىغىنىدا ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سەل ئۇنى ئېقىتىپ كېتىپ، ئۇۋۇل ئېقىن ئىچىگە دومىلىتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئىشقىيار گاھ يىقىلىپ، گاھ قوپۇپ مىڭبىر بالادا يولنى داۋام قىلدى. پۈتۈن جىلغا زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئىشتىيار كۆزىنى تەسلىكتە ئېچىپ ئالدىغا قارىدى، لېكىن ھېچنەرسىنى پەرق قىلالمىدى. ئۇ نىشاننى تەخمىنەن مۆلچەرلەپ قېيىنزارلىق ئىچىدە مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ مېڭىۋەردى. بىر كەمدە ئىشقىيار ئۆزىدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان يەردىن كېلىۋاتقان غول سۇنىڭ شارقىرىشىنى ئاڭلاپ قالدى. دېمەك، ئۇ ئېقىنغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئىشقىيار چاقماق يورۇقىدا ئېقىنغا سەپسالدى - دە، چۆچۈپ كەتتى. ئېقىندا سەل تېشىپ كەتكەنىدى. تار ئېقىن دەھشەتلىك ياۋايى بىر كۈچ بىلەن گۈركىرەپ ئېقىۋاتاتتى. بۇ ھالدا ئېقىنغا يېقىن كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا قۇتراپ كەتكەن بۇ تىزگىنسىز قارا قىيانىڭ ساندۇقتەك تاشلارنىمۇ ئېقىتىپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئىشقىيار بىر قارىغاي غولىغا يېپىشقىنىچە دەھشەتلىك شاۋقۇن سېلىپ ئوقتەك ئېتىلىپ ئېقىۋاتقان ئېقىنغا قۇلاق سېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا گازارما تەرەپتىن سىگنال ئاۋازى ياڭرىدى. گۈلدۈرمامىنىڭ دەھشەتلىك گۈلدۈرلىشى، قاتتىق بوراننىڭ ھۇۋلىشى، قارا يامغۇرنىڭ شارىلدىشى، ئېقىندا تۇرۇلۇپ، گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان قارا قىيانىڭ شارقىرىشى ۋە قارىغاي، قېيىنلارنىڭ ھۇۋۇلدىشىدىن قۇلىقى پۈتۈپ، باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالماس ھالغا كېلىپ قالغان ئىشقىيار ئۆزىنىڭ جەڭچىلىك تۇيغۇنلۇقى بىلەن جىمى جاھاننى ئۆكتۈرۈۋەتكۈدەك دەھشەتلىك «گۈلدۈر - تاراق» ئىچىدىن سۆيۈملۈك ۋە يېقىملىق ھەربىي كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئىلغا قىلىۋالدى. بۇ، گازارمىدا ئۇخلاشقا چېلىنغان سىگنال ئىدى.

ئىشقىيار دەررۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، ھېلىقى قارىغايدىن خۇددى پۇرژىنا تېپىۋەتكەندەك ئاجراپ قاڭقىدى - دە، كاناي ئاۋازى ياڭرىغان تەرەپكە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن ئۇ ئايىغى ئاستىدىكى يېيىلىپ، يامراپ ئېقىۋاتقان ئېقىنغا قاراپ سەل سۈيىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن، خۇددى كېسىلگەن يوغان دەرەخ ئۆرۈلگەندەك ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ھېلىمۇ تەلىيىگە، ئۇنىڭ ئالدىنى يوغان بىر قورام تاش توسۇپ ياتقانىدى. ئىشقىيار تۆپىلىكتىن پەسكە قاراپ دومىلاپ بېرىپ، ھېلىقى قورام تاشقا توسۇلۇپ قالدى. ئۇ پاتقاق ئارىلاش ئېقىۋاتقان سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ، ھېلىقى قورام تاشقا تىرەجەپ ئاران ئۆرە بولۇۋالدى. ئىشقىيار چاقماق يورۇقىدا قاپقارا تۈتەكتەك تۈرۈلۈپ، تاشقىنلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىننى

تېخىمۇ ئېنىق كۆردى. شۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ ئېقىننىڭ قىرغىقىدىلا تۇراتتى، ئۇ، سوزۇلۇپ چېلىنىۋاتقان سىگنال ئاۋازىغا دېمىنى ئىچىگە تارتقىنىچە قۇلىقىنى تىكتى.

ئىشقىيار تىت - تىتلىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ بىر جەڭچى، شۇ تاپتا ھەربىي كاناي ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. جەڭچى ئۈچۈن ھەربىي كانايىنىڭ ئاۋازى — ئەڭ مۇقەددەس چاقىرىق. ئۇ، جەڭچىنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدا زىممىسىگە ئالغان يۈكسەك بۇرچىنىڭ ساداسى، جەڭچىنىڭ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس تۇپراقنىڭ پاكلىقى ھەم ئاق سۈت بەرگەن ئانىسىنىڭ نومۇس ئىپپىتىنىڭ بىغۇبارلىقى ئالدىدا ئۇلۇغلۇق ۋىجدانىنىڭ جاراڭلىق خىتابى!

ئىشقىيار شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە گازارمىدا ھازىر بولۇشى شەرت! چۈنكى ئۇنى ھەربىي كاناي چاقىرىۋاتىدۇ! لېكىن!....

ئىشقىيار كۆز ئالدىدا خۇددى چالا ئوق يەپ غەزەپكە كەلگەن ھايۋاندەك نەرە تارتىپ، ھۆركىرەپ ئېقىۋاتقان قاپقارا ئېقىنغا تىكىلدى. ئېقىنغا يېقىن بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇبادا شۇ تاپتا ئىشقىيارنىڭ ئايىغىنىڭ ئۇچى ئاشۇ سۇغا تېگىپلا كەتسە، قارا سۇ ئۇنى «ھاپ» قىلىپ يۇتۇۋېتىپ ئاپىرىپ، قايسى بىر تاشقا ئۇراتتى.

— ئاھ، تەلۋە قىيان! ئەجەب قىلدىڭغۇ!؟...

ئىشقىيار يىغلىغاندەك بوزلىۋەتتى. ئۆزىنىڭ قانىتى بولمىغىنىغا نالە قىلىپ كەتتى، لېكىن بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ئامال يوق ئىدى.

يامغۇر توختاشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئەدەۋاتاتتى. يامغۇر توختىمىسا، ئېقىندىكى تاشقىن يانماي مۇشۇ تەرىزدە ئېقىۋېرەتتى، ئۇ چاغدا مۇشۇ قورام تاشقا چاپلاشقىنىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى، لېكىن ئىشقىيار ئۇنداق قىلالمايتتى، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، دەررۇ گازارمىغا قايتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن قانداق قىلىپ؟

ئىشقىيار ئەلەملىك «ئاھ» تارتىپ، ئۆزى قۇچاقلاپ يېپىشىپ تۇرغان ھۆل ۋە مۇزدەك قورام تاشقا پېشانىسىنى ياقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچ - باغرى خۇددى كەكرى يەۋالغاندەك ئېچىشىۋاتاتتى.

يامغۇر ئۇنىڭ ئۈستى - بېشىغا خۇددى ئۈستىدىن قىيان باسقاندەك تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار ئاخىر تاشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ۋەھىملىك شارقىراۋاتقان ئېقىنغا ئەلەم بىلەن نەزەر تاشلىدى - دە، ئورنىدىن تىرەجەپ تۇرۇپ ئارقىسىغا — بايا ئۆزى دومىلاپ يىقىلغان قېيىنزار تۆپىلىككە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى، ئۇ ئاخىرى تاشقىننىڭ يېنىشىنى كۈتمەستىن قېيىنزارلىقنىڭ ئىچى بىلەن ئېقىننىڭ باش تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ، تاشيولغا چىقىپ، كۆۋرۈك ئارقىلىق ئېقىندىن ئۆتۈپ، كېچىلەپ بولسىمۇ گازارمىغا قايتىش قارارىغا كەلگەنىدى. «بۇغا بالىسىنىڭ ئەھۋالى ئەتىگىچە مەلۇم بولار» دەپ ئويلىدى ئىشقىيار قىيا تاشنىڭ قىرغاقلىرىغا دەسسەپ، قېيىننىڭ پۇتاقلىرىغا ئېسىلغىنىچە تۆپىلىككە يامىشىپ چىقىۋېتىپ.

ئورماننىڭ ئىچى بىلەن ماڭماق ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسانغا چۈشمىدى. قاپقارا زۇلمەت كېچىدە، قويۇق ئورماننى ئارىلاپ مېڭىش بەك مۇشەققەتلىك ئىدى. ئىشقىيار شۇ تاپتا ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ خۇددى كۆزىنى تېڭىپ قويغان ئاتتەك پەقەت سېزىمىگىلا تايىنىپ، مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۈستىدىن چېلەك بىلەن شارقىرىتىپ تۆككەندەك يامغۇر قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئېقىننىڭ ئاۋازىغا قولاق سالغاچ ئېقىن بويلاپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قېيىن - قارىغاي غوللىرىنى سىلاپ - سىيپاپ يول تېپىپ ماڭاتتى، يەر چىملىق - چىملىق پاتقاق ئىدى، گاھىدا تېيىلىپ يىقىلىپ كېتەتتى، گاھىدا سەنتۈرۈلۈپ قارىغاي چوماقلىرىغا ئۈسۈۋالاتتى. قېيىننىڭ پۇتاقلىرىغا تىزىنى ئۇرۇۋالاتتى، دەرەخنىڭ پولات سىمدەك ئۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر شاخلىرى ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى، بىلەك، تىزلىرىنى جىجاپ تىلىۋېتەتتى. ئۇ، شۇ تاپتا يۈز - كۆزى ۋە پۇت - قوللىرىنىڭ جىجالغان، تىتىلغان يېرىدىن ئېقىۋاتقان قان بىلەن باش - كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر سۈيىنى پەرق قىلالمايتتى. شىمىنىڭ پۇشقاقلىرى، چاپىنىنىڭ يەڭ ۋە پەشلىرى يىرتىلىپ، پارچىلىرى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنگىنىچە قالاتتى. ئىشقىيار كاكار قادالغان شەپكىسىنى دەرەخ شاخلىرى ئېلىۋېلىپ يىرتىۋېتىشىدىن بولۇپمۇ، قايسىبىر شاخقا ئىلىشىپ قالسا ياكى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، تاپالماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قوينىغا سېلىۋالدى.

ئۇ مانا مۇشۇ تەرىزدە 20 - 30 كىلومېتىر يولنى بېسىشى لازىم ئىدى. گاھىدا قېلىن ۋە قويۇق چاتقال توپلىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ خېلى يەرلەرنى ئايلىنىپ ئاندىن ئېقىن بويىغا يېنىشىپ كېلىۋالاتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئۇ مۆلچەرىدىكىدىن 5 - 10 كىلومېتىر يولنى ئارتۇق باساتتى.

گۈلدۈرماما تاغ يېرىلىپ غۇلاپ چۈشۈۋاتقاندەك گۈلدۈرلەيتتى. يامغۇرلۇق بوراننىڭ زەربىسىدىن ئالمىقانداق دەرەخنىڭ غولى قاراسلاپ سۇنسا، يىلتىزى چىرىپ - قۇرۇغان قايسىبىر قېرى قارىغاي غۇلاپ چۈشەتتى. دەرەخ ياپراقلىرىغا ئوققا تۇتۇۋاتقاندەك تاراسلاپ تېگىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى كىشىنىڭ كۆڭلىگە نامەلۇم ئەندىشە ۋە پەرىشانلىق سالاتتى.

ئىشقىيار بۇنداق ئەنسىز كېچىنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئاچلىقتىن ئۆلەي دېگەن ھايۋانمۇ بۇنداق كېچىدە ئوۋغا چىقماس ئىدى، لېكىن بىزنىڭ ئىشقىيار خۇددى ئوزۇق ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئاچ ھايۋاندەك بۇ قەدىمكى ئورمان ئىچىدە تەرسالارچە توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تىت - تىتلىق، خاۋاتىرلىنىش، ئەلەم، خورلۇق، ئۇۋاللىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ جىسمىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى خوراتماقتا ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بىر ئادەم، بىر جەڭچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماس، ھېچنېمىنى سەزمەس ئىدى. ئۇ، ئادەم سۈپىتىدە ھەقىقەت ئالدىدا دىلغۇل بولماي، ئىككىلەنمەي، غەرەزسىز ۋە قورقۇمسىز ھالدا تىك تۇرالىغىنى ئۈچۈن ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىدىن، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن رازى ئىدى. ئەقىل، ئەخلاق ۋە ئىرادە، مانا مۇشۇ ئۈچ نەرسە «ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئومۇرتقىسى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ لەۋھەسى

ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلۇغ ئارت ئالدىدا، بوۋۇسى ئالدىدا، گۇلنار ئالدىدا ۋە يەنە سىيا-
سىي رەھبەر ئالدىدا، خاردىستەك ئۇنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئالدىدا تەڭقىس بولدى-
غان، ئۇيات ھېس قىلىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى. ئىشقىيارنىڭ خىيالى يەنە شۇ
ئادەملەرگە كۆچتى. ئاھ، ئادەملەر، ! ئەڭ بەختىيار ئادەملەر! بەختلىك ۋە بەختسىز ئادەملەر!...
بىر ئەقىدە، بىر ئەخلاقنى بايراق قىلغان، قەلب دۇنياسى مۇكەممەل، تولۇق ئادەملەر ھاياتنى
«بېرىش»، «تەقدىم ئېتىش» مەنىسىدە چۈشىنىدىغان ئادەملەر! ئەڭ بەختلىك ئادەملەر! ئۇلار ھاياتقا-
تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ئەجدادقا، ئەۋلادقا پەقەت بېرىدۇ، پەقەت تەقدىم ئېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر-
دىنبىر بايرىقى سۆيگۈ! ئۇلۇغ سۆيگۈ! ئۇلار ئاشۇ سۆيگۈنى بېرىدۇ! ئۇلار شۇنىڭ
ئۈچۈن ئەڭ بەختىيار ئادەملەر، ئۇلار سۆيگۈگە ئېرىشىدىغان ئەقىللىق ئادەملەر! تەق-
دىم ئېتىشتىن كېلىدىغان خۇشاللىقتىن مەھرۇم ئادەملەر بولسا، خۇدا ھېچنېمىدىن ئېيتمىغان
ئەڭ بەختسىز ئادەملەر! ئۇلار ئەتراپتىكى ھەممە ئادەمنى يولداشلىرى، ئىشداشلىرى، باشلىق-
لىرى، قول ئاستىدىكىلىرى، بالا - ۋاقىسى، قوشنا - قولۇمى، ئۇرۇق - تۇغقىنى، پۇشتى -
قېرىندىشى، ھەتتا ئۆزى بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق بىكارچى ئادەملەرنىمۇ ئۆزىگە
يوشۇرۇن خەۋپ ساناپ، ئەتىدىن كەچكىچە، ئولتۇرسا - قوپسا بىر خىل ئۆچ ئېلىش،
دۈشمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، شۈبھە، گۇمان، ئىچى تارلىقتەك ياۋا تۇيغۇلارغا چىرمىلىپ،
ئۆزىنى ئۆزى ئۆرتەپ، ئۆز جېنىغا زامىن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ
نەپسى، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى، ئۆزىنىڭ ھەۋەس ئىشتىياقىدىن باشقا ھەممە ئادەم ۋە
ھەممە بارلىقنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ تەلەپ ئېھتىياجى ئۈچۈن كۆپ
سانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، جېمى بارلىقنىڭ ياشاش ۋە گۈللەش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز
قىلىدۇ. تەھلىكە سالىدۇ! ئۇلار بىلەن نېرۋىسى كاردىن چىققان، ئەقلى ئاغرىق،
ساراڭلارنىڭ ھېچ پەرقى يوق، بۇ ئادەملەر ساپ‌ساق ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايدۇ،
ساغلام ئادەملەردەك سۆزلەيدۇ، ساغلام ئادەملەردەك كىيىنىدۇ، ساغلام ئادەملەردەك
ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ھېچكىم «ساراڭ» دېمەيدۇ، ئۇلار ھەتتا ناھايىتى نۇرغۇن
ساغلام ئادەملەرنى باشقۇرىدۇ... ئۆزىنىڭ ساراڭلىقىنى يېقىملىق سۆزلەر، چىرايلىق ئىبا-
رىلەر بىلەن نىقاپلاشنى بىلىدۇ... ئۇلارنىڭ روھىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمە يوق.
شۇڭا ئۇلارنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق، كۆزى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەيدۇ!
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان نەپسانىيەتتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەن-
مەي ئەبلەخلىق قىلالايدۇ. ئۆزىنىلا دەيدىغان ئادەمدە ئۇيات بولمايدۇ، ئۇياتسىز ئادەم-
دە رەھىم، مېھرى - شەپقەت بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار تەپتارتماي ھاياتنى بۇزىدۇ، ئۆزىگە
توسالغۇ بولغان ئادەملەرگە گاھ خۇپىيانە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئۆزى
موھتاج ئادەملەرگە نومۇسسىزلارچە خۇشامەت قىلىدۇ، ئۆزىگە كېرەك بولسا يەر - زېمىن،
دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ئۇچار - قانات، جانۇ - جانىۋارلارنى شەپقەتسىزلەرچە ۋەي-
ران قىلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، قىرغىن قىلىدۇ، ئۇلار ئىنسانلار جەمئىيەتىنى ھالاك قىلىدىغان
ۋەھشىلەر! ئۇلاردا ئەخلاق دېگەن ئۇقۇم بولمايدۇ. نېمىنىڭ ئەخلاق ئىكەنلىكىنى تونۇماي-
دىغان «نومۇس» تۇيغۇسى يوق ۋەھشىي ئادەملەردىن قۇياشمۇ قورقىدۇ... ئۇلار بېرى-

ھمغان تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ئەجدادىغا، ئەۋلادىغا بېرەلەيدىغان سۆيگۈگە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى زورلۇقچە ئېلىش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەمىن ئېتىدۇ، ئۇلار تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ئەجداد، ئەۋلادىغا قىسقىسى، ھاياتقا ھېچ قىزارماستىن ئۇياتسىزلىق، مۇناپىقلىق، نامەرتلىك قىلالايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالالايدىغىنى، ئېرىشىدىغىنى پەقەت نەپرەت بولىدۇ، ئۇلار نەپرەت ئارقىلىق نەپرەتكە ئېرىشىدۇ، نەپرەت بىلەن نەپرەتنى ئايرىۋاشلايدۇ.

ئىشقىيار بوۋىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدىن چۈشەندۈرۈپ كەلگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بۈگۈن بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە تولۇق كۆرگەندەك، چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ، بۈگۈن يەنە ئۆزى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان نېمىلەرگىدۇر ئېرىشتى... ئادەملەر سۆيگۈ ئارقىلىق ئانا تەبىئەتنىڭ مىجەزىنى تەگشىمەكچى بولۇدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مىجەزىنى-تەبىئىتىنى تەگشىشى لازىم. ئادەملەر جەمئىيەتتىكى نەپرەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىشى، ئادەملەر ئىچىدىكى ھاياتنىڭ زىيانكەشلىرىنى يوق قىلىشى، ئىنسانىيەت ئىچىگە سۆيگۈنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ مېۋىلىتىشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئادەملەر ئانا تەبىئەتنىڭ مىجەزىنى ئۇنۇملۇك تەگشەپ، تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي ۋە ئۆز پەرزەنتى سۈپىتىدە تەبىئەت ئاتا قىلغان بەخت-سائادەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، تەبىئەتنىڭ ھىممىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

ئىشقىيار قاراڭغۇ ئورمان ئىچىدە تەسلىكتە يول تېپىپ كېتىۋاتاتتى. يامغۇر بىر خىلدا شارقىراپ قۇيۇلۇۋاتاتتى، بوران سەل پەسەيگەندەك قىلدى. پات-پات ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلاتتى. كۈچلۈك چاقماق نۇرى قويۇق ۋە قاراڭغۇ ئورماننىڭ ئىچىدە گويا يۇقىرىدىن چېقىلىپ چۈشكەن ئەينەك پارچىسىدەك كۆكۈش يالتىراپ، شۇ زاماتلا غايىپ بولاتتى. چاقماق چېقىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئورماننىڭ ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇ ۋە تېخىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كېتەتتى... ئىشقىيار نەچچە سائەتلەپ ماڭغىنىنى بىلمەيتتى.

ئىشقىيار يامغۇر سۈيىدە چىلىشىپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا سوغۇقتىن يۈرىكى مۇزلاپ، تومۇرىدىكى قانلىرىمۇ خۇددى قاتتىق سوغۇقتا مۇز تۇتقان ئېرىق سۈيىدەك توڭلاپ قېلىشقا باشلىغاندەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلدايتتى، ھارغىنلىق ئاچلىق ئۇنىڭ مادارىنى قۇرۇتقانىدى. ئۇ، شۇ تاپتا ئۆزىنى تاشلىۋەتسە، خۇددى ئوق تەگكەن قۇشتەك «پوككىدا» تۇرغان جايىغىلا يىقىلاتتى، لېكىن ئۇ چىشىنى مەھكەم چىشلەپ كۈچ بىلەن ئاياغ بېسىپ كېتىپ باراتتى. بىر ھازادىن كېيىن يامغۇر سەل سېلىككەندەك بولدى. ئورمانمۇ بارا-بارا شالاڭلىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئورمان شالاڭلاشقانسېرى ئىشقىيارنىڭ ئالدى تەرىپىدە كۆل رەڭ يورۇقلۇق زاھىر بولدى. ئىشقىيارنىڭ ئايىغى ئاستىدا نەم قۇم-شېغىل غىچىرلايتتى. ئەمدى سازلىق-پاتقاق يەر تۈگەپ، شېغىللىق يەرگە ئۇلاشقانىدى. كېچىدىن بېرى ئۇنىڭغا جەبرى سالغان قويۇق چاتقاللىقلار ئەمدى كۆرۈنمەيتتى. دېمەك، ئورمان تۈگەپ ئىشقىيار ئورماننى خۇددى قىلىچ كەسكەندەك قاپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن تاغقا ئاز قالغانىدى. تاشيول دەل ئاشۇ

تاغنىڭ باغرىنى يۆگەپ ئۆتەتتى.

ئىشقىيار ئۆز ئەتراپىنى خىرە - شىرە پەرق قىلالىدى. گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كېچىدىن بۇيان يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇۋاتقان قارىغاي، قېيىنلار ئۆزىنىڭ بىر خىل نازاكەتلىك تۇرقى بىلەن ئۇنىڭغا غەمكىن قاراپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. كېچىدىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى كۆرەلمىگەچ، بىر خىل بىچارىلەرچە يىگانىلىق سېزىمى ئۇنى يېغىۋاتقان يامغۇردىن بەتتەررەك ئازابلىغانىدى. ئەمدى ئۇ سېزىم «لەپپىدىلا» كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئادەملەر توپى ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئىشقىيار خۇددى سەپەردە ھاردۇق يېتىپ ئاران كېتىۋاتقاندا ئۆز ئوقۇ-رىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ جان كىرىپ قالغان ئاتتەك غەيرەتلىنىپ، چوڭ قەدەملەر بىلەن روھلۇق يۈرۈپ كەتتى. دېمەك، ئەمدى ئۇنىڭغا مېڭىش ئاسان ئىدى. ئاشۇ تاشيولغا يېتىۋالسىلا ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ، گازارمىغا ئويغىنىشقا سىگنال چېلىنىشتىن ئىلگىرى يېتىۋالاتتى.

لېكىن ئۇ بەك ھارغانىدى. بۇ كىمگانىت يىمگىتنى شۇ تاپتا بولۇپمۇ ئاچلىق بەك قىيناۋاتاتتى. ئىشقىيار ئۆلۈشكۈن كەچتىن بۇيان ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىغانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇ تاماقخانىغا بارغان بولسىمۇ كۆڭلى غەشلىكتىن گېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمەي قايتىپ چىققانىدى. ئۇ ئادەتتە بىر ئولتۇرۇشدا ئىككى ئادەمنىڭ تاماقىنى يەيدىغان بولغاچقا، ئاچلىققا زادىلا چىدىيالمايتتى، لېكىن تۈنۈگۈندىن بۇيان ئۇ ئاچلىق ھېس قىلمىغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىچىنى ئاچلىق ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن قاساپ - غاجاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىقتىن تىترەيتتى. ئۇنىڭ قەدىمى بىردىنلا ئاستىلاپ قالدى، لېكىن ئۇ توختاپ قالماي مېڭىۋەردى، ئاخىرى ئۇ ئورمانلىقتىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى تاغنىڭ بېلىدە قارا تاسمىدەك يۆگۈلۈپ ياتقان تاشيولغا چۈشتى. تاشيولدا ئاپتوموبىللار بىرىنىڭ ئار-قىسىدىن بىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنى كۆرۈندى.

ئىشقىيار تاغ باغرىغا قاراپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تارغىسنە بىر كېسىك تۇراتتى، ئاشۇ كېسىك بىلەن تاشيولغا چىققىلى بولاتتى.

ئىشقىيار يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. كۆزى ۋە بۇرنىدىن سۇ قۇيۇلۇشقا باشلىدى، بېشى خۇد-دى ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر قورقۇنچ-لۇق تىترەك ئولاشتى، ئۇنىڭغا سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئىشقىيار ئاخىرى ھېلىقى كېسىككە ئۇلاشتى. كېچىدىن بۇيان بۇ كېسىكتىن يامغۇر سۈيى ئاققاچقا، يەر غىلىتاڭ ۋە پاتقاق ئىدى. ئىشقىيار يان تەرىپىدىكى قىياغا تايىنىپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك يۇقىرىغا قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. ئۇگاھىدا تېيىلىپ يىقىلاتتى. بۇنداق چاغدا يىقىلغان يېرىدىن 3 - 4 مېتىر پەسكە سىيرىلىپ كېتەتتى. ئورنىدىن تىرەجەپ قوپۇپ، باش- كۆزلىرىدىكى پاتقاقنى سۈرتۈۋېتىپ يەنە يامىشاتتى. ئۇنىڭ تىزى، جەينىكى سۈرۈلۈپ قاناپ كەتتى، لېكىن ئىشقىيار جان - جەھلى بىلەن يولىنى داۋام قىلىۋەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ

ئادەم كۆرمەيدىغان كېسەكتە يىقىلىپ قېلىپ قوپالماي قېلىشىدىن قورقاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەتىگەنلىك مەشىقتە ئۆلگۈرۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئىشقىيار ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقاندەك تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئاخىرى تاشيولنىڭ قىرغىقىغا يامىشىپ چىقتى، لېكىن بۇ چاغدا ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ، پۈتۈن مادارى قۇرۇغانىدى.

ئۇ، كېسەكتىن يامىشىپ چىقىپ يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ ئەينەكتەك پارقىراپ كەتـكەن قاراماي ياتقۇزۇلغان يول بىلەن بىرەر يۈز مېتىر ماڭمايلا ئاياغ بېسىپ، تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تەقىلىپ جالاقلاپ تىترەپ، بېشى قېيىپ گەجگىسى تارتىشىپ قالدى. ئىچىدىن ھەر نەپەستە گويا بىر پارچە ئوت چىقىۋاتـقاندەك ئىدى. ئۇ ئاخىرى يولنىڭ چېتىگە چىقىپ بىر قورام تاشقا يۆلەنگىنىـچە ئولتۇرۇپ قالدى - دە، بېشىنى سىڭايان قىلىپ چېكىسىنى مۇزدەك سوغۇق ھۆل تاشـقا تىرەپ كۆزىـنى ئاستا يۇمدى، ھۆل تاشنىڭ سالقىنى ئۇنىڭ قوقاستەك قىزىغان تېنىگە سەل ئارام بەرگەندەك قىلدى.

## 39 - باب

پايانسىز كەتكەن قارلىق دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا غايەت زور بىر كۆل رەڭ چىشى بۆرە سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىكى ئوق تېشىپ كىرگەن تۆشۈكتىن بۇلدۇقلاپ قان ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. بۆرىنىڭ كۆزى فوسفوردەك يېپيېشىل نۇر چاچرىتىپ يالتىرايتتى. بۆرە ياتقان قارلىق يەر يارا ئېغىزىدىن ئۇرغۇپ چىـقىۋاتقان قىپقىزىل قانغا مىلەنگەنىدى.

دەل دالىدا ئىشقىيار پەيدا بولدى. ئۇ يېرىمجان بولۇپ قالغان بۇغا بالىسىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئالاقزادىلىك، ساراسىمە، ھودۇقۇش، قورقۇنچ، تەكشىلىق چىقىپ تۇراتتى. بۇغا بالىسىنىڭ كۆزىدىنمۇ ئىشقىيارنىڭ كۆزىدە ئەكس ئېتىۋاتقان ئاشۇ خىل تۇيغۇنىڭ بەلگىلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇغا بالىسى دەم ئىشقىيارنىڭ كـۆزىگە بىچارىلەرچە چەكچەيسە، دەم يەردە قانسىراپ ياتقان بۆرىگە ئەنسىز قارايتتى. ئىشقىيار كۆزلىرى غەزەپ ۋە قىساس ئوتلىرى بىلەن يانغان ئاشۇ ياريدار بۆرىگە قورقۇمسىراپ قارايتتى... ئۇ ئاخىرى بۆرىگە يېقىنلاپ كەلدى - دە، بۆرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى، ئاندىن بۆرىگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ بۆرىگە نېمىلەرنىدۇر كۆيۈپ - پىشىپ ئۇزۇنغىچە چۈشەندۈردى. بۆرە ئاستا - ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشقىيارغا قارىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قىساس ۋە نەپرەت ئەمەس، ئەكسىچە بىر خىل خەيرىخاھلىق، مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوق تەگكەن يارىسىنى تىلى بىلەن يالىۋىدى، قان شۇ ھامان توختاپ قالدى. بۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىشارە قىلدى. ئىشقىيار قۇچىقىدىكى بۇغا بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

ماڭدى. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غايەت زور بىر ئاق رەڭلىك پىرامىدا ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. پىرامىدا شەبنەمدىنمۇ سۈزۈك كەلگەن خرۇستال خىشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، پارلاق قۇياش نۇرى ئاستىدا مەر - مەردەك چاقناپ، ئاجايىپ سەلتەنەتلىك كۆرۈنەتتى. كۈمۈشتەك جۇلالاپ تارام - تارام نۇر چاقنىتىپ تاۋلىنىپ تۇرغان بۇ پىرامىدا، تۆمۈر تاش چوققىسىدىن نەچچە ئون باراۋەر ئېگىز ئىدى. ئانا بۆرە يەنە ئىشقىيارغا ئىما قىلىپ، پىرامىدانىڭ خرۇستال پەلەمپىيىگە قەدەم قويدى. ئىشقىيارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ماڭدى. ئۇلار پىرامىدانىڭ مىليونلاپ پەلەمپىيىنى دەسسەپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى، ئۇلار ئاخىرقى باسقۇچنى بېسىپ بولۇۋىدى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر گۈزەل دۇنيا ئايان بولدى، ئىشقىيار كۆز ئالدىدىكى بۇ كارامەتلىك دۇنياغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى.

بۇ يەردە قۇياش شۇنچە پارلاق، شۇنچە گۈزەل ئىدى. يەر - زېمىننىڭ ھەممىلا يېرى ياپيېشىل دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەككە پۈركۈنگەنىدى. ئېرىق - ئۆستەڭلەردە كۆپكۆك زىلال سۇ ئويناقلاپ ئاقاتتى. ھەممە يەردە قۇشلارنىڭ ناۋاسى ياڭرايتتى...

ئىشقىيار جەننەتتەك كۆرۈلگەن بۇ دۇنياغا مەپتۇن - مەھلىيا بولۇپ تۇرغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئىشقىيارلار تۇرغان يەرگە قاراپ يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. ئىشقىيار سەپسېلىپ قارىۋىدى، ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى ئۇنىڭ بۇۋىسى بىلەن سىياسىي رەھبەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكىلەر بولسا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، يۇرتىدىكى ئاغىنە - دوستلىرى، ئاشنا - ھەمشىرەلىرى ئىكەن. يەنە روتىدىكى خارىس، ۋاسىل، مۇھەممەد، ئابدۇللا، رەسۇل دېگەن جەڭچىلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇ ئادەملەر قۇچاقلىرىنى كەڭرى ئېچىپ، يۈگۈرگىنىچە ئىشقىيارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ئەڭ ئاۋۋال بۇۋىسى ئۇنى قۇچاقلاپ پېشانىسىدىن سۆيدى، ئاندىن كېيىن روتا سىياسىي كوماندىرى كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى. گۈلنار ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر قۇچاق گۈل تۆكتى. ئاندىن كېيىن باشقىلار كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى. ئەڭ ئاخىرىدا توپنىڭ ئىچىدىن روتا كوماندىرى كەلدى. ئۇ غولىچىنى يوغان ئېچىپ ئىشقىيارنى قۇچاقلىدى، لېكىن بويى پاكار بولغاچقا، پەقەت ئىشقىيارنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىيالىدى، ئىشقىيار سەپسېلىپ قارىۋىدى، روتا كوماندىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. روتا كوماندىرى نېمىسى بىلەندۇر، ئۆزىگە ئوخشىسا، يەنە نېمىسى بىلەندۇر ئوخشىماي تۇراتتى. ئادەملەر ئىشقىيار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئانا بۆرە ۋە بۇغا بالىسىنىڭ باش - كۆزىنى مېھرى بىلەن سىلاشتى، ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى يەرگە قويۇپ قويۇۋىدى، بۇغا بالىسى ئۇدۇل ھېلىقى بۆرىنىڭ قېشىغا باردى. بۆرىمۇ خۇددى بۇغا بالىسىنى ئەركىلەتكەندەك قۇيرۇقىنى مۇلايىملىق بىلەن شىپاڭشىتتى ۋە بۇغا بالىسىنىڭ شىكەستلەنگەن پۇتىنى مېھرى بىلەن يالىدى. بىر چاغدا بىر توپ ئۇچار قۇش، ھايۋاناتلار ھەيۋەت بىلەن سەپ تارتىپ چىقىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيادىكى جىمى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلارنىڭ خىلى بار ئىدى. ھايۋاناتلار ئويـ

ناقلىشىپ، ئۇچار قۇشلار قاتارلىشىپ پەس ئۇچۇشقانىدى. ئۇلار بۆرە بىلەن بۇغا بالى‑
سىنى كۆتۈۋېلىشقا چىقىشقانىكەن. مېھمان ۋە ساھىبخان جانىۋارلار بىر ـ بىرىنى ھىد‑
لىشىپ، پۇرىشىپ كۆرۈشتى. خۇشاللىقىدىن قىيغىتىشىپ چېپىشتى.

بوۋىسى ئىشقىيارنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆز ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاجايىپ
كاتتا قەسىر ـ ساراي، بىنا ـ مۇنارلارنى كۆرسەتتى، ئۇ يەردىن ناخشا ۋە مۇزىكا ئاۋا‑
زى ياڭراپ تۇراتتى.

ــ دوختۇرخانا، ئىنستىتۇت، تەتقىقات مەركەزلىرى، ئېلېكترون سانائىتى ئىشخا‑
نىلىرى، قۇياش ئېنېرگىيىسى مۇئەسسەسەلىرى، پىلانىتلار ئارا ئۇچىدىغان ئائىرو ـ راكېتا
مەيدانلىرى، يەسلى، باللار باغچىلىرى ... ، ــ دېدى بوۋاي ئىنتايىن گۈزەل سېلىنغان
ھەر خىل كۆركەم بىنالارنى كۆرسىتىپ، مۇشۇلارنى بىز قۇردۇق، سېنىڭ سەبداشلى‑
رىڭ، ئاشنا ـ ھەمشىرەلىرىڭ قۇردى. بۇ يەردە ھەممە ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى
كېلىشىملىك ــ ساز تەڭشەلگەن، شۇڭا يەر ـ زېمىنىنىڭ مىجەزى، تەبىئىتمۇ ناھايىتى
ساغلام. قارا، ئادەملەر گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ، ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار بىر ـ بى‑
رى بىلەن خۇددى مېھماندەك ياشايدۇ ... ــ دېدى ئاخىرىدا.

سىياسىي رەھبەر ئوسمان بوۋاينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، باش لىڭشىتىپ تەس‑
تىقلىدى ۋە:

ــ بۇ يەردە مەرتىۋە، ھوقۇق، پۇل، كۈچ، زورلۇق، كەمسىتىش دېگەنلەر مەۋجۇت
ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت خۇشال ئەمگەك، ئېسىل ئەخلاق، باراۋەرلىك، ھاياتنىڭ گۈللى‑
نىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يۈكسەك پەن ـ تېخنىكا، سۆيگۈ، ناخشا بار. ئادەملەر
بىر بىرى بىلەن مەرتىۋە، ھوقۇق، پۇل، كۈچ ئارقىلىق ئەمەس، ناخشا ئارقىلىق مۇناسى‑
ۋەت قىلىدۇ. بىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ــ دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ھايۋانات، ئۇچار
قۇشلار ھاۋا ـ سۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئىنسانىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ئىدرىكى ھەم
ئادەملەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىش، گۈللىنىش ئىستىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاكتىپ
پائالىيەتچان مۇناسىۋەت، ھەرگىزمۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەتكە يۆلىنىۋېلىش،
تەبىئەت سەۋىيىسىدىن سىلجىيالماسلىقتەك پاسسىپ مۇناسىۋەت ئەمەس! ــ دېدى
سىياسىي رەھبەر ئىشقىيارنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ كۈلۈمسىرەپ، ئىشقىيارنىڭ ۋۇجۇ‑
دى خۇشاللىقتىن ياپراپ كەتتى. ئۇ ھەسەل يېگەن بالىدەك ئاغزىنى تامشىتىپ، تامىقىنى
چەكتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا بارچە ئاۋازى بىلەن تولغۇسى، يۈرەكتىن چىقىرىپ ناخشا
ئېيتقۇسى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تىلىكىنى بوۋىسىغا بىلدۈردى. بوۋىسى خۇشاللىق
بىلەن ناخشا باشلىۋەتتى. بۇ ناخشا ئۇلۇغ ئارتىلىقلار ئېيتىدىغان، ئىشقىيار بوۋىسىدىن
ئۆگەنگەن ناھايىتى قەدىمكى ناخشا ئىدى، لېكىن بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى يېڭىلىنىپتۇ.
بۇ ناخشىنى ھەممىلا ئادەم بىلىدىكەن. خۇشال ۋە غەمسىز ئادەملەر زوق ـ ئىشتىياق
بىلەن ئومۇمىي خور بولۇپ جورلاشتى. ئۇچار قۇشلار ناۋاسى بىلەن، ھايۋانلار ئۇسسۇل‑
لىرى بىلەن، دەل ـ دەرەخلەر خۇشال چاۋاكلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاش‑
تى، پۈتۈن زېمىن ناخشا ۋە خۇشاللىقتىن گۈۋۈلدەپ كەتتى...

## 40 - باب

تاشيولدا بىر ھەربىي جىپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى. ئۇ جىپ ئىشقىيارلارنىڭ روتىسى ئورۇنلاشقان گازارما تەرەپتىن چىقىپ كەلگەنىدى. ھەربىي جىپ ئىشقىيار يۆلىنىپ ئولتۇرغان تاشنىڭ تۈۋىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن 20 - 30 مېتىر يىراقلىقتا بارا - بارماي ئۇشتۇمتۇت جىددىي تورمۇز بىلەن توختىدى - دە، جىپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىر جەڭچى سەكرەپ چۈشۈپ، ئىشقىيارنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن جىپ تەرەپكە قول ئىشارىتى قىلدى، جىپتىن ھەربىي شوپۇر ۋە يەنە بىر جەڭچى سەكرەپ چۈشتى.

— دەل ئۆزى شۇ، قارا، يېتىپ كەتكىنىنى! يىراققا قاچالماپتۇ - دە! — دېدى شوپۇرغا قاراپ بايىقى جەڭچى. ئۇلار ئىشقىيارنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولاشتى، بۇ چاغدا ئىشقىيارنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، يېرىم بىھوش ھالدا ياتاتتى.

— ئورنىڭدىن تۇر ئىشقىيار! — دېدى بايىقى ئاخىرىدا جىپتىن چۈشكەن يىگىت سوغۇق تەلەپپۇزدا. ئىشقىيار كالپۇكىنى قىمىرلاتقاندەك قىلدى- يۇ، يەنە يېتىۋەردى.

— ھوي، ئورنىڭدىن تۇر دەيمەن! — دېدى بايىقى جەڭچى تەكرارلاپ، — ساڭا يۇمشاق چۈشەك راسلاپ قويۇشتى، شۇ يەردە راسا تاتلىق ئۇخلايسەن بۇرادەر...

ئىشقىيار قىمىرلىمىدى.

— ۋۇي، ئاغرىپ - تاتىپ قالغان بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى دەسلەپتە ئىشقىيارنى كۆرگەن يىگىت بىلەن شوپۇر تەڭلا ئىشقىيارغا ئېگىلىپ سىنچىلاپ قاراپ.

— گازارمىغا بارغاندا روتا كوماندىرى سەگىتىپ قويىدۇ! — دېدى بايىقى جەڭچى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ، ئۇ ئىشقىيارنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىدى، — ۋۇي، تۇر دەيمەن!

ئىشقىيار تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى - دە، چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئەتراپىدا ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشقان جەڭچىلەرگە ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز يۈگۈرتتى:

سىلەر؟ شاكىر؟...سائەت نەچچە بولدى؟ — ئىشقىيار ئالاقزادە بولۇپ سورىدى.

— سائەت ئىككى بولدى! قانداق ئۇيقۇڭ قانغاندۇ؟ — شاكىر يولداشلىرىغا كۆزىنى قىسىپ قويدى، ئاندىن زاڭلىق قىلغاندەك دېدى: — كەچۈر ئاغىنە، تاتلىق چۈشىڭنى بۇزۇۋەتتۇق! قانداق قىلمىز بۇيرۇق - دە؟!

شاكىر دائىم بۇغا بالىسىنى ئانىي تاپىدىغىنى ئۈچۈن، بىر چاغلاردا ئىشقىياردىن دەككىسىنى يېگەن يىگىت ئىدى.

ئىشقىيار: «سائەت ئىككى بولدى...» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ بىر يېرى قاتتىق ئاغرىغاندەك ئاچچىق ئېڭىرىۋەتتى.

— تۇر ئاغىنە، ماشىنىغا چىق! — دېدى يەنە بىر جەڭچى ئىشقىيارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك مەيۈس قاراپ، — مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

ئىشقىيار ئۈنچىقماي ئاستا قولىنى تاشقا تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى، بايىقى جەڭچى دەررۇ ئۇنى يۆلەپ ماشىنا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

ئىشقىيارنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان، باش - كۆزلىرى پاتقاق چاچراپ مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى. بايىقى جەڭچى قول ياغلىقىنى چىقىرىپ ئىشقىيارغا ئۇزاتتى. ئىشقىيار ھەم ھەيرانلىق، ھەم بىر دەككە - دۈككە ئىچىدە يولداشلىرىغا قاراپ قويۇپ يۈزىنى سۈرتتى.

ئىشقىيارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پاراكەندە ئىدى. ئۇنى شۇ تاپتا بىر قازا كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز ئېغىپ كەتتى. ئۇلار جىپقا چىقىشتى. ئىشقىيار جىپقا چىقىۋېتىپ پەسكە — كېچىدىن بېرى ئۆزى مېڭىپ كەلگەن قېيىنزار جىلغىغا كۆز يۈگۈرتتى. جىلغا كۆڭۈلسىز، ئاسمان بۇلۇتلۇق ئىدى. كۈن بۇلۇت ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيتتى. مانا كۈن غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى. شۇ چاغدا ئىشقىيار ئاسماندا ئوق تېگىپ يىقىلىپ ياتقان غايەت زور كۆل رەڭ بۆرىنى كۆردى. بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىكى ناھايىتى چوڭ، يۇپيۇمىلاق يارا ئېغىزىدىن قىپقىزىل قان بۇلدۇقلاۋاتاتتى. بۆرىنىڭ غايەت زور كۆلرەڭ تېنى ئوق تېشىپ كىرگەن تۆشۈكتىن تەپچىرەپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان بىلەن بويالماقتا ئىدى. ئاسماندىكى بۇ كۆل رەڭ زېمىنگە، ئىشقىيارنىڭ كۆزىگە، ھاياتنىڭ ئاداققى بەلگىسى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ روھىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدىغان سوغۇق ئۇچقۇن چاچرىتىپ، غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ ياتاتتى...

ئىشقىيارنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىملىك تىترەك باستى. ئۇ چوڭقۇر تىنىپ كۆزىنى يۇمدى. جىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇنداق تېزلىكتە يۈرۈپ كەتتى.

## 41 - باب

بۇغا بالىسى ئىشخانىدا سادىر بولغان ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. روتا كوماندىرىنىڭ ئىشقىيارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، پولك تەشكىلات مۇئاۋىنىغا ئۇرغان تېلېفوندا دېگەنلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. ئۇ، ئەسلىدە بۇنداق بولۇشىنى كۈتمىگەن، زادىلا كۈتمىگەنىدى. ئۇ خاتالىشىپتۇ، ئۇنى تەقدىر ئالداپتۇ، بۇرۇن ئۇنىڭغا خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئارامى ۋە سۆيگۈ بەخش قىلغان مۇشۇ گازارمىدا، مۇشۇ ئادەملەر ئارىسىدا، ئەمدى ئۇنى ئۆلۈم، دەھشەتلىك ئۆلۈم كۈتمەكتە! ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى، شۇنىڭ ھېسابىغا كىملەرنىدۇ خۇشال قىلماقچى. ئاھ ياۋۇز ئادەملەر، ۋەھشى ئادەملەر! ئۆز ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلىك قىسمەت، ئەمدى ئۇنىڭ تۇياق ئىزلىرىنى پايلاپ ئۇنىڭغا ئۈن - تىنسىز يېقىنلاشماقتا. چۈشىدە ئانىسى ئۇنىڭغا راست ئېيتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشى، ئەسلىدە مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىكەن. ئانىسى: «ئۇلار قويىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش

ئۇچۇن بورداپدۇ!» دېگەنىدى. راست شۇنداق ئىكەن. ئانىسى خاتالاشماپتۇ! ئەمدى يەنە نېمىنى كۈتىدۇ؟ ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى چۈشەپ، گېلىگە پىچاق ئۇرۇشىنىمۇ؟ ياق! مۇمكىن ئەمەس! ھازىر تېخى بالدۇر! ئۇ ھەممىگە ئۈلگۈرىدۇ! قېچىش كېرەك! شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ھېچ تەخىر قىلماي قېچىش كېرەك! ئۇ ئانا ماكانىنى تاپىدۇ! ئانا تەبىئەتنى تاپىدۇ! ئانىسى ئېيتقاندەك، ئۇ، تەبىئەتنىڭ ئەركىسى، ئۇ، تەبىئەتنىڭ ئەزاسى، تەبىئەتنىڭ پارچىسى. لېكىن... ئۇنىڭ ئانا ماكانى نەدە؟ ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟...

ئىشقىيار ياتاققا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بۆغا بالىسى گازارمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇ، قاشاغا باردى. لېكىن قاشاغا كىرمىدى، ئۇ بۇ يەردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشقىيارنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ـ غىچە تېكىلىپ تۇرۇپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ياتاق تەرەپنى، ئاشۇ ئادەملەر بار ئۆينى تارتتى. ئۇ، ياتاق ئالدىغا كەلدى. ئىشىك مەھكەم يېپىق ئىدى. ئۇ مەردى، تۇمشۇقى بىلەن ئىشىكنى ئىتتەردى، لېكىن ھېچكىم ئاچمىدى. ئىشقىيارمۇ چىقمىدى. بۆغا بالىسى بۇ يەردىمۇ بىر ھازاغىچە تۇردى. ئاخىرى قەتئىي قارارغا كەلدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ياتاققا قاراپ ئېڭىرىغاندەك مەردى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاجايىپ كۈنلىرى، ئۇزۇن تۈنلىرى ئۆتكەنىدى. ئۇ بۇ يەردە ئادەملەر بىلەن تونۇشقانىدى...

بۆغا بالىسى گازارما دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى، گازارمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىشقىيارنىڭ ياتىقىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ، يەنە بىر مەردى ـ دە، ئۆزى ئىشقىيار بىلەن مېڭىپ ئۆگەنگەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئېقىن تەرەپكە قاراپ دىڭگوكلاپ چېپىپ كەتتى.

شۇتاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككە ئىدى. ئۇ ھەممە نەرسىگە ــ چوقچىيىپ تۇرغان تاشقا، چاتقاللىقلارغا قۇچاق يەتكۈسىز قارىغايغا بىر ۋەھىمە ئىچىدە خەۋپسىرەپ چۆچۈپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز گازارمىدىن چىقىپ بۇ يەرگە كېلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ ھەردائىم بۇ يەرگە پەقەت ئىشقىيار بىلەن بىللە كېلەتتى، ئۇ چاغدا ئۇ ھېچنېمىدىن خەۋپسىرىمەيتتى. ئەمدى بولسا، يەككە ـ يېگانە، ئىلگىرى ئۆزى كۆرۈپ ئۆگەنگەن چۆپلۈك، ئورمانلىق، ئېگىز تاغ، قىيا تاش ھەممىسىلا ئۇنىڭغا يوچۇن، ناتونۇش، ھەتتا خەۋپلىك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھايات كېرەك! ھاياتتىنىمۇ، ئەركىنلىكتىنىمۇ، ئەركى بىلەن ياشاپ، ئەجىلى بىلەن ئۆلۈشتىنىمۇ قىممەتـ ـرەك، ئەزىزرەك يەنە نېمە بار؟ قورقۇش، ۋەھىمە، جاپا ـ مۇشەققەت ھېسابىغا ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ! مەيلى مېڭىش كېرەك! ئالغا قاراپ مېڭىش كېرەك! ۋاقتى كەلسە ئانا تەبىئەت ئۇنىڭغا باش پاناھ بولىدۇ، ئۇ ئۆز نەسلىدىن بولغان بۆغا توپلىرىنى تېپىۋالسا، تېخىمۇ ياخشى. ئۇلار ئۇنىڭغا بۇنداق گۈزەل، مۇلايىم بۆغا بالىسىغا ئۆزىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىنى ئاچىدۇ، قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتىدۇ! توغرا، بۆغىلارنى تېپىش كېرەك، ئۇلارنى چوقۇم تېپىش كېرەك! لېكىن ئۇلار نەدىكىن، ئۇلارنى قاچان ۋە قانداق قىلىپ تاپسا بولىدىكىن؟

بۇغا بالىسى ئېقىن بويىغا، دائىم ئىشقىيار بىلەن كېلىدىغان «بۆرە تولا» ئېقىنى بويىغا كەلدى. ئۇ ھەر دائىم ئىشقىيار ئولتۇرىدىغان ھېلىقى قورام تاشنى ھىدلىدى. ئىشقىيارمۇ شۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ئۇنى ئەركىلىتەتتى، ئۇنىڭ ئۇچىسىنى سىلايتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. ئاھ، ئۇ چاغلار... نېمە دېگەن بەختلىك چاغلار ئىدى - ھە؟! ئۇ چاغدا ئۇ قايغۇرۇشنى، يالغۇزلۇقنى، قورقۇشنى بىلمەيتتى. ئەمدى ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتتى. ئۇ كۈنلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە نەرسە يىراقتا، ئۇنىڭدىن تولىمۇ يىراقتا قالدى...

بۇغا بالىسى قورام تاشنى ئاخىرقى رەت پۇراپ - ھىدلىغاندىن كېيىن، ئېقىن بويلاپ يىراقتا كۆۋۈلدەپ قارىيىپ تۇرغان ئورمان تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ ئېقىننىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈشنى ئويلىدى، لېكىن ئۆتۈشتىن قورقتى. چۈنكى ئېقىن سۈيى ئىتتىك ئىدى، ئۇنى ئېقىتىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ، ئېقىننىڭ بۇ قېتى بىلەن ئورمانغا قاراپ ماڭدى، يول بولمىسىمۇ ئېقىن بويىدىن يىراقلاشمىدى. نېمىشقىدۇر ئېقىن سۈيىنىڭ شارقىرىشى ئۇنى خاتىرجەم قىلاتتى. ئاشۇ شارقىراپ ئاقىدىغان كونا ئېقىن ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا ئاشۇ كۆڭۈللۈك قوۋناق سائەتلەرنى ۋە ئادەمنىڭ سۆيۈملۈكلىكىنى ۋە ئىشقىيارنى ئەسلىتىپ ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەندەك بولاتتى. ئالدى تەرەپتىن تاغ شامىلى سوقۇۋاتاتتى. ئاسماندىكى بۇلۇتلار بارغانسېرى قويۇقلىشىپ پەسلەشكە باشلىدى، ئۇ تەبىئىي بۇغا سېزىمى بىلەن، بۇنىڭ قاتتىق يامغۇردىن بىشارەت ئىكەنلىكىنى پەملىدى - دە، يامغۇر قويۇۋەتكۈچە پاناھلايدىغان بىرەر جاينى تېپىش ئۈچۈن ئورمان تەرەپكە قاراپ دىڭگوكلاپ چېپىپ كەتتى.

ئۇ خېلى يۈگۈرگەندىن كېيىن، قېيىنزار ئورمانغا يەتتى. ئورماننىڭ ئىچى قويۇق چاتقاللىق ئىدى. ئۇ، ئاشۇ چاتقاللىق ئىچىنى بىر ھازا تىنتىكەندىن كېيىن، قېلىن چاتقال توپىنىڭ ئارىسىدىن يامغۇردىن پاناھلاشقا ئورۇن تاپتى. ھازىرچە بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالغۇدەك يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ياشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر بەلگە چېلىقمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. ئارقىدىنلا قاتتىق يامغۇر قويۇۋەتتى. بۇ، بۇغا بالىسىنىڭ ئادەم قولىغا چۈشكەندىن بېرى ئورماندا ئۆتكۈزگەن تۇنجى كېچىسى ئىدى. ھەر قېتىم باش ئۈستىدە چاقماق چېقىلغاندا، بۇغا بالىسى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. گۈلدۈرمامىنىڭ كۈچلۈك ساداسىدىن ئۇنى بىر ۋەھىمىلىك قورقۇنچ كېلىپ باساتتى. قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقاچقا، بۇغا بالىسى ئىلاجىسىز يەنە ياتاتتى. شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر سۈيىدە بۇغا بالىسى لەيلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ چىرايلىق پارقىراق تۈكلىرى ھۆل بولۇپ چاپلىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا بۇ چىرايلىق بۇغا بالىسى خۇددى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاسلاندەك ئايانچلىق كۆرۈنەتتى. ئۆز ئىختىيارىچە بولغىنىدا، بۇغا بالىسى ئاشۇ ئادەملەر بىلەن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ياشىغان بولار ئىدى. لېكىن ئادەملەر ئاخىرقى ھېسابتا بۇنىڭغا يول قويۇشمىدى. ئۇنىڭ ئەركى ۋە ھاياتىغا چاڭگال سالماقچى بولۇشتى، قانداقلا بولمىسۇن ئۆلۈمدىن، ئەجەلسىز قۇربانلىقتىن سوغۇق ۋە ھۆل بولسىمۇ ھايات ياخشى ئىدى. ئاچ-

توق قالسىمۇ ئازادلىق - ئەرك ئەلا ئىدى. شۇڭا ئەمدى بۇغا بالىسى تەبىئەت دۇنياسىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىدە بۇغىلارغا خاس چەبدەسلىك، ھوشيارلىق، باتۇرلۇق ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ، بۇ كەڭ تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ئۆز خان - ئۆز بەگ بولۇپ ياشايدۇ... ئۇ ھېچكىمگە بېقىنمايدۇ، ھېچكىمنىڭ كۆزىگە تەلمۈرمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق ئانا تەبىئەتكە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئۈلۈشىنى ھەسسە قىلىدۇ. ئانا زېمىن، ئانا تەبىئەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەرز - بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. ئۇ، بۇلارنى قىلالايدۇ، ئۇ ھەممىنى قىلالايدۇ، بۇ يەردە ئۇ ئانىسى ئۈمىد قىلغىنىدەك، ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدەك يېڭى ھايات سەھىپىسىنى يارىتىدۇ! ئۇ چاغدا ئانا روھى، ئانا تەبىئەت ئۇنى ئالقىشلايدۇ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ...

بۇغا بالىسى قاتتىق يامغۇرلۇق كېچىدە، ئورمان ئىچىدىكى قويۇق چاتقال ئارىسىدا كۆشەپ يېتىپ ئاشۇ تۈگىمەس تاتلىق خىيال، چىرايلىق ئۈمىدلەر بىلەن يالغۇزلۇقنى قاراڭغۇلۇق ھەم ۋەھىمىلىك كېچىدىن كېلىۋاتقان قورقۇنچنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ غەشلىككە تولغان مىسكىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغىنى ھالدا تاڭنى ئاران تەستە ئاتقۇزدى.

تاڭ بىلەن تەڭ يامغۇرمۇ توختىدى، ئورماننىڭ ئىچى سوقۇۋاتقان غۇر - غۇر شامالدىن ئاستا - ئاستا قۇرۇدى. ھەرخىل قۇشلار، تۈرلۈك ھاشاراتلار ئۆز ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ، شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھايات ھەلەكچىلىكلىرىنى باشلىۋەتتى. ئانا تەبىئەت ۋە ھايات شەنىگە تەنتەنە قىلىۋاتقان ئاشۇ جانىۋ - جانىۋارلارنىڭ چۇقانلىرى ئورمانلىق ئىچىگە قالتىس ھەيۋەت ۋە قاينام - تاشقىنلىق بەخش ئەتكەنىدى.

بۇغا بالىسى ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ، قويۇق چاتقاللىق ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، ئۇ ئالدى - ئارقا ئاياغلىرىنى ئۇزارتىپ، تازا كېرىلىۋالغاندىن كېيىن، ئورماننىڭ يورۇقلۇق شوڭغۇۋاتقان شالاڭراق يېرىنى كۆزلەپ ئاستا مېڭىپ كەتتى.

ئەتراپتىن تاغ گۈللىرىنىڭ خۇش پۇرىقى ۋە تاتلىق چۆپلەرنىڭ مەززىلىك ھىدى كېلەتتى. بۇغا بالىسى سوقۇۋاتقان شامالغا قارشى يۆنىلىشتە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئورمان ئىچىدىكى بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. بۇ يەردە ھەرخىل گۈللەر غۇچچىدە ئۆسۈپ كەتكەنىدى. بۇغا بالىسى ئاشۇ قويۇق ۋە ئېگىز ئۆسكەن گۈللەرنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئۇ، شۇ ھامان گۈللەرگە پۇركۈندى، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇنى مەست قىلدى. ئۇ، گۈللەرنىڭ ئۈچىدىن ئۈزۈپ يەپ بىر ھازاغىچە گۈللۈكنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈردى. بۇ يەردە ئۇ يەيدىغان تاتلىق چۆپلەر ناھايىتى مول ئىدى، ئۇ تويغۇچە ئوتلىدى. كەچقۇرۇن ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ راھەتلىنىپ ئېغىناپ ياتتى. قورسىقى ئاچقاندەك قىلىۋىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بايىقى گۈللۈككە كىردى، شۇنداق قىلىپ بۇغا بالىسى بۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئارامگاھدا ماكانلاشتى...

بۇغا بالىسى ئورمانغا قايتىپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى بىر چۈش كۆردى.

چەكسىز كەتكەن قارلىق دالا. بۇغا بالىسى بىر ئېگىز چوققىدىن ئاشۇ كەڭرى كەتكەن قارلىق دالىغا قاراپ تۇرىدۇ. دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم مۈدۈرۈپ - يىقىلىپ ئاشۇ چوققا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، بايىقى ئادەم بارغانسېرى يېقىنلاشتى، ئۇ

بۇغا بالىسى تۇرغان چوقىغا بەكمۇ قىيىندا يامىشىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئادەم — ئىشقىيار ئىدى. ئىشقىيارنىڭ قولىدا بۇغا بالىسى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان بىر تۇتام يېشىل چۆپ تۇراتتى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ، بۇغا بالىسىغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى. ئىشقىيار بۇغا بالىسىغا قاراپ كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا نېمە لەرنىدۇ پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ نېمە دەۋاتىدىكىن؟ بۇغا بالىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكىنى ئۈچۈن بۇغا بالىسىنى ئەيىبلەپ جىمىت لەۋاتامدىكىن؟ ياكى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سېغىنىشىنى ئىزھار قىلىۋاتامدىكىن؟ ياكى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تارتىۋاتقان دەرد - ھەسرىتىنى، مۇڭزارىنى بايان قىلىۋاتامدىكىن؟ بۇغا بالىسى ئىشقىيارغا شۈبھە بىلەن تىكىلگىنىچە جايىدا قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردى. ئۇ، ئادەملەردىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىشقىيار گەرچە سۆيۈملۈك بولسىمۇ ئادەم - دە. ئۇ شۇ تاپتا ئىشقىياردىنمۇ خاۋاتىرلىنىۋاتاتتى. ئۇ شۇ مىنۇتتا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋپ سىرەيتتى.

ئىشقىيار بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا. ئۇ قايغۇلۇق كۆزىنى بۇغا بالىسىغا تىكىپ، قولىدىكى چۆپنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقىنىچە كېلىۋاتاتتى. بۇغا بالىسى ئارقىسىغا شوخشۇپ، يارنىڭ لېۋىگە بېرىپ قالدى. ئىشقىيار يېقىنلاپ كېلىۋەردى. ئاخىرىدا ئىشقىيار بۇغا بالىسىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى. شۇ چاغدا بۇغا بالىسى بىر ئۇقچۇپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ كەتتى - دە، ئىشقىيار ئۆز سالمىقى بىلەن دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ، يارنىڭ قىرغىقىدىن يارغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ قولىدىكى ھېلىقى بىر تۇتام چۆپنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چوققىغا ئاتتى. چۆپ بۇغا بالىسىنىڭ ئالدىغا چۈشتى، بۇغا بالىسى ئايانچلىق ئاۋازدا بوزلىۋەتتى - دە، ئويغىنىپ كەتتى. بۇ، يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەھەل ئىدى. بۇغا بالىسى قېلىن چاتقالنىڭ ئىچىدە ياتاتتى. ئورماننىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا يۇلتۇزلار غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. گاھىدا كىملەردۇر شۇۋىرلاپ سۆزلىشىۋاتقاندەك قارىغاي، قېيىنلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ يەڭگىل شىلدىرلىغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

بۇغا بالىسىنىڭ يۈرىكى ۋەھىمىدىن دۈكۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى ئانىسىنى چۈشەپ قالغان كېچىسىدىكىدەك قايغۇغا تولدى. شۇ كېچىسىمۇ ئۇ، ئانىسىنى چوڭقۇر يارغا سەكرىگەن ھالدا چۈشەپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر ئاغرىق كىرگەندەك بولدى...

ئىشقىيارغا نېمە بولدىكىن؟ سالامەتمىدۇ؟ ياكى بىرەر بالا - قازاغا يولۇققانمىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئىشقىيار بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى؟ ئىشقىيار بۇغا بالىسىنىڭ ئۇنتۇشسىز كېتىپ قالغىنىنى بىلگەندىن كېيىن قانداق ئويلاپ قالدىكىن؟ ئۇنى ئىزدىگەنمىدۇ؟ يوقسىنغانمىدۇ؟ سېغىنغانمىدۇ؟...

بۇغا بالىسى ئورمانغا كەلگەندىن كېيىن تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان ئورماننىڭ قۇچىقىدا ئەركىن، بەھۇزۇر، بىخارامان قىيغىتىپ غەمسىز

ياشىدى، لېكىن... لېكىن ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىر نەرسە كەملىك قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ، نېمىكىن – ھە؟

ئۇ، ئۇزۇن ئويلىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىگە كەملىك قىلىۋاتقان نەرسىنى چۈشىنىپ يەتتى، ئۇ – ئادەملەر ئىدى. ئادەملەر ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدى، ئۇنىڭ جاراھىتىنى ساقايتتى، ئۇنى بۇگۈنكىدەك گۈزەل ۋە ساغلام قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇ تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق ۋاقتىدىن بۇيان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياشاپ كەلدى. ئۇ، ئادەملەرنىڭ قايغۇسىنى، خۇشاللىقىنى، كۈلكىسىنى، يىغىسىنى ئاڭلىدى، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر پاك، نەقەدەر ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇتلۇق مېھرىنىڭ تەپتى ئۇنىڭ يېتىم، ئاجىز، مىسكىن قەلبىنى ئىللىتتى، تېنىگە قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئۇلار ئۇنى ئۆز بالىسىدەك، ئۆز قېرىندىشىدەك، ئۆز دوستىدەك كۆردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈلدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۆيگۈ تاشقىنلاپ تۇرغان بىر ئەزىم دەريا ئىكەن، ئۇلارنىڭ قەلبى لاۋۇلداپ تۇرغان سۆيگۈ گۈلخانى ئىكەن، ئادەملەر سۆيۈشنى، چىن دىلىدىن سۆيۈشنى بىلىدىكەن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئاشۇ سۆيگۈنى بەردى... لېكىن ئۆزىچۇ؟ ئادەملەرگە نېمە بەردى؟ ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى ئۈچۈن ئىشقىيارنىڭ ئۇيقۇسىز تۈنلىرى، جاپالىق كۈنلىرى ئۈچۈن ئۇ نېمە بىلەن جاۋاب بەردى؟ ھەتتا ئۇلار بىلەن خوشلاشمايلا خۇددى چۈجە ئوغرىلىغان تۈلكىدەك قۇيرۇقىنى قىسىپ «غىپپىدە» قېچىپ كەتتى! ئۇلار ئۇنى نېمە دېيىشكەندۇر؟

«قاراڭلار، بۇغا دېگەننىڭ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، بۆتۈپ كەتكەن ۋاپاسىز نامەرد بىر ھايۋان ئىكەنغۇ؟!» دېيىشتىمىكىن! ئاھ... بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك؟ ئۇ، بۇغا ئەۋلادىغا، بۇغا ئەۋلادىنىڭ شەنىگە ھاقارەت ئەمەسمۇ؟

دۇنيادا تەنھالىقتىن بەتەر ئازاب بولمايدۇ، تەنھالىق جېمىكى قايغۇ – ھەسرەتنىڭ مەنبەئى، مانا ھازىر ئۇ ئەنە شۇ تەنھالىقنىڭ قۇچىقىدا ئەركىنلىككە ئېرىشتى. بۇنداق قايغۇ – ھەسرەت ئىچىدىكى ئەركىنلىك، زېرىكىش، بىزىش ئىچىدىكى ئەركىنلىكنىڭ قانچىلىك قىممىتى بار؟ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىلا ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭغا ھېچكىم دەخلى قىلمايتتىغۇ؟ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەركىنلىك، ئادەملەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ھايات، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەركىنلىك ۋە گۈزەل ھايات ئىكەن. ئادەملەر ئۇ يەردە ئۇنىڭغا كېرەك بولغان ھەممىنى ئارتۇقى بىلەن بەرگەنىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ئادەملەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە سۆيگۈسىنى بەرگەنىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە كېرەك ئۇنىڭغا؟ بۇ يەردە سۆيگۈ تاپالىدىمۇ؟ قېنى، ئادەملەرنىڭ سۆيگۈسى؟ قېنى، ئادەملەرنىڭ مۇھەببىتى؟!

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەنمۇ گەپمۇ؟ دەررۇ قايتىش كېرەك! ئاشۇ گازارمىغا، ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىغا ئالەمچە سۆيگۈ ھەم مۇھەببەتنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئاشۇ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئىچىگە، ئىشقىيارنىڭ يېنىغا قايتىش كېرەك!

لېكىن...لېكىن...لېكىن!...ھېلىقى روتا كوماندىرىچۇ؟ بۇغا بالىسى ئاشۇ روتا كوماندىرنىڭ ئىشقىيار بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىنى ئاڭلىدىغۇ، ئۇنىڭ نىيىتى مەلۇمغۇ؟ كېرەك يوق! ئۇ يەردە ھەقىقەت بار، روتا كوماندىرى پەقەت بىر ئادەم، ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى بولسا كۆپچىلىك، ئۇلار ھەرگىزمۇ روتا كوماندىرىغا يول قويمايدۇ، يەنە تېخى روتا كوماندىرىنى چۈچۈتىدىغان يەنە بىر چوڭى «دۆلەت» دېگەن ئەڭ چوڭ ئاقساقىلى بار ئىكەنغۇ؟ ئىشقىيار: «بۇغا بالىسى دۆلەتنىڭ» دېدىغۇ؟ «دۆلەتكە ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلىمەن» دېۋىدى، روتا كوماندىرى ئۇجۇقۇپ كەتتىغۇ؟ دېمەك، ئۇ «دۆلەت» دېگەن ئەڭ چوڭىدىن قورقىدىكەن، يەنە كېلىپ مەن «دۆلەت» نىڭ بۇغىسى ئىكەنمەن؟ ئۇ قانداقراق ئادەمكىن؟ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىن يىرىغان، ھەممىسىدىن كۈچلۈك بولسا كېرەك؟ مەن نەدە يۈرۈپ ئۇنىڭ بولۇپ قالدىمكىن؟ ئۇ مېنى چوقۇم تونۇيدىغان ئوخشايدۇ؟ مېنى قاچاندۇر كۆرگەن بولسا كېرەك. دېمەك، ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى مېنى قوغداپ قالدۇ. زادى بولمىغىنىدا «دۆلەت» دېگەن ئادەم ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ: «كىمكەن مېنىڭ بىگۇناھ گۈزەل بۇغامنى ئۆلتۈرىدىغان!» دەپ يوغان ئاۋازدا غەزەپ بىلەن بىر ۋارقىرايدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن روتا كوماندىرى غىپپىدە قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىدۇ! مۇبادا، زادىلا بولمىغىنىدا، ئىشقىيارنى خورلۇقتىن، تەھقىرلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدۇ! ئەزىز جانىدىنمۇ كېچەلەيدۇ. چۈنكى ئانىسى ئۇنىڭغا: «بىز ئانا تەبىئەت ۋە ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يارالغان، ۋاقتى كەلسە، ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىشتىنمۇ ئايانماسلىقىمىز لازىم» دېگەن ئىدىغۇ؟ مەيلى، ياشاشنىڭ مەقسىتى چۆپ يەپ، سۇ ئىچىپ، قېيغىتىپ ئويناش ئەمەس! مېنىڭ زىممەمدە ئەنە ئاشۇنداق بۇرچ بار ئىكەن، لازىم تاپقاندا، بۇرچىنى ئادا قىلىشىم كېرەك! بۇغا ئەۋلادىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان ئۇلۇغ روھىنى، گۈزەل پەزىلىتىنى، مەردۇ - مەردانىلىقىنى نامايان قىلىشى كېرەك، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەجدادى، ئاتا - ئانىسىنىڭ روھى شادلىنىدۇ، ئىشقىيار ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ، ئىشقىيارنىڭ يولداشلىرى ماڭا بارىكاللا ئوقۇشىدۇ! لېكىن «دۆلەت» دېگەن ئادەم نېمەدەركىن - ھە؟ مەيلىلا! يا ئۇ بولار، يا بۇ بولار، يا بولمىسا ئۇمۇ بولماي، بۇمۇ بولماي، ھېچقايسىسى بولماس، ئىشقىلىپ ھازىر ئەڭ مۇھىمى، دەررۇ ئادەملەرنى تېپىش، گازارمىغا قايتىش، ئىشقىيارنى قايغۇ، ئازابتىن قۇتقۇزۇش!

بۇغا بالىسى ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ كەتتى ۋە تاڭنىڭ ئېتىشىنىمۇ كۈتمەستىن گازارما تەرەپكە قاراپ چاپتى.

42 - باب

ئىشقىيار گازارمىغا قايتىپ كېلىپ، 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن روتىدا ئومۇمىي يىغىلىش بولدى، يىغىلىشتا روتا كوماندىرى ئىشقىيارنىڭ ئارمىيىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم ئارمىيىدىن قېچىپ، ئارمىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغىنى

ئۇچۇن، ئارمىيە ئىنتىزام ئۇستاۋىنىڭ 20 - ۋە 21 - ماددىسىغا ئاساسەن، ئىشقىيارغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ھەممە ئۇنىڭ ھەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلۈدىغان ماھارەت كۆرسىتىش ئۇددىلىنىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇقىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت ئېلان قىلدى. ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىغا بۇ قارار گويا بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەم ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ تۇيۇقسىز خەندەككە ئىتتىرىۋەتكەندەك تەسىر قىلدى. ئىشقىيار گازارمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ گازارمىغا ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن ھەم ئۆزىنىڭ گازارمىغا قايتىپ كېلىش يولىدا ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ئارمىيەدىن قاچماقچى ئەمەسلىكىنى كۆيۈپ - پىشىپ ئىزاھلىغانىدى. لېكىن...

يىغىلىش تارقالدى. بۈگۈن قىسىم سەنئەت ئۆمىكى گازارمىدا ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇدىغانلىقى ئۈچۈن تاماق ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق بېرىلدى. ئىشقىيارنىڭ گېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى. ئۇ تاماقخانىدىن ھەممىدىن ئىلگىرى قايتىپ چىقىپ، گازارما دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇققا يىقىلىپ ياتقان قارىغاي غولىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ يىراققا تىكىلگىنىچە خىيالغا چۆمدى.

كۈن ئاستا - ئاستا پېتىۋاتاتتى. ئاسماننىڭ غەربى تەرىپى چوقچىيىپ تۇرغان تۆمۈرتاي چوققىسى، ھېلىقى قېيىنزار، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھقا پۈركۈنگەن ئېگىز تۆپىلىك، شۇ تاپتا يېنىۋاتقان تونۇردەك لاۋۇلداپ تۇرغان ئاسىياندىكى كەچكى شەپەقنىڭ شولىسىدا خۇددى ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

تاغ ھاۋاسى خېلىلا سالقىن بولسىمۇ، ئىشقىيار خۇددى چەكسىز باياۋاندا پىژغىرىم ئىسسىقتا قالغان ئادەمدەك تىنجىق ھېس قىلاتتى، ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك كۆكرىكى خۇددى ئۈستىدىن ئېغىر تاش بېسىۋاتقاندەك قىسىلاتتى، ئىشقىيارغا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ تىنغۇسى كېلەتتى، ھەر بىر تىنغاندا تىنىقلىرىدىن ئوت چاچرىغاندەك بولاتتى...

ئىشقىيار ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ، شەپكىسىنى ئارقىسىغا سۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ گىرتىيىپ قالغان كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ قالغاندەك سوغۇق پارقىرايتتى. ئىشقىيار جەينىكىنى تىزىغا قويۇپ، ئېڭىكىنى تىرەپ، كۆزىنى ئاسماننىڭ ئاشۇ گۈلخانىدەك يېلىنجاپ تۇرغان يېرىگە تىكتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا ئاشۇ گۈلخاننىڭ چوغىغا قاقلانغاندەك كۆيۈپ ئېچىشىۋاتاتتى.

ئۇشتۇمتۇت يىراقتا بىر توچكا پەيدا بولدى. ئۇ توچكا بارا - بارا يېقىنلاۋاتاتتى. ئىشقىيار كۆزلىرىنى قىسىپ، يىراقتا قىمىرلاۋاتقان ئاشۇ توچكىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىكىلدى.

«سىياسىي رەھبەر كېلىۋاتامدۇ - نېمە؟» ئىشقىيار ئويلاپ قالدى. بۈگۈن ئارتىسلارنى باشلاپ كېلىشكە بارغان روتا زاپخوزى سىياسىي رەھبەرنىڭ يا بۈگۈن، ياكى ئەتە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. «پىيادە كېلىۋاتقىنى نېمىدۇ، شۇنچە يىراق يەردىن - ھە؟!»

ئەشقىيار ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، ھېلىقى توچكا كېلىۋاتقان تۆپىلىككە قاراپ يۈگۈردى. ئەشقىيار زاپخوزدىن شۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ خەۋەر ئۇنى ئېمىشقىدۇر ھاياجانلاندۇردى. ئۇ، سىياسىي رەھبەرنىڭ يولىغا زارىقتى، ئۇنى كۈتتى... ئۇ سىياسىي رەھبەرنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك سېغىنمىغانىدى، قاراڭغۇدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ قالغان ئادەم، يوروق ئىزدىگەندەك بىرخىل دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تەلمۈرگەنىدى...

ئۇ قويۇق چۆپلۈكتە مۆدۈرۈپ ـ چوقۇرۇپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ يوغان بەستى مۈكچىيىپ، ئۇزۇن پاچاقلىرى پۈكۈلگەنىدى. ئالدىدىن كېلىۋاتقان شامال ئۇنىڭ شەپكىسىنىڭ ئاستىدىن چۇۋۇلۇپ چىققان چاچلىرىنى يەلپۈپ ئۇچۇراتتى، ئۇ كۆزلىرىنى ئالدىغا تىككىنىچە، لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈرەيتتى.

ئەشقىيار يۈگۈرمەكتە، خۇددى ئۆزى دېگەندەك ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلغان دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ، دادىسىغا قاراپ يۈگۈرگەن ئۆسمۈر بالىدەك بىر تاقەتسىزلىك ئىچىدە يۈگۈرمەكتە ئىدى.



ئەشقىيار يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇم ـ تۇت جايىدا «چىپپىدە» توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىقتىن چەكچىيىپ كەتتى ـ ئۇ تەرەپتىن سىياسىي رەھبەر ئەمەس، ئۇماق ۋە گۈزەل بۇغا بالىسى ئۇنىڭغا قاراپ ئويناقلاپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئەشقىيارنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئازاب ۋە قايغۇدىن گىرتىيگەن كۆزلىرى چاقناپ، تاتارغان، سولغۇن چىرايى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى.

«شۇ! راستىنلا ئاشۇ بۇغا بالىسى!...» ئەشقىيارنىڭ ۋۇجۇدى بىر شېرىن جۇغۇلداش ئىچىدە سىلكىندى، ئۇ غۇلىچىنى كەڭ يايغىنىچە بۇغا بالىسىغا قاراپ يۈگۈردى. خۇددى سۆيۈملۈك قەدىرداننى يوقىتىپ قويۇپ، قايتا تېپىۋالغان ئادەمدەك خۇشاللىق ۋە ھولۇقۇش ئىچىدە يۈگۈردى...

تاماقتىن قايتىپ چىققان بىر توپ جەڭچىلەر گازارما ئالدىدىكى چۆپلۈكتە ئەشقىيارنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەن بۇغا بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، تىزلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. شۇ تاپتا بۇغا بىلەن ئادەم گويا بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەنىدى...

تۈپىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ، كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ، بىر ھازا ئاشۇنداق چەكچىيىپ تۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر بىر تىندى-دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، بېشىنى سالغىنىچە قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ كېتىپ قالدى.

چەكچىلەر گاھ ھېلىقى ئادەمگە، گاھ بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىغا مەڭزىنى يېقىپ، تىزلىنىپ تۇرغان ئىشقىيارغا ئۈنچىقماي قاراپ تۇرۇشاتتى.

شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى خۇشال ۋارقىرىۋەتتى:

— ئەنە! سىياسىي رەھبەر كېلىۋاتىدۇ!

يىراقتىن قەددى-قامەتلىك بىر كىشى چەكچىلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتاتتى. چەكچىلەر كېلىشىۋالغاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى...

بۇغا بالىسىنى قۇچاقلاپ، تىزلىنىپ تۇرغان ئىشقىيار ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر قولىدا بۇغا بالىسىنىڭ بويىنىنى سىلىغىنىچە كېلىۋاتقان ھېلىقى ئادەمگە قارىدى ۋە قاتتىق چارچىغان ئادەم راھەتلىنىپ بىر «ئۇھ!» دېگەندەك چوڭقۇر تىندى...

---

(بېشى 150-بەتتە)

سىنىپىي زۇلۇم پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئەنۋەر ناسىرى شۇ يىللاردا يازغان بىر شېئىرىدا دۈشمەننىڭ قىيىن-قىستاقلىرى ئالدىدا باش ئەگمەي قۇربان بولغان ئىنقىلابچىنىڭ ئوبرازىنى مۇنداق ياراتتى:

«ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان،
تىتىلغان تەن، تۈرۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش،
پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.»

ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر 1938-يىلى گىرىپتار بولغان ئۆپكە كېسىلىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرلاپ قېلىۋاتقىنىغا قارىماي، 1944-يىلى پارتلىغان 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. ئۇ، 1945-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1946-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ساقچى ئىدارىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلەيدۇ، ئەمما كېسىلى بەك ئېغىرلاپ كەتكەچكە، خىزمەتنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمايدۇ. شۇم كېسەل ئاخىرى، 1946-يىلى 11-ئايدا 33 ياشلىق شائىرنىڭ ھاياتىنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئېلىپ كېتىدۇ.

شائىر ئەنۋەر ناسىرى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئىنقىلابىي ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئارقىلىق يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە شانلىق ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىققا ئىگە بولۇپ، يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ئۈلۈش قوشتى.

**تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى.**

ئابلا ئەخمەدى

# يىللار

(شۇ ناملىق روماندىن پارچە)

يازغۇچى ئابلا ئەخمەدىنىڭ «يىللار» ناملىق رومانى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرىگە بېرىلدى. پات ئارىدا كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدا رومانىنىڭ بىر بابىنى ئالدىن تونۇشتۇردۇق.

تەھرىردىن.

## ئەجەل ھودۇقۇشىدا

قېلىن سېلىنغان تۆشەك ئۈستىدە، ئاپاق كىيىم - كېچەكلىك بىلەنلا ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ قىيا يۇمۇلغان كۆزلىرى تورۇسقا تىكىلگەن بولۇپ، خىيال ئېكرانىدا نامايان بولغان ئاجايىپ مەنزىرە يۈرىكىنى يايرىتاتتى ئىدى. مانا، نەچچە يۈزلىگەن خۇشال چىرايلار بىلەن تولغان باسما سېخى، بۇ يەردە ۋىلايەتنىڭ مەسئۇللىرىمۇ بار. يەن شۇجى، ياقمەي گۇجاڭ زاۋۇتنىڭ بىر يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى، بولۇپمۇ تېخنىكا يېڭىلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى رەھبەرلەر بىلەن ئاممىغا بىربىرلەپ دوكلات قىلدى. ئاندىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەسئۇلى ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان دۆيكەي باسما ماشىنىسىنىڭ رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ پارتكوم نامىدىن سۆز قىلدى، ئۇلاپلا لېنتا كەستى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن رامزان غادايغان ھالدا ماشىنىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى، چاۋاكلار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. رامزان روبىلىنكىنى شۇنداق يېنىۋىدى، ماتورنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى چاۋاكلارنى بېسىپ، ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھاياجانلانغان رامزان ئاستا تورمۇزنى قويۇپ بەردى. قويۇپ بەردى - يۇ، چىرايى تامدەك تاتى-

رىپ، كۆزلىرى ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى. كىشىلەرنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايلىرىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكەندەك چەكچەيدى. قوللار ئاللىقاچان چاۋاك چېلىشتىن توختىغان بولۇپ، سېخ ئىچىنى گۆرىستان جىملىقى باستى. رامزان «داراڭگىدە» كەينىگە ئۇچۇپ چۈشكەندە بولسا، سېخ ئىچى قىيا-چىيا، ئۇپۇر-توپۇر دەستىدىن دوزاخ تۇسىنى ئالدى. ئەنە شۇ پەيتتە، مۇھەممەت ئىمىن تورمۇزغا چېتىپ قويۇلغان يۇقىرى بېسىملىق توك سىمىنى شارتتىدە يۇلۇپ ئالدى-دە، ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن يىغىشتۇرۇۋەتتى. دوختۇرلار بىلەن ساقچىلارنىڭ ھەپىلىشىشلىرى پۈتۈنلەي بىكارغا كەتتى. رامزان «يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىشى» بىلەن تىنىقتىن توختىغانىدى. دېمەك، پارۇقنىڭ ئەبەينىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى پاش قىلىش ماتېرىيالىمۇ، ھېلىقى ئىككى ماشىنا قەغەزنىڭ تالونىمۇ رامزان بىللە تۈگەشتى. رەھمەتنىڭ شەپكىسىمۇ سۇغا چىلاشتى!..

«ئاھ... ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، قۇدرىتىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي!...»

ئاباق ئەسەبىيلەرچە ھىجايدى. ئۇ گويا يېتىۋېرىپ بىلى تالدىمۇ ياكى ئەسلى ھەردەم قىلغۇسى كەلدىمۇ، ئوك يېنىغا ئۆرۈلدى ۋە بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يۇڭ پوپايكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى پۈتۈنلەي يېشىپ، مەيدىسىنى ئېچىۋەتتى. تولدۇرۇپ كۆمۈر قاچىلانغان چۆيۈن مەش كانىيىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئاباق دېرىزىگە كۆز تىكتى: گەرچە ئايدىڭ بولمىسىمۇ، ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەنگەن قاردىن چاقنىغان ئەكس نۇر پېشايۋان ھەمدە قارشى تەرەپتىكى ئاشخانا ۋە ياتاق ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەنە شۇ ئۇدۇلدىكى ئۆيدە ئاباقنىڭ خوتۇن-بالىلىرى بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتى.

ئاباق يېڭىباشتىن ئويغا بولۇپ، ھوزۇرلىنىپ كېرىلدۋالدى، بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى. كۈتۈلمىگەندە، مەشتىكى كۆمۈرنىڭ «پاڭگىدە» قىلىپ ئېتىلىشى ئاباقنى چۆچۈتۈۋەتتى. خىياللىرىمۇ چېچىلىپ، كۆڭلىدىكى خۇشاللىقى قورقۇنچ ۋە ئەندىشە بىلەن ئالماشتى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا: «ئەگەر ئىش ئەپلەشمەي قالسىچۇ؟...» دېگەن بىر ئەنسىز خىيال كىرىۋالدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ، گېلىنى تېمىدۇر بىر نەرسە كۆچەپ بوغۇۋاتقاندەك ئىچ-ئىچىدىن بىئارام بولۇپ، ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلەتتى، پۇت-قوللىرىنى بىر يىغىپ، بىر سوزاتتى، ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆكسىنى چاڭگاللاپ، سوزۇپ-سوزۇپ «ئۇھ» تارتاتتى...

ئاخىر ئۇ ياتالمىدى: دەسلەپ ئۆرە بولۇپ بىردەم ئولتۇرۇپ باقتى، كېيىن كۆڭلىگە تېخىمۇ دەككە-دۈككە چۈشۈپ، چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقىشقا باشلىدى. ئۇ، دەس ئورنىدىن تۇردى-دە، پاختىلىق چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، كەشىنى پۇتىغا سالتى...

ئەمدىلىكتە ئۇ، قار دۆۋىسىگە كەينىنى قىلغان ھالدا ھويلا ئىشىكىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى، يانۋارنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلالمىغانىدەك ئىدى: كۆزلىرى ھېلى ئاسمانغا، ھېلى ئىككى يېنىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىگە، ھېلى كوچا ئىشىكىگە ئالاق-جالاق تىكىلەتتى: ھەربىر شەپىگە پۈتۈن زېھنى يىلەن

قۇلاق سالاتتى، ئەمما قەيەردىندۇر — يىراق بىر يەردىن ئارىلاپ - ئارىلاپ كېلىۋاتقان يۈك ماشىنىسىنىڭ بوش گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى.

ئۇ، ئاشۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدىكىن؟ بىر چاغدا، كىمنىڭدۇر ئالدىراش باسقان قەدەم ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاباق سەگەكلەشتى. ناھاللىق ئۆتۈك - نىڭ ئاسفالىتلىق يولغا «قاس - قاس» تەگكەن ئاۋازى بىلەن قارنىڭ غاچىلدىغان ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىشقا باشلاپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە بىردىن جىمىپ كەتتى، ئارىدىن بىر مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي ئىشىكنىڭ ھالقىسى ئاستا شاراقلىدى. ئاباق تىنىقىنى سىرتقا چىقىرىشقىمۇ پېتىنالماي، ئىشىككە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى... ھايال ئۆتمەي، ھالقا يەنە ئۈزۈپ - ئۈزۈپ بارغانسېرى قاتتىقراق شاراقلىدى.

— كىم؟ — دېدى ئاخىرى ئاباق پەس ئاۋازدا، تاشقىرىدىنمۇ ئوخشاشلا پەس ئاۋاز كەلدى:

— مەن، ئاباق ئاكا، مەن!...

بۇ مەھەممەت ئىمىننىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئاباق ئالدىراپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

مۇھەممەت ئىمىن ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىر - بىرىگە بىرنەچچە سېكۇنت ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ تۇرۇشتى. ئەنە شۇ چاغدا، ئاباق ئۆزىنىڭ ئىنتايىن تولغ - لاپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئاغزى زادىلا گەپكە كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ، شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ، ئىشىكنى ئاۋايلاپ يېپىپ، زەنجىرلىدى ۋە مۇھەممەت ئىمىنگە بېشى بىلەن ئۆينى ئىشارە قىلىپ، ئۆزى ئۆينىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى، ئىشىك مەھكەم يېپىلدى. ئاباق بىر قولىدا ئېلېكترنىڭ يەپىنى ئىزدىگەچ:

— قانداق، ئەپلەشتۈرەلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالدىراش.

— ئەپلەشمىدى...

— نېمە؟!...

ئاباق چۆچۈپ خورازدەك قىچقىرىۋەتتى. قوللىرى مۇھەممەت ئىمىننىڭ يەلكىسىنى ئامبۇردەك قىسىپ، ئۇنى ئۆزىگە تەرەپكە تارتتى.

— ئاكا، چىراغنى يېقىۋەت، ئاندىن كېيىن ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي.

مۇھەممەت ئىمىن ئۆزىنى ئۇتتۇشقا سالماق تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئاۋازى خۇددى ھازىدار ئايالنىڭ ئاۋازىدەك تىترەيتتى، چىشلىرى كاسىلداپ، بىر - بىرىگە ئۇرۇلاتتى.

ئاباق ئۇنى سىلكىۋەتتى:

— ياق، چىراغنى ياقمايمەن، مۇشۇنداق تۇرۇپ سۆزلىسەڭمۇ بولىدۇ!...

مۇھەممەت ئىمىن، ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى دەرھال چۈشەندى بولغاي، سىيپىلاپ يۈرۈپ مەشنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ھە، گەپ قىلە، نېمىشقا ئەپلەشمىدى؟

مۇھەممەت ئىمىن بولغان ۋەقەنى قىسقىچىلا سۆزلەپ بەردى.

— ئەخمەق! — دەپ چالۋاقىدى ئاباق چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئۇ ھارام سۈيدۈك بىلەن ئېيتىشىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئەستاغپۇرۇللا!...

مۇھەممەت ئىمىن ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشتى:

— ئۇ شۇمنىڭ ھەممە نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ قالغان تۇرسا...

— ھوي، مېگەنسىنى قاغا چوقۇۋالغان تەلۋە! — ئاباق قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — كۆزى چۈشۈپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ تۆت ئېغىز گەپ بىلەن بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ، ئىشنى چاندۇرماي جۆندەۋەرسەڭ ئۆلەمتىڭ!؟

— سەل ئۆپكەڭنى باسساڭچۇ، ئاكا! باياتىنقى ئەھۋالدا بارغۇ، مەن تۇرماق، سەنمۇ ئەپلەشتۈرەلمەيتتىڭ! ئۇنى كۆزدىن يوقاتماي تۇرۇپ، ھېچ ئىشنى جۆندىگىلى بولمايتتى، بولمىسا، مەن-سارائمۇ؟...

— سارائمۇ سەندىن مىڭ ياخشى!... تۇفى!... قىلغۇلۇقىنى قىپسەن. گەپ قىلە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ۋاي سېنىڭ ئەقلىڭ، ۋاي سېنىڭ ئەقلىڭ!... ھوي دەلتە! ھېچ بولمىغاندا، بىر نېمىلىرىڭنى يەغىشتۇرۇپ، چاندۇرماي قايتىپ چىققان بولساڭمۇ كاشكى...

— بۇرۇنراق شۇنداق دېگەن بولساڭچۇ! — مۇھەممەت ئىمىن تەنە ئارىلاش كۈلدى، — ھەي!... بولدى، مۇشۇنچىلىك دەپ، ئېيتىۋالغىنىڭمۇ يېتەر!... ھازىر ئوغۇل تاپسا ئۆزىدىن، قىز تاپسا خەقتىن كۆرۈپ، تاكاللىشىۋەرگەنىڭ بىر پۇلغىمۇ پايدىسى يوق!... ئەڭ ياخشىسى، ئوبدانراق بىر ئەقىل تېپىپ، مۇندىن كېيىن قانداق قىلىشىمىزنى مەسلىھەتلىشەيلى.

ئىككى كاللا تەڭلا يەرگە ساڭگىلاپ، ئىككى جۈپ كۆز مەشىنىڭ ئاستىنقى ئاغزىدىن چىققان نۇر بىلەن يورۇغان ئالقانچىلىك يەردىكى كۈل دۆۋىسىگە تىكىلدى.

ئۇلار جان قايغۇسىدا چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى.

ئوغرى قاراڭغۇدا تېپىشىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بىلەن ئاباق «ئۇلۇغ ئىنقىلاب» نىڭ دەسلىپىدىلا بىر-بىرىنى تازا تونۇپ يېتىشتى. «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى» دە ئاباقنىڭ مىڭ يۇەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي مەسىلىسى پاش قىلىنغانىدى. تۆلىتىپ قايتۇرۇۋېلىش، چارە كۆرۈش توغرىسىدا مۇزاكىرە كېتىۋاتقاندا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» پارتلىدى. ئاباقنىڭ ئىشىمۇ بىر ياندا قايرىلىپ قالدى. «ئەكسىيەتچى لۇشيەننى پىپەن قىلىش» يۈزىسىدىن زاۋۇت پارتكومىغا توپ ئېتىلغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كەسپىي بۆلۈمنىڭ ئادەتتىكى خادىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇھەممەت ئىمىن تەشكىللىگەن «جەڭگىۋار دۈي» ئىشنى ئاباقنى ئاقلاشتىن باشلىدى... ئاباق ئىنقىلابىي ئامما قاتارىغا قوشۇلۇپلا، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىشى بىلەن، قارشى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات باسما ئۈسكۈنىلىرى ۋە قەغەز بىلەن تەمىنلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. ھەتتا ئۇلار ھەرخىل يوللار ئارقىلىق باشقا جايلاردىن تېپىپ كەلگەن قەغەزلەرمۇ ئامبارغا «ئۆتكۈزۈپ» ئېلىندى. مۇشۇ تۈپەيلى، ئىككى تەرەپ ئامما ئوتتۇ-

رىسىدا كۆپ قېتىم زور كۆلەملىك ئەلەم كۆرنىشى يۈز بەردى. بۇ ئەلەم كۆرەشلىرىدە
ئاباق بىرەر قېتىممۇ بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقمىدى. تېخى ئېيپى كەلگەندە، قارشى تەرەپ
تىكى ئاممىغا «چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى، ئەمما ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇلارغا
قارشى بەزى ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقى» نى بىر ئاغىزدا مىڭ قېتىم سۆز-
لەيتتى. شۇڭا، قارشى تەرەپتىكى ئامما ئۇنىڭغا ئانچىلا ئۆچمەنلىك قىلىپ كەتمەيتتى.
قالايمىقانچىلىق تازا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە، ئاباق مۇھەممەت ئىمىن بىلەن تىلنى
بىر قىلىۋېلىپ، ئامباردىن رەسمىيەتسىز قەغەز چىقىم قىلىش يولى بىلەن گۇڭشې-دۈي-
لەرنىڭ ھەرخىل كىرىم-چىقىم تالونلىرى، ھېسابات دەپتەرلىرىنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ
بېسىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى دەپتەرچى-تالونچى چۆپقەتلىرى ئارقىلىق سېتىپ سۇ قىلىپ،
نەچچە ئونمىڭ يۈەننى قاقتى-سوقتى قىلىشتى. زاۋۇت ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى بولغان مۇھەممەت ئىمىن ئاباقنى نۇرغۇن چېقىل-چۇقۇللاردىن تىنچ-ئامان
ئۆتكۈزۈۋەتتى. شۇ تۈپەيلى، ئاباق پارۇقنى ئۆز قولى بىلەن جايلىۋېتىپ، مۇھەممەت
ئىمىننى زور پالاكەتتىن قۇتقۇزغانىدى...

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا سۇ قۇيدى.
پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانات يايغان «ئۈچنى ئېنىقلاش» دولقۇنىدا، ئەينى ۋاقىتتا
ئۇلار بىلەن بىر تەرەپتە تۇرغان ئامما ئۇلارنىڭ نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلىرىنى دادىللىق
بىلەن پاش قىلدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ناھايىتى «سەممىي» تەكشۈرۈپ، «خاتالىق» لىرى-
نى «يۈۋاشلىق» بىلەن بوينىغا ئالدى. «پوزىتسىيىسى ياخشى» بولغانلىقى، شۇنداقلا
«ئىككى ئومۇمەن» نىڭ دەل پەيتىدە يېتىپ كېلىشى نەتىجىسىدە، مۇھەممەت ئىمىن بۇ
چوڭ بوراندىنمۇ ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلىدىن،
ۋەزىپىسى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىلدى. ئاباق بولسا، ئامباردىن قوغلاندى. ئۇنىڭ مەسىلى-
سى جىددىي تەكشۈرۈلۈۋاتقاندا، مۇھەممەت ئىمىن يەن شۇجى، رامزان چاڭجاڭلارنىڭ
نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزىدىن مەخپىي تۇتۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى-دە، ئاباق بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارغا قارشى يېڭى-يېڭى سۈيىقەستلەرنى پىلانلىدى. ياشلارنى يول-
دىن چىقىرىش، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملى-
سىدىن ئىدى. رەھمەتجاننىڭ ئوتتۇرىغا قىستۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ قەدىمىنى تېخىمۇ تېز-
لىتىۋەتتى...

ھازىر ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا گۆردىن بۆلەك ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

ئاباق ئاخىر زۇۋانغا كەلدى:

ـــ ئۇكا، ـــ دېدى ئۇ ناھايىتى تەمكىن تەلەپپۇزدا، ـــ باياتىن سەل يەڭگىللىك قىلىپ،
ساڭا بىھۇدە ئازار بېرىپ قويدۇم. مېنىڭ مىجەزىمنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەنغۇ؟ ئۇ گەپلىرىم-
نى ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما. بولغۇلۇق بولدى، ھەر ئىككىمىز كونا خامانىنى سورىمايلى،
قانداق؟

ـــ مەنمۇ شۇنداق قىلساق دەيمەن...

ـــ ئۇنداق بولسا ياخشى. شۇنداق قىلايلى، ئۆتكەنگە سالاۋات. ئويلىسام، ھازىر

بىر جېنىمىزغا بىر يېرىمىدىن جان توغرا كەپتۇ. ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز قالمىغۇدەك. بىراق، بىز تېخى ياشىشىمىز كېرەك، بۇنى مەن كۆپ قېتىم دېدىم، ئېسىڭىزدە باردۇر؟

— ئېسىمدە بار، ئاكا!

— شۇنداق، بىز چوقۇم ياشىشىمىز كېرەك! لېكىن نەدە ياشايمىز؟ قانداق ياشايمىز؟ بۇلارنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟

— راستىمنى ئېيتسام، كاللام پەقەتلا ئىشلىمەيۋاتىدۇ...

— بۇنى مەن چۈشىنىمەن، ھېچقىسى يوق. بىرئاز جىددىيلىشىپ قالغان ئوخشايسەن. ئادەم جىددىيلىشىپ قالغاندا، كاللىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ئىش مېنىڭ بېشىمدىنمۇ كۆپ قېتىم ئۆتكەن... ئۇنداق بولسا، بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى دەپباقايمۇ؟

— ماقۇل، قانداق يولغا باشلىساڭ، ھەرگىزمۇ كەينىمگە قارىمايمەن. گېپىڭنى يېرسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، ئاكا!

— كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتىكى، ھازىر رەھمەتلەر سېنىڭ ھېدىڭنى ھېدلىيالماي، ئالدىغا كەلگەن يەرگە ئۇسسۇپ يۈرۈشىدۇ. يەنە بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئېھتىمال بۇ يەرگىمۇ تۇمشۇقىنى تىقىشى مۇمكىن، ئۇلار جەزمەن شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر راستىنلا شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، قانداق قىلىمىز؟ مەن بۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇم.

— تېزرەك دېسەڭچۇ، ئاكا! ھەرقاچان يەنە بىر-ئىككىسىنىڭ جېنىنى ئالارمىز؟

— ھەئە، ئۇمۇ بار گەپ. ئەمما بۇ، ھازىر قىلىنىدىغان ئىش ئەمەس.

— ئەمىسە، قاچان قىلىمىز؟

— قاچان قىلاتتۇق، مېڭىشقا پەقەت يولىمىز قالمىغاندا جەزمەن شۇنداق قىلىمىز!... ئويلاپ باقە، ئەپلەشسىغۇ ئەپلەشتى، بولمىسا، ئىتنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلۈپ كېتىمىز، ئۇكا! ياق، بىز چوقۇم ياشىشىمىز كېرەك! نېمىشقا دېسەڭ، ئون تۆت يىلدىن بۇيان، ۋەزىيەت يۈز قېتىملاپ ئۆزگەردى، مۇندىن كېيىن يەنە ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! كونىلار: «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى ئايدىڭ» دەپ بىكار ئېيتمىغان! گېزىت، رادىئو خەۋەرلىرى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ مۆلچەرلىرىدىن قارىغاندا، ھازىر مەركەزدە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ناھايىتى كەسكىندەك تۇرىدۇ. ئىمانىم كامىلكى، ئەگەر بىز، بېرىسى بىر نەچچە ئاي، نېرىسى بىر-ئىككى يىلنى تۇپراقنىڭ سىرتىدا ئۆتكۈزەلىسەك، ۋەزىيەت چوقۇم بىزگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، ھەتتا ھەممە ھوقۇق يېڭىباشتىن ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا...

ئاباق بىردىن جىم بولۇپ كەتتى. بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ، قۇلىقى پاك بولۇپ كەتكەن مۇھەممەت ئىمىن تازا تىت-تىت بولۇۋاتقاندا، ئاباق بىردىن گېپىنى يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

— ماقۇل، — دېدى مۇھەممەت ئىمىن كەسكىن تەلەپپۇزدا، — شۇنداق قىلايلى، ئەمىسە، ماڭامدۇق؟

— ماڭايلى، — ئاباق دەس ئورنىدىن تۇردى-دە، ئېلېكترنى ياقتى، ئاندىن، —

نۇر روزى

# يىسى بولمىسا، ئىسى بولمايدۇ

(ھېكايە)

ئۇ چەكچەيگەن، خۇددى ئالاكوس چىلاننى پاتۇرۇپ قويغاندەكلا پولتىيىپ چىققان چېقىر كۆزلىرىنى تىنىمسىز چىمىلدىتىپ، ئۇن يېتمى يىراقلىقتىكى كونا خاماندا تەنھا دانلاۋاتقان ياۋا غازغا تىككەنىدى. سېمىز قوللىرى بىر تۇتام ئۆچكە ساقلىنى توختىماي قامالّلاپ تارايتتى، پىرىس-پىرىس يۇلۇنىدىمۇ ئاغرىقنى سەزمەيتتى. ئەتىگەن كۈن بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆزى ئاشۇ غازغا چۈشكەنىدى. مانا ئاش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، كۈننىڭ تەپتى ئۇنى خېلى قىزىتتى، تەر تامچىلىرى كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ ئارام بەرمىدى، لېكىن ئۇ، بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئاچ قورساق — ناشتىسىز ھالدا يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئۇستى ئوچۇق ئېغىلىنىڭ ئىچىدە ئاشۇ غازغا قاراپ تۇرۇۋەردى. غازنىڭ ئالا-چىپار ئارىلاش مەللە رەڭ قاناتلىرى كۈننىڭ قىيپاش نۇرىدا مىس چۆ-

---

كەل، ماڭا ياردەملەشكىن، — دېدى.

ئىككىيلەن بىر بولۇپ ئەشتىرخان ساندۇقنى جايىدىن قوزغىدى. ئاباق كەكە بىلەن بىر دانە چاسا پىششىق خىشنى قومۇرۇۋالدى، خىشنىڭ تېگى چوڭقۇر ئازگال ئىدى. ئاباق ئازگالدىن بىر دانە خالتىنى تارتىپ چىقىرىپ، زىلچا ئۇستىگە تۆكتى. خالتىدىن قات-قات سۇلياۋ رەخت بىلەن ئورالغان باغلام-باغلام ئون يۈەنلىك پۇل ۋە ئىككى دانە تاپانچا، قاتار ئوق تىزىلغان ئىككى دانە ئوقدان چىقتى. ئىككىسى بۇ نەرسىلەرنى يانچۇقلىرىغا يوشۇرۇشۇپ، شەپە چىقارماي كوچىغا چىقتى.

ئۇلار دوقمۇشتىن قايرىلىۋاتقاندا، كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىن ئۇچقاندەك تېز كەلگەن موتوتسىكلىتنىڭ ئاباقنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختىغانلىقىنى كۆرۈشتى-دە، قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشتى...

گۈندەك قىزغۇچ ۋاللىدايتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېسى-يادى ئاشۇ غازدىلا بولۇپ قالدى.

«دورا-دەرمانلار بىلەن شورپا قىلسا ... پولۇغا باسسىمۇ ... ئاي-هاي!...»

ئۇ ئاغزىغا يىغىلغان سېرىق سۇنى غىرت-غىرت يۇتۇۋەتتى.

«خوش، ئۇنى زادى قانداق تۇتۇش كېرەك؟»

ئۇ ئويلايتتى، لېكىن قانداق تۇتۇشنى تېخى بىلمەيتتى.

«ئاتايمۇ، ياكى قاپقان بىلەن ...؟»

ياق، بۇمۇ بولمايدۇ. غاز بەكمۇ هوشيار-تۇيغۇن، مەن-مەن دېگەن ئوۋچىلارنىمۇ نائۇمىد قويغان. ئۇن يېتمى يەردىن دورىنىڭ پۇرىقىنى ئالىدۇ، قاپقان-تۇزاققا ئەسلا يېقىن يولىمايدۇ.

بەلكىم توپا، قاپقانلارغا ئادەم پۇرىقى سىڭىپ قالامدىكىن-تاڭ؟ ئىش قىلىپ مۇشۇ يىراق-يېقىنلاردا بىرەر ئوۋچىنىڭ قولىغا تىرىك غاز تېخى چۈشكەن ئەمەس. «خەير، بوپتۇ. نېمە بولسا بولسۇن، سىناپ باقمايمۇ، بەخت-تەلەي، ئەجەللى يەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس».

ئۇ ئاخىرى ئارقىسىغا ئۆرۈلدى-دە، سول قولىنى شارتتىدە ئالغا سوزۇپلا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لىك-لىك قىلىپ بىر نەچچىنى ئېگىپ، خۇددى مىلتىق تەپكىسىنى باسقاندەك قىلىپ، ئۆيى تەرەپكە قارىدى. خېلى نېرىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان خوتۇنى، شۇ هامان دىڭىلداپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر دەمدىلا بىر كونا مىلتىقنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

بۇ مىلتىق بوۋىسىغا بوۋىسىدىن قاپتىكەن. دادىسىدىن ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكىنىگىمۇ 40 يىلدىن ئاشتى. تولا ئىشلىتىپ پاينەكلىرى پارقىراپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا قوپال، مودۇر-چوقۇر ئىدى، لېكىن بۇ مىلتىقنى سەت-كۆرۈمسىز دەپ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ، مۇشۇ مىلتىق بىلەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان جان بېقىپ كەلگەن. هېلىغۇ غاز ئىكەن، هەر يوغان قاۋان تۇڭگۇزلارنىڭمۇ ئۇچەي باغرىنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ. شۇڭا بۇ يۇرتتا قومۇشلۇق، يىكەنلىك، سازلىق ياندىشىقان بولسىمۇ، ياۋا تۇڭگۇزلار ئەسلى يېقىن يولىمايدۇ.

شۇ تاپتا ئۇ، مىلتىقنى قولىغا ئالدى-يۇ، تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى، تەڭگۈزلەشكە تازا ئىشەنچ قىلالمىدى. قارىغا ئېلىشىدىغۇ گەپ يوق، هېلىغۇ يوغان غاز ئىكەن، شۇ غازنىڭ ئورنىدا بىر دانە داچەننى تىكلەپ قويغان بولسا، ئوقنى شۇ داچەن تۆشۈكىدىن بىمالال ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولاتتى، لېكىن، -زە، تەپكىنى بېسىپ بولغىچىلىك... خۇدا ئۇرغۇر غاز غايىپ بولىدۇ. ئۇنىڭدەك غازلارنى قارىغا ئالغىنى يالغۇز مۇشۇ بىر قېتىملا ئەمەس، نەچچە يۈز قېتىم، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ جىقتۇ. قېرىشقاندەك، هازىرغىچە بىرەرسىنىمۇ قولىغا چۈشۈرەلمىدى. تىزىغىچە، هەتتا تېخى بەزىدە بەلگىچە زەي كېچىپ، شورلۇق ياتاقلاردا ئۆمىلەپ تىزلىرىنى يېغىر قىلىپ، غازلارنى قارىغا ئالاتتى-يۇ، تەپكىنى شۇنداق بېسىپ بولغىچە قاغىش تەڭكۈر غاز ئۇچۇپ كېتەتتى: «ئېسىت!

ئەجرىم...» ئۇ ئاچچىقىدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە جايىدىلا تۇرۇپ قالاتتى. «ئېشىكىگە كۈچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك، دەردىنى بىچارە خوتۇنىدىن ئالاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە پۇخادىن چىقمايتتى، غازنىڭ گۆشىنى ئېچىنى ئۆرتەيتتى. تۇتالماي تىت-تىت بولاتتى. بۇ دەرد ئۇزىنى كۆرسەتتى. تاماقتىن، ئۇيقۇدىن قالدى. «ئەجەب، ئاشۇ غازنى يېيەلمىسە، ھە؟!...»

*

غازنىڭ تۇتۇق بەرمىگىنى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلاتتى. كەيپىنى ئۇچۇراتتى.

«قېنى بۇدا قېتىم، تەۋەككۇل!»

ئۇ مىلتىقنى ئوق مۇرىسىگە تاقىدى، سول كۆزىنى قىسىپ قارىغا ئالدى. كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن تەپكىنى ئاستا ئۆزى تەرەپكە سوزدى...

ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى! «كاساپەت، يەنە مىلتىق دورىسىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ قاپسەن-دە، كەت! جاھاننىڭ تۆرىگە ئۇچۇپ كەت! خەپ، بىر كۈنى قولۇمغىمۇ چۈشۈرسەن، ئېزىقلىرىمدا چاينىپ پۇركۈۋەتمەيدىغان بولسام!...»

ئۇ پۇشۇلدىغىنىچە ئۆيگە يېنىپ كىردى، يانچۇقلىرىنى قوناقتا تولدۇرۇپ پومپايتتى، چوڭ-كىچىك قاپقانلىرىنى ئېلىپ، بىر كەتمەننى كۆتۈرۈپ ھېلىقى خامانغا كەلدى. ئۇ يەر-بۇ يەرلەرنى كولاپ، قاپقانلارنى قۇردى، قاپقانلاردىن نېرى-نېرى قىلىپ يەنە چوڭقۇرلۇقى يوتىسىغا كەلگۈدەك تىك ئورىلاردىن بىر نەچچىنى كولىدى. بۇ ئورىلارنىڭ چۆرىسىنى بىر غېرىچ چوڭقۇرلۇقتا ئويدى. ئويۇقلارغا قومۇش پۆپۈكلىرىنىڭ ئۇچىنى بېسىپ، توپا بىلەن چىگدىدى «ھىم، ئەمدى غاز چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، قومۇش يەنە ئارقىسىغا يېنىپ ئورا يېپىلىپ قالىدۇ». شۇنداق قىلىپ، ئورىلار پۆپۈك ئۇچى بىلەن تەكشى يېپىلدى. يېپىلغان ئورىلارنىڭ ئۈستىگە نېپىز توپا يېيىپتتى، سامان چاچتى، ھەتتا ساقلىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، توپىلارنى پۈۋدەپ، خۇددى شامال يالىغاندەك، ئادەم ئايىغى باسمىغاندەك قىلدى. قاپقانلار بىلەن ئورىلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا شاخ-شۇمبىلارنى تاشلىدى، ئاندىن غازنىڭ ئورا، قاپقانلاردىن تاشاقاپ ماڭىدىغان يوللىرى ئېتىلدى، ئورىلارنىڭ، چاپقانلارنىڭ ئۈستىگە قوناقلارنى چاچتى.

ئۆز ۋاقتىدا بۇ خاماننى ھەرگىز ئۇنداق-مۇنداق دېگىلى بولمايتتى، ئورنىمۇ كىچىك ئەمەس، ئون مودىن ئاشاتتى. پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ بۇغداي، قوناقلىرى مۇشۇ خاماندا تېپىلىپ، سوقۇلۇپ سورۇلاتتى. ئۆيدەك يوغان-يوغان چەشلەر قىلىناتتى. شۇڭىنىسى، بۇ خاماننىڭ زادىلا بەركىتى بولمىدى، كىشىلەرنىڭ قورسىقى تويمىدى، كۆڭلى سۆۋۈدى. كېيىنچە، ئاستا-ئاستا تاشلىنىپ، جان-جانىۋارلارنىڭ، ئۇچار-قۇشلارنىڭ دائىلاپ ھوزۇرلىنىدىغان سورۇنى بولۇپ قالدى. ئۆي-ئىمارەت سالىدىغانلارمۇ «خامانغا سېلىنغان ئۆي بەرىكە تاپمايدۇ» دېيىشىدىغانلىكىدىن بۇ تەييار يەردىن قاچتى؛ ئېگىز-ئېگىز دۆڭلەرنى تۈزلەپ، شۇ يەرگە ماكانلاشتى.

ئۇ، شۇنچە كەڭرى خامانغا قاپقانلارنى قۇرۇپ، ئورىلارنى كولاپ كىچىككىنىنە

بوش، بكار ئۇرۇن قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. ھەمىشەن بولۇپ پەستىكىدە كۈلۈپمۇ قويدى.

«قىنى، نوچىلىقىڭنى بىر كۆرەي! كەل، قاپقانغا دەسسىسەڭمۇ مەيلى، ئورىغا دەسسەپ سالساڭ تېخى ياخشى، زەخمىلەنمەي ساق چىقىسەن. ئورىغا چۈشتۈڭمۇ، بولدى تۈتۈلغىنىڭ شۇ. پۆپۈك قومۇشلار ئاستىدا قالىسەن، بېشىڭنى مىڭ ئۇرغان بىلەن بىكار، بۇنداق ئورىلاردا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن قىرغاۋۇل، ئۆردەكلەرنى تۇتقان، ھەتتا كىيىكلەرنىمۇ تىك موللاق چۈشۈرگەنمەن، تىرىك قۇتۇلۇپ باققىنا قىنى!»

*　　*

ئەتىسى ئەتىگەندە ھېلىقى غاز لەرزان ئەگىپ يەنە شۇ خامانغا چۈشتى، ئۇزۇن بويىنى ئۇيان ـ بۇيان سوزۇپ، قوناقلارنى بىردىن ـ بىردىن چوقۇشقا باشلىدى. دانلاپ دانلاپ، پات ـ پاتلا، ئۇيان بۇيان قارايتتى، تۇمشۇقىنى يەنە دانغا سوزاتتى.

«ئەمدىغۇ دەسسە! ھەي، يەنە ئەپلەشمەمدۇ نېمە؟ ئەمدى دەسسەيدۇ، مانا چۈشىدۇ، دەپ يېرىم كۈن ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ؟!»

غاز بىخارامان دانلاۋەردى. پات ـ پاتلا ئەنسىزلىك بىلەن ئۇيان ـ بۇيان قاراپ قوياتتى، خالاس. بەزىدە تېخى پوكىنىنى يەرگە يېقىپ، تويىنى تۈزۈتۈپ پىتلىناتتى. ۋاي ـ ۋۇي! بۇ كېلىشمەسلىكنى، چۈش بولاي دېگەندە يەنە ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ، ھېلىقى پۇچۇق ئېغىلدىكى «كۆزىتىش پونكىتى» دىن يېنىپ چىقتى، تېز ـ تېز مېڭىپ خامانغا كەلدى.

«ماۋۇ خۇمپەرنى! ئورا بىلەن قاپقانلارنىڭ ئۈستىگە چېچىلغان قوناقلارنىڭ بىر دانىسىنىمۇ چېقىلماپتىغۇ؟ ۋاي نىجىس، ئارىلىقىلىرىدىكىسىنىڭ بىر دانىسىنىمۇ قويماپتۇ، جىق چاچقان ئوخشايمەن، تويمىغان بولسا ماۋۇ قوناقلارنىمۇ چوقۇيتتىغۇ؟ بۇ چاغدا ... خەير بوپتۇ، شۇ قارنى بارلا ئىكەن، يەنە كەلمەي قويمايدۇ ... قېنى، قايسىمىز ئۇتىمىز؟»

ھېلىقى غاز ئەتىسى يەنە كەلدى، دانلىدى، ئۇچۇپ كەتتى. ئورىلارنىڭ، قاپقانلارنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى قوناقلار يەنىلا پارقىراپ تۇراتتى، قارىمىغاندا، بىر دانىسىغىمۇ چېقىلمىغاندەك.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى، غازمۇ كېلىۋەردى، ئورىلار بىلەن قاپقانلار ئۈستىدىكى قوناقلارمۇ ئۆز پېتىچە تۇرۇۋەردى.

قاغىش تەككۈر غاز، لەنىتى تۇمشۇقىنى شۇنداق بىر سوزغان بولسىچۇ، ئۇمۇ، بۇنداق پىژ ـ پىژ ئىسسىقتا گىزىرىپ يۈرمەيتتى. ئۇلىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى. بىسمىللا بىلەن مىلتىقنى نەچچە قېتىم قارىغا ئالدى. ئىسىت! تەپكىنى بېسىپ بولغۇچە، يەنە ئۇچۇپ كەتتى.

«ھەي!... ئاز دېگەندىمۇ 300 قەدەم كېلە، شۇنچە يىراقتىنمۇ يەنە دورىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ قالدى ـ دە، كاساپەت!»

* *

غاز ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى. كېچىلىرى ئۇيان ئۆرۈلدى، بۇيان ئۆرۈلدى ئۇخلىيالمىدى، نەچچە قېتىم تالاغا چىقتى، ئۆيگە كىردى، چىلىمغا كۆك تاماكىنى تولدۇرۇپ سېلىپ، خورۇلدىتىپ چېكىپ چىقتى. ئاخىرى تاڭغا يېقىن، تۇيۇقسىزلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ غەلىتە كۈلكىسىدىن خوتۇنى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. چالا ئۇيقۇلۇقتا هاڭ - تاڭ بولۇپ چالۋاقىدى:

— بېشىڭغا جىن تەپتىمۇ نېمە، ماۋۇ ئادەمنىڭ ئېلىشىپ قالغاندەك تۇۋا!

— هەي ئەخمەق خوتۇن، جىن دېگەن سەندەك يالغۇز تۈگمەندە چوڭ بولغان ئادەمنى تېپىدۇ. مەن بارغۇ، سەن چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خارقىراپ ئۇخلاۋاتقان چېغىڭدا قالتىس چارە تاپتىم. هەي، مېنىڭ شۇ ئەقلىمنى! نەچچە كۈندىن بېرى نەگە تېزەك تەرگىلى كەتكەن بولغىيتى! ئادەمنى قىيناپ. هاھ... هاھ... ها! كارامەت ئەقىل تاپتىم، دېگىنە!

ئۇ كۈلگىنىچە كېلىپ، هاڭ - تاڭ قالغان خوتۇنىنى دەس كۆتۈرۈپلا، ئۆيىنىڭ ئىچىدە پىررىدە بىر ئايلاندۇرۇپ توختىدى:

— هاھ... هاھ... هاھ... هەي خوتۇن، دېگىنە، 25 ياش ۋاقتىمدا مېنىڭ ئىككى چىشىمنى ئۇرۇپ چۈشۈرىۋەتتىڭ، ئېسىڭدىمۇ؟

— هىم، بولمامدىغان؟ كەپتەرنى ئىسقىرتتىم دەپ، هارۋىدا شاخ توشۇۋاتقان قاراقاش چوكاننى شەرەتلىگەن ئىدىڭغۇ؟!

— هە، ماقۇل، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى، خوش، كېيىنكى قېتىم هېلىقى پادىچىغا كۆز تاشلىغىنىڭدا، يېتىم قوۋۇرغاڭنى سۇندۇرۇۋەتتىم، ئۈچ ئاي يېتىۋالدىڭ، ئېسىڭدىمۇ؟

— تۇف! بېشىڭنى يەيدىغان! يەنە دېسە يەنە شۇ. سۆبەردىم شۇ، ئىچكىلى سۇ! هېلىمۇ بۇ ئىشقا 20-30 يىل بوپتۇ. ئۆلسەممۇ ئۇنۇتماسمەن تېخى! ئېسىڭدە بولسۇن، قىيامەتتە ئىككى قولۇم ياقاڭدا!

— هە، ماقۇل، شۇنداق بولسۇن. سېنىڭ ئىككى چىشىمنى ئۇرۇپ چۈشۈرىۋېتىشىڭ، مېنىڭ يېتىم قوۋۇرغاڭنى سۇندۇرۇپ قويۇشۇم زادى نېمىدىن بولغان؟

— كونا خامانىنى سورۇپ قانداق قىلىدىغاندۇ؟ كۈنلۈكتىن، قىزغىنىشتىن بولغان! يەنە نېمىتتى؟

— خوپ، كېپىڭ جايىدا، كۈنلۈكتىن بولغان. هايۋانلارمۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ جۈپتىنى كۈنلىشىدىغۇ؟ مەن دەل مۇشۇنى تاپتىم.

— ۋاي خۇدايىمەي، تۈگمەس دۇنيا تاپتىمكىن دەپتىمەن، تېخى!

— راست دېدىڭ، تۈگمەس دۇنيا تاپتىم. چاپسان بول، چېيىڭنى تېز قاينات!

* *

ئۇ، كۈن چىقماستىنلا سازلىقنى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى. يىراققا بېرىش هاجەتسىز، سازلىق ئاشۇ خامانغا تۇتىشىدۇ، يۇرتنى كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە خۇددى ئوغاقتەك

يېرىم ئۆراپ تۇردۇ. ئانچە - مۇنچە پارچە - پۇرات قىزىل قۇم دۆڭلىرىنى دېمىسە، ساپلا باراقسانلاپ كەتكەن قومۇش، يېكەنلەر، غاز، ئۆردەك، ھاڭغىت دېگەنلەر ئۇچراپلا تۇردۇ. ھېلىمۇ بۇ ساسلىق ئىشىكنىڭ ئالدىدىن كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ، شۇ ئاچچىقىدا نەچچە كۈنلۈك يىراق بولسىمۇ مەيلى، غازلارنى قوغلاپ كەلمىسە ھېساب ئەمەس. شۇڭا ئۇ شورلۇق، تىكەنلەرگىمۇ پەرۋا قىلمايتتى، تېز - تېز چامدايتتى. يېنىدىكى ئىككى ئىتمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. قىپقىزىل تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ سۇركۇشۇپلا ماڭاتتى، خىر - خىر ھاسىرايتتى. ھەي، مۇنداق ئاۋارە ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈۋالغان بىلەن ئۇۋغا سالغىلى بولامدۇ؟ ئامال يوق. ئۆز ۋاقتىدا قاپلاندەك ھەر - ھەر نوچى ئىتلار- نىمۇ باققانىدى، بۇ ئىتلار ياۋا توڭگۇزلارنىڭ ئۇۋۇدىسىغىمۇ تۇيدۇرماي بارالايتتى. ئاتتىن- مۇ تېز چاپىدىغان كېيىكلەرنىمۇ قوغلاپ بېرىپ، ئارقا پاقالچىكىدىن غاپپىدە ئالالايت- تتى، تولا قاۋىمايتتى، ئىزدەپ پۇراپ تاپاتتى.

لېكىن بۇ تويمىغۇرلار ۋاپاسىز چىقتى. ئىگىسى بېرىپ بولغۇچە، تۇتقان نەرسىنى غالاپ - غۇلۇپ يەپ تۈگىتەتتى. ھىم، بۇنداق ئىتنى باققانىڭ نېمە پايدىسى؟! تولا دۇمبالاپ ئۇ ئىتلارنىمۇ تەزدۈرۈۋەتتى. كېيىن بۇ ئىككى ئىتنى بېقىۋالدى. بۇ ئىتلار بەرگەنگە قانائەت قىلىدۇ، ئۇچەي، قېرىن، كۆتەنلەرگە رازى بولىدۇ. ئىگىسى ئالدىنى قايسى تەرەپكە قىلسا، بۇ ئىتلارمۇ شۇ تەرەپكە قاۋايدۇ، لېكىن - زە، بەك قورقۇنچاق، ئىگىسى بولمىسا ئاشۇ خامانغىمۇ يالغۇز بارالمايدۇ. غىڭشىپ - غىڭشىپ قۇيرۇقىنى قىسىپ يېتىۋالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھەمراھ - دە، غازلارنى ئۈركۈتۈپ، خامان تەرەپكە ھەيدەپ بەرسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

ئۇ، سازلىقنىڭ چېتىدىكى چىملىققا چىقتى - دە، خېلى يېقىنلا يەردە دانلاۋاتقان بىر جۈپ غازنى كۆرۈپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى، خۇشاللىقىدا ئالقانلىرىنى بىر - بىرى- گە سۈركىدى.

جۇغى كىچىكرەك، ئالا - چىپار سېرىق چىشى غاز ئۇزۇن بوينىنى تىككىدە تۇتۇپ، ئەنسىزلىك بىلەن ئۇيان - بۇيان قاراۋاتاتتى. ئەركىكى غېمىدە يوق دانلايتتى.

«ھوشيارلىقىنى! بىرسى دانلىسا، يەنە بىرسى كۆزەت قىلىپ، ھىم، قانچە ھوشيار بولساڭمۇ مەيلى، بەربىر مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن!»

ئىتلارمۇ غازلارنى كۆرۈشتى، تۇمشۇقلىرىنى ئالدى پۇتلىرىغا قويۇپ، يەرگە چاپ- لىشىپ يېتىشتى. ئۇ، غازلارنى خامانغا ھەيدىمەكچى ئىدى، شۇڭا قومۇلۇقنىڭ يېنى بىلەن ئۆمىلەپ بېرىپ، غازلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. «ئاله كۇشكۇ» دېيىشى بىلەن تەڭ، ئىتلار غازلارغا قاراپ چېپىشتى. غازلار خەۋپنى سەزدى، پالاق - پۇلۇق قانات قېقىپلا ئۇچۇپ كېتىشتى. ئۇ، پاك - پۇك ئوق چىقىرىپ ئالدىنى توسۇپ باقتى، بولمىدى. غازلار خامان تەرەپكە ئەمەس، بەلكى كۈنچىقىش تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشتى. باشقا سازلىقلار- دىمۇ شۇنداق جۈپ - جۈپ غازلارنى ئۇچراتتى، لېكىن ھېچقايسىسىنى خامان تەرەپكە ھەيدىيەلمىدى. باشقا - باشقا تەرەپلەرگە يول ئېلىشتى. ئۇ بۇ سازلىققا ھەيدىگۈچە

توختىماي كەلدى، غازلارنى قونغىلى قويمىدى، قونغانلىرىنى ئۈركۈتۈپ ئۇچۇرۇۋەتتى.

ھىم، دانلايدىغان يېرى بولمىسا، ئەلۋەتتە ئاشۇ خامانغا بارماي نەگە بارىدۇ؟ قارنى ئاچىدۇ ـ دە!

ئاخشىمى خوتۇنى ئۇنىڭغا:

ـــ چۈشتىن كېيىن خامانغا بىر جۈپ غاز چۈشتى. زاۋال بولغاندا ئۇچۇپ كەتتى، ـــ دېدى.

ـــ بىر جۈپ غاز چۈشتى؟ خامانغا؟

ـــ ھەئە، بىر جۈپ، بۇمۇ قاپقانغا يېقىنمۇ يولىماپتۇ ياكى ئورنىغا...

ـــ ھېچقىسى يوق. دان چاچقانمىدىڭ؟

ـــ چاچقان، يەپ بوپتۇ. يەنە چېچىپ قويدۇم.

ـــ ئاغزىڭغا ناۋات! ھېلىقى غازچۇ؟ يوق بولغىيتتى؟

ـــ يوقتى. چۈشتىن بۇرۇنلا ئۇچۇپ كەتكەن.

ـــ ھەببەللى! جايىدا، ئەمدى قولغا چۈشتى دېگەن گەپ.

مەن ھەيدىگەن غازمۇ، ياكى ئېزىپ ـ تېزىپ قالغان باشقا غازمۇ ئىشقىلىپ مۇشۇ خاماندا بىر جۈپ غاز دان يەپتۇ. ئەتە يەنە چوقۇم كېلىدۇ. ئەمدى كۆرىمىز تاماشانى! نەچچە كۈندىن بېرى سازلىقتا گېزىرىپ بىكار يۈرمىدىم. ئاشۇ غازلارنى مۇشۇ خامانغا ھەيدەپ كېلىپ ئىندەككە كەلتۈرەي دەپ.

* *

دېگەندەك، ئەتىسى ئەتىگەندە ھېلىقى غاز كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بىر جۈپ غاز لەرزان ئەگىپ خامانغا چۈشتى. ئۇلار خۇددى ھازىرلا كۆرۈشۈۋاتقاندەك ئۇزۇن بويۇنلىرىنى تىككىدە تۇتۇپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قېلىشتى.

لېكىن، بۇنداق قاراش ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. ھېلىقى غاز بويىنىنى خۇددى قىسماقتەك ئېگىپ، قاناتلىرىنى پاق ـ پاق پاقىلدىتىپ، بىر قانىتىنى سۆرىگەنچە جۈپ غازلارغا يېقىنلاشتى ـ دە، چىشى غازنىڭ يېنىغا ئۆتتى. چىشى غازنىڭ جۈپتىمۇ قاناتلىرىنى پاخشىتتى، تۈكلىرىنى پاخپايتىپ غەزەپ بىلەن ھېلىقى غازغا ئېتىلدى. جەڭ باشلىنىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ، خوتۇنىنى تووۇلدى:

ـــ ھەي خوتۇن، كىگىز ـ كۆرپىنى مۇشۇ يەرگە سال، چېيىڭنى ئەكەل. ئاراملىقتا ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرىمەن. سەن قازىنىڭنى تەييارلاۋەرگىن، گۆش ھازىرلا تەييار بولىدۇ.

خوتۇنى ھېلىقى ئەسكى تامنىڭ سايىسىغا كىگىز ـ كۆرپە سېلىپ بەردى. ئۇ، تەكىيەگە يۆلىنىپ، قېنىق قارا چاينى راھەتلىنىپ ئىچكەچ، دىتىقىدا غىڭشىشقا باشلىدى. مىنگەشتۈرۈلگەن پۇتلىرى ئۇنىڭ غىڭشىشىغا تەڭكەش بولغاندەك توختىماي لىكىلدايتتى. ئۇ، غىڭشىپ ـ غىڭشىپ ئاستا ـ ئاستا ئاۋازىنى قويۇپ بەردى، لېكىن غازلاردىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

چەشى غازنى ئەركەك غاز
جاننى تىكىپ قوغدايدۇ.
بىردەم تۇرۇپ تۇتۇلۇپ،
قارا قازاندا قاينايدۇ.

ئەركەك غازلار غەزەپ بىلەن بىر - بىرىگە تاشلىناتتى. پۇتلىرىنى بىر - بىرىنىڭ پوكانلىرىغا توغرىلاپ، پاق - پۇق پەشۋا قويۇشاتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى خۇشاللىقتا قىسىلىپ، شورپا خۇمارىدا خۇمارلىشىپ كەتتى. ناخشىنى چاينىغاندەك ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئوقۇيتتى:

چوقۇش - چوقۇش، جۈپ غازلار،
بىر - بىرىڭنىڭ كۆزىنى.
ئېرىقىمدا مەن چايناپ،
سۆرەي گۆشۈڭ پەيزىنى.

غازلار بىر - بىرىگە ئېتىلاتتى، چوقۇشاتتى، يىقىلىپ قوپاتتى، دەلدۈگۈنەتتى، يەنە بىر - بىرىگە تاشلىناتتى. ئاخىرى ئورنىدىنمۇ تۇرالمىدى، بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمىدى، لېكىن يېرىم جان ھالدائاغزىلىرىنى ماك - ماك ئېچىشىپ، يەنە بىر - بىرىگەخىرىس قىلىشاتتى.

شۇندىلا ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئالدىرىماي مېڭىپ خامانغا يېتىپ باردى. ئەزالىرى غىچچىدە قان بولۇپ كەتكەن غازلارغا قاراپ ھىجايدى:

— خوش ئەزىمەتلەر، قولغا چۈشتۈڭلارمۇ؟ بۇ دېگەن ھۈنەر جۇمۇ؟!

ئۇ، يېرىم جان غازلارنى بىردىن - بىردىن قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئىككى ئوتتۇرىدا قىيقىلىپ - سوقۇلۇپ مادارىدىن كەتكەن ھېلىقى چەشى غازنى قوغلاۋاتاتتى. يەنە سەلپەللا قوغلىسا ئۇنىمۇ تۇتۇۋالاتتى، لېكىن ئېرى توۋلاپ ئۇنى توختىتىۋالدى:

— ھەي نادان، بولدى، ئۇنى قويۇۋەت! نامىزىڭدا خۇدايىمدىن تىلە، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، دان تاشلاپ بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ باق! مۇشۇنداق چەشى غازلار بولىدىكەن، ئەركەك غازلارنىڭ ھەممىسى قازىنىڭدا قاينايدۇ دېگەن گەپ. سېپى بولمىسا، ئېپى بولمايدۇ!

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى)

پەرھات ئابدۇرەھىم

## تەگرىتاغ

بۇ ۋەتەن گۈلزارىدىن ئەندىزە ئالغان تەگرىتاغ،
شاد ھايات شەنگە شوخ مەرغۇلنى چالغان تەگرىتاغ،
باغرى بوستان، لالە رەيھان ھەمدە ئورمان تەگرىتاغ،
ئوقۇماس ھۆسنىگە تەھسىن قايسى ئىنسان تەگرىتاغ،
ئەكى ئىنسان، كۈندۈزى كۈن، تۈندە چولپان، تەگرىتاغ.

يىباھالىق تۇتىيادۇر ھەر گىياھ، ھەر تاشلىرىڭ،
نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتنىڭ شاھىدى ئاق چاچلىرىڭ،
سۇ ئەمەس ئاققان تالاي يىل دەرد - ئەلەملىك ياشلىرىڭ،
نە جۇدۇن ۋە نە زىمىستاندا ئېگىلگەن باشلىرىڭ؟!
ئاڭلىسۇن كەچمىشلىرىڭنى ئەمدى ھەريان، تەگرىتاغ.

بىر زامان جۇت قىلدى دەپسەندە ھايات گۈلزارىنى،
بىھېساب تاھىرلىرىڭ كەتتى كۆرەلمەي يارىنى،
چەكتى تاشۋاي زەخمىكى دەردلىك يۈرەكنىڭ تارىنى،
تەنلىرىڭ چاك بولدى ئىشىتكەندە زىمىننىڭ زارىنى،
تىترىدى قەھرىڭدە يەر، ھەتتاكى ئاسمان، تەگرىتاغ.

باقمىدى خەلقىمگە نۇسرەت، يەتتى چەككە دەرد - پىغان،
ئەرك ئۈچۈن ئوغلانلىرىڭ ئاتلاندى جەڭگە، تۆكتى قان،
قىلدى ئۆڭكۈر - غارلىرىڭنى پەھلىۋانلار ئۆي - ماكان،
تىك قىيا چوققىلىرىڭ ياۋ كۆكسىگە بولدى كامان،
جانغا جان قوشتۇڭ ئۆزۈڭ كەتكەندە دەرمان، تەگرىتاغ.

مۇز داۋاندىن ھالقىغاندا زور قوشۇن شانلار قۇچۇپ،
قارشى ئالدى نېمشېھىت ئوتلۇق شېئىرلارنى ئوقۇپ،
باردى تىغ ئالدىغا لۇتپۇللا بېشىنى تىك تۇتۇپ،
(ئېگىردى كىمدۇر بولۇڭلاردا ئەجەل قويسا نوقۇپ،)
سەن گۇۋاھ، بۇ جەڭ ئارا كىم ساتتى ۋىجدان، تەڭرىتاغ.

بولدى ئاشكارە شۇ چاغ چىن دوستلىرىڭ ھەم ياتلىرىڭ،
قايسى خىسراۋ، قايسى شېرىن، قايسى مەرد پەرھاتلىرىڭ؟
بوغدى ئاخىر شۇم جاھالەتنىڭ گېلىنى پەريادلىرىڭ،
ياپتى ئۈستۈڭگە لىباس غەلبە قۇچۇپ ئەجدادلىرىڭ،
چۈشتى كۆكتىن سەيلىگە مىڭ ھۆرى - غىلمان، تەڭرىتاغ.

كەتمىدى ھەرگىز بىكار باتۇر شېھىتلەر ئەجرىسى،
توزىماس گۈللەرگە پۈركەندى باھاردا قەبرىسى،
ئىز بېسىپ ئات ئوينىتىپ بەيگىگە چۈشتى نەۋرىسى،
كەڭ قۇچاق ئاچقاچ سائادەتلىك نۇرانە كەلگۈسى،
كۈلدى قاھ - قاھلاپ بۈگۈن دىللاردا ئارمان، تەڭرىتاغ.

تەڭرىتاغ، مېھرىڭ يۈرەك باغرىم ئارا كەتتى تاراپ،
بىر ئەمەس مىڭ كۆز بىلەن زوق ئىلكىدە قالدىم قاراپ،
شۆھرىتىڭ پۈتمەس سېنىڭ يازسامۇ مىڭ ئەشئار كىتاب،
ئاڭلىغىن ئەھدىمنى، بۇ قەلبىم ساڭا قىلغان خىتاب،
ئارمىنىم يوق سەن ئۈچۈن بولسامۇ قۇربان، تەڭرىتاغ.

(«بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 3 - ، 4 - (بىرلەشمە) سانىدىن ئېلىندى)

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ۋاڭ مىڭ

## مىللىي روھنىڭ يېڭى ئازادلىقىنى كۈتۈۋالايلى ۋە ئىلگىرى سۈرەيلى

پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى نامايەندە سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ. جۇڭگو خەلقى، جۈملىدىن، جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى غايەت زور ئۈمىد ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىسلاھاتنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماقتا. گەرچە دۇنيا تارىخىدىن ئىبارەت ئۇمۇمىيلىقتىن قارىغاندا، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىگىلىك ئەھۋالى بىلەن ھامان ماس ۋە تەكشى بولمايدىغانلىقى ئۆزگىچە بىر ئىلىم مەسىلىسى بولسىمۇ، لېكىن 1949 - يىلىدىن بۇيان، ئېلىمىزدە ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىردەك بولۇپ كەلدى. دۆلەت گۈللەنگەندە، ئەدەبىيات سەنئەتمۇ گۈللەندى، دۆلەت ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بۇ ھەممەيلەن ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئەمەلىيەت. يازغۇچىلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ھەدېگەندىلا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھىمايە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلاھات بىلەن غەم - قايغۇدىمۇ، خۇشاللىقتىمۇ بىللە بولۇش، ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش بولۇش لازىملىقىنى، ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئايرىلغاندا بىردە ھېچقانداق ئەمەلىرەك ئۈمىد بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانى— ئەمەلىيەت جەريانى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىلىش جەريانى، مەنىۋى جەھەتتىن ئازاد بولۇش جەريانى، مەدەنىيەت جەريانى. مۇشۇنداق بىر مەدەنىيەت جەريانى بولمىسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ جەريانىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە

ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

يولداش جاۋزىيالڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىسىدا، مىللىي روھ تېخىمۇ ئازاد بولدى. كىشىلەرنى ئىدىيە جەھەتتە ئۇزاق مۇددەت ئاسارەتكە ئېلىۋالغان نۇرغۇن كونا كۆز قاراشلارغا قاتتىق دەككە بېرىلدى. پائال ئۆزگىرىش ياساش، باتۇرلۇق بىلەن يېڭى يول ئېچىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم مۆلچەر، ئىنتايىن مۇھىم بىر ئاتاش. ئىدىيە، نەزەرىيە، مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالىدۇ، شۇنىڭدەك سىياسەت، فاكچېن، ئۇلۇغۋار پىلان ۋە ھەرىكەت ئاساسىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىلىش نەزەرىيىسى ۋە مېتودولوگىيە جەھەتتىنمۇ ئىلھام ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇلۇغ ئىشلار ئۇلۇغ روھقا موھتاج، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئىلمىي پوزىتسىيەگە موھتاج، باتۇرلۇق ۋە چېچەنلىك بىلەن تەجرىبە ئېلىپ بېرىش باتۇر ۋە چېچەن كاللىغا موھتاج. تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى مۇقەررەر يوسۇندا مەدەنىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنى، يەنى ئىسلاھاتچىنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزغا مۇنداق بىر مۇھىم ۋە كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان مەسىلە قويۇلدى: سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھازىر بىز جەزمەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قانداق مەدەنىيەت، قانداق ئەدەبىيات - سەنئەت، قانداق مەنىۋى مەھسۇلات، قانداق مەنىۋى تۇرمۇش يارىتىشىمىز كېرەك؟ جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش جەريانىدا بىز ئۇزۇن يىل تەكتىلىگەن، ئەمما نەتىجىسى بۈگۈنكە قەدەر قانائەتلىنەرلىك بولمىغان جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ئىشىنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك؟

جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ماس كېلىدىغان يېڭى ئىدىيە ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلماقتا. ھالبۇكى، ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىيىتى، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە بۇ خىل يېڭى ئىدىيىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس مەنبەئى بولىدۇ. ئەدىبلەر سەزگۈر بولغاچقا، ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلاھاتقا تەلپۈنىدۇ، ئىسلاھات ھەققىدە باش قاتۇرىدۇ، ھەر خىل رەزىللىكلەرگە مىسلىسىز تۈردە زەربە بېرىدۇ ھەمدە ئىسلاھات ئۈچۈن چۇقان سالىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈشى، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بولغان چۈشەنچىسى، كەچۈرمىشلىرى ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئىسلاھاتنى غايىۋىلاشتۇرۇپ، ئۇقۇملاشتۇرۇپ، ئاددىيلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا بىرنەچچە ھەم يېڭى، ھەم ئەجنەبىي كۆز قاراشنى ئېلىپ كىرىش ياكى بىرنەچچە «قاتمال مۇتەئەسسىپلىك»نى يولغا سېلىپ قويۇش بىلەنلا ھەممە ئىش پۈتىدۇ، تۆۋەن باسقۇچتىن ھالقىپ ئۆتكىلى، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى بالدۇر ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئوڭۇشسىزلىق ياكى مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە «يامان

ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ قاپتىكەنمەن»، «پېشانەم تەتۈر ئىكەن» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ، روھسىزلىنى-
دۇ. كەسكىنرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلىدۇ، بۇ ھەقتە مۇھاكىمە
يۈرگۈزىدۇ-يۇ، قۇرۇق گەپ ساتىدۇ، ھەتتا يوغان گەپ قىلىدۇ، لېكىن ئىسلاھات ئەمەلىيە-
تىدە كالدىگراپ قالىدۇ. ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمەيدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ
تاپالمايدۇ، بۇ، جىددىي قارىمساق بولمايدىغان پاجىئەلىك ئەھۋال.

ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە ئاتلىنىش ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ماركسىزمنى ئۆگىنىش
ۋە بېيىتىشتىن باشقا يول يوق. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك
13 - قۇرۇلتىيى بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ سەپەرۋەرلىك. بىز، ئىسلاھات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق
سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشىمىزنى، دۆلەت ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىمىزنى، جەمئىيەتكە
كىشىلىك تۇردۇشقا، سەنئەتكە بولغان تونۇشىمىزنى، جۈملىدىن، ئۆزىمىزنىڭ بۇرچىغا،
رولىغا ۋە تاللىشىمىزغا بولغان تونۇشىمىزنى يېڭى سەۋىيىگە، يېڭى يۈكسەكلىككە
كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا دەۋر كۆتكەن ئىسلاھاتنى ئەكس ئەتتۈرىدى-
غان، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز خىلمۇخىل مۇقەررەر ھال-
دىكى ئاددىيلاشتۇرۇشتىن، قېلىپلاشتۇرۇشلاردىن قۇتۇلۇپ، يېڭى سەۋىيىگە، يېڭى پەل-
لىگە يېتەلەيدۇ.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە خەلقىنىڭ تۇرمۇش سە-
ۋىيىسىنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆسۈشىگە تىنچ-ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەتنىڭ كۈنسايىن مۇستەھكەم-
لىنىشىگە، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي تۇرمۇش
كۈنسېرى بېيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تەلىپى بىلەن مەنىۋى
پائالىيىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا جانلاندى، بېيىدى، ھەتتا بىر بىرىگە زىچ كېلىدىغان خىلمۇ خىل
مەنىۋى ھادىسىلەرمۇ كۈنسېرى گەۋدىلىك بولۇپ قالدى. بۇ بىر چوڭ ئۈمىدلىك كەيپى-
يات، شۇنداقلا نۇرغۇن يېڭى ئاۋارىچىلىقلارنى پەيدا قىلىدىغان كەيپىيات ھەمدە بۇ،
ئارقىغا ياندۇرۇشقا بولمايدىغان يۈزلىنىش. گەپنى مۇنداقچە ئېيتساق، مەنىۋى كۈچ
جەزمەن ئەمەلىي كۈچكە، قۇرۇلۇش، ئىگىلىكنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئايلىنىدۇ. تولىمۇ
ئېھتىياتچان، بەكمۇ ئۆلۈك بىر ئادەمنىڭ جانلىق ئىجادىيەت قىلالىشى ئەقىلغا سىغماي-
دۇ. ناھايىتى سەراسىمىلىق، ئەلەملىك مۇھىتتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىلىم-پەن،
مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھۆكۈم قىلىشقا
بولىدۇكى، ھەممىنى تىل-ھاقارەت بىلەن بېسىپ چۈشىدىغان ئالدامچىلىق سۆزلىرىمۇ ھېچقان-
چە ئاكتىپ رول ئوينىيالمايدۇ. بۇ جەھەتتە، ئەدەبىيات-سەنئەت. تەرەققىياتى بىزنىڭ
مەنىۋى سۈپىتىمىزنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت
ۋە تەرەققىيات جەھەتتىكى پائال ئالغا ئىنتىلىش روھى — سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىكى
پائال ئالغا ئىنتىلىش روھىي ھالىتىنىڭ ئىپادىسى، ئەدەبىيات-سەنئەتتە بارچە گۈللەر-
نىڭ تەكشى ئېچىلىشى، ھەممە ئېقىملارنىڭ بەس-بەستە سايرىشى، دېموكراتىك
ئاساستا ئىناق بولۇش، جۇشقۇن بولۇش، گۈللەپ ياشناش — مىللىي روھنىڭ كۈندىن-
كۈنگە ئازاد بولۇۋاتقانلىقىنىڭ، مەنىۋى ھاياتىي كۈچكە تولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى،

ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش — روھنى جانلاندۇرغانلىق بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، روھىي جەھەتتە ئۆلۈك - جانسىز بولغاندا، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ جانلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. يېڭى دەۋردىكى كۆپلىگەن تۆھپىكار كارخانىچىلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى جانلىق ۋە تېتىك، مانا بۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك نەمۇنە. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۇسلۇبى، ماھارىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئىسلاھات، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئالاقىسى يوقتەك، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشتە رول ئوينىيالمايدىغاندەك قىلىدۇ، لېكىن، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ۋە ئىجادىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە پايدىلىق تەسىر پەيدا قىلالايدۇ. ھەتتا ئادەمنى ئارام ئال-دۇرۇپ، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىدىغان ساغلام كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش كەيپىياتىنىڭ مەدەنىي بولۇشىغا، ئىناق بولۇشىغا، ئەمگەكچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا پايدىلىق. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولى كۆپ تەرەپلىمىلىك، بىر پۈتۈن ۋە يىراقنى كۆزلەيدىغان بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشى، مەنلا ئىسلاھاتچى دەپ ھەر خىل ئىزدىنىشلەرنى ئۇجۇقتۇرۇ-ۋېتىش، ياكى ھازىرچە تېخى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن، ئادەتلىنىپ كېتەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى غەربنىڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىلىرى، دەپ سۆكۈش، كۈندىن - كۈنگە يېڭىلى-نىپ بېرىۋاتقان ئەدەبىي تۇرمۇش ئۆلچىمىنى ئىلگىرى ئاللىقاچان شەكلى بېكىتىلىپ كەتكەن ئەندىزىگە سېلىش، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆز پېتىچە ئېلىپ كېلىش، ماختانچاقلىق قىلىش، لاپ ئۇرۇش قاتارلىقلار ئېلىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا پايدىسىز. شۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالى ۋە رېئال مۇمكىنچىلىكتىن چەتنىگەن.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئوڭاي ئەمەس، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس. بىر تەتقىقاتچى، خاتىرىلىگۈچى، ئەكس ئەتتۈرگۈچى ھەتتا يۆلەكداش بولماقمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس. بۇنىڭغا «سول» دىن ياكى «ئوڭ» دىن كېلىدىغان كاشىلىلارلا سەۋەب بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئاساسىمىزنىڭ ئاجىزلىقىمۇ بىر سەۋەب بولىدۇ. بىر تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرى كونسېرۋاتىپلىققا مايىل كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماي، قىزغىن ھىمايە قىلىش، بوراندەك تېز ھەرىكەتكە كېلىش-تەك ئەھۋال ئاستىدا چاكىنىلاشتۇرۇلۇشى، بۇرمىلىنىشى، قىڭغىر يولغا باشلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىسلاھاتنى باھانە قىلىپ چىرىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئېلىپ بېرىش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، پەن - مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە، سىياسىي، ئەخلاق، مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش تېخىمۇ زۆرۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇددى يولداش

جاۋ زىياڭ دوكلاتىدا كۆرسەتكەندەك: «سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ناھايىتى
ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانى. بىزنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئەھۋال، زىددىيەت،
ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى جەھەتتىكى چۈشەنچىمىز بىرمۇنچە جەھەتلەردە تېخى
كۆپ ئەمەس، چوڭقۇر ئەمەس.» سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مەنىۋى تۇرمۇش
بىلەن ئىدىئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋال، زىددىيەت، ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭ قانۇنى-
يىتى جەھەتتىكى چۈشەنچىمىز تېخىمۇ ناچار. مىللىي روھنىڭ ئازاد بولۇش جەريانى
«سول» ۋە «ئوڭ» دىن كەلگەن كاشىلىلارنى، فېئودالىزم، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدى-
يىسىنى، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش جەريانى بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى نادانلىقنى تۈگىتىش جەريانى، ئۆگىنىش جەريانى، قۇرۇلۇش
ئېلىپ بېرىش جەريانى، ئىزدىنىش - تەجرىبە ھاسىل قىلىش جەريانى. بىز ماركسىزمنى سە-
مىمىي ساداقەت بىلەن ئۆگىنىشىمىز، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا يىلتىز تارتقان ئىلمىي
سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى-جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ھەققىدىكى نەزەرىيىنى، بولۇپمۇ سوتسىيا-
لىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇ-
چىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى، ھازىرقى زامان تەبىئىي پەنى ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت بىلىم-
لەرنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىققا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشىمىز، شۇنىڭغا
ئوخشاشلا، ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئالاقىدار ئومۇمىي تەتقىقات، پەن - تۈرلەرگە ئايرىش
ھەققىدىكى ئاساسىي بىلىم، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.
بۇ جەھەتتە، ئۆز ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، تار مەھكىمىچىلىك، پۇرسەتپەرەستلىك قىلىش
قاتارلىقلار تولىمۇ زىيانلىق. مۇشۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەندە ئىدىيىنى
ئازاد قىلىش جەريانىنى، ئاددىي ھالدا «بۇزۇش» جەريانى، ئۆزۈمىنىڭلا توغرا دەپ
ئوخشاشمىغان بارلىق قاراشلارنى بېسىش جەريانى دەپ تونۇپ قالمايمىز، شۇنداقلا بارلىق
ياخشى ئەنئەنىلەر بىلەن نەتىجىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش جەريانى ياكى بارلىق ئەنئەنىلەر
ۋە نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ ئالغا باسماسلىق جەريانى دەپ تونۇپ قالمايمىز،
ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا پوپوزا قىلىدىغان، ھەيۋە قىلىدىغان بولۇپ قالمايمىز. تېخى-
مۇ ئىلمىي ۋە رېئال پوزىتسىيە، تېخىمۇ كەمتەر ۋە دېموكراتىك پوزىتسىيە بىلەن
ئىسلاھاتقا، قۇرۇلۇشقا ئاتلىنىپ، مىللىي روھنىڭ تېخىمۇ ئازاد بولۇشىنى، ئەدەبىيات-
سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ كەڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ھە-
قىقىي گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز، ئۆزىمىزنىڭ قەتئىي بوشاشمايدىغان ئەمەلىيىتى
ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ۋە قوللاشقا ئېرىشىپ، تېخىمۇ ياخشى شەرت - شارائىت
ۋە كەيپىيات يارىتالايمىز. بىز ئىستىقباللىمىزدىن تېخىمۇ زور ئۈمىد كۈتۈشكە ھەقلىق،
بىز روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەك، يېڭى نەزەر دائىرى-
مىزنى كېڭەيتىپ، يېڭى كۆز قاراشنى راۋاجلاندۇرىدىغان بولساق، جەزمەن يېڭى پەللى-
گە يېتەلەيمىز.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 1987 - يىل 17 - نويابىر سانىدىن ئېلىندى).

مۇھەممەت پولات

# شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز

يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ئەدەبىياتىمىزدا بىر خىل شېئىرىيەت كرىزىسىنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە بەزى گەپلەر تارقالدى. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىدە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت: بىر تەرەپتىن، كىتابخانلار ھەقىقىي بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان، رېئال تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتى يالقۇنلۇق لىرىكا ۋاسىتىسى بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن يېڭى ۋە ئىجادىي شېئىرلارغا ھازىرمۇ موھتاج. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇرۇق، تەمسىز، خەۋەر ۋە ئاخبارات تۈسىگە ئىگە بولغان يارامسىز شېئىرلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىدىن يەتكۈچە بىزار، مۇنداق بولۇشى ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك. چۈنكى ھەر قانداق بىر كىتابخان شېئىرنى جەمئىيەتتىكى ئومۇملۇققا ئىگە بولغان ئادەتتىكى ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ نەزمىي بايانىدىن خەۋەردار بولۇش، قۇرۇق ۋە تەمسىز پەند-نەسىھەتلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇشنىڭ رەڭدار بەدىئىي كارتىنىسىنى كۆرۈش، ئۆزىگە تېخى مەلۇم بولمىغان يېڭى ھايات ھەقىقەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. مۇبادا ئۇ ئۆزى ئوقۇۋاتقان شېئىردىن ئۆزىنىڭ يۇقىرقىدەك ئەقلىي ئىنتىلىشى بىلەن مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى ۋە ئىجادىي نەرسىلەرنى تاپالمىسا، ئۇنىڭ كۆرگىنى پەقەت ئۇقۇم تۈسىدىكى ئابستراكت ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ ئادەتتىكى شېئىرىي كۆچۈرمىسىدىن ئىبارەت بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ مۇنداق شېئىرلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىدىن تەبىئىي ھالدا رەنجىيدۇ.

شېئىرمۇ باشقا ئەدەبىي تۈرلەرگە ئوخشاشلا بىر خىل تىل سەنئىتىدۇر. لېكىن ئۇ شائىرنىڭ قايناق ھېسسىياتىدىن تۇغۇلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل بەدىئىي تۈر بولغاچقا، ئالدى بىلەن ھېس-تۇيغۇ سەنئىتى ھېسابلىنىدۇ.

شائىر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى كۆزەتكەن، ھاياتتىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن چاغلىرىدا ھامان تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك بىرەر كۆرۈنۈشىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭ قەلبىدە ياكى گۈزەللىك تۇيغۇسى، ياكى نەپرەت

تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنىڭدا يېرىكىنىش ۋە غەزەپ ياكى خۇشاللىق ۋە غۇرۇرنى مەزمۇن قىلغان بىر خىل ھاياجان بىلەن كەيپىيات بىنورماللىقىنى قوزغايدۇ. دەل مۇشۇنداق ھېسسىيات، ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە بولغان مۇشۇنداق ھاياجانلىق ھېس-تۇيغۇ شائىرنىڭ بەدىئىي-غايىۋى مەقسىتىنى، شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى بەدىئىي مەزمۇنىنى. تەشكىل قىلىدۇ ۋە شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە بىر خىل ئوبرازلىق ئىجتىمائىي پىكىر تۇسىگە كىرىپ، رىتىم، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەر ۋاسىتىسى بىلەن تېخىمۇ جانلىنىپ، كىتابخاندا ئالاھىدە بىر خىل ئېستېتىك سېزىم پەيدا قىلىدۇ. بىز دەۋاتقان بۇ رىتىم، ۋەزىن، قاپىيە قاتارلىقلار ئەسەرنىڭ شەكلىگە تەۋە بولغان بەدىئىي ئامىللار بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق ۋاقىتتا شېئىرنىڭ ئورنىنى، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىدىغان ئىجتىمائىي-بەدىئىي پىكىرنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شېئىرنىڭ مەزمۇنى يەنىلا شائىر قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي لىرىك ھېسسىياتىنىڭ رەڭدار بەدىئىي تەسۋىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا ۋەزىن ۋە قاپىيىگە چۈشۈرۈلگەن دەبدەبىلىك سۆزلەرمۇ، مۇزىكىلىق تۈسكە ئىگە بولغان نەزمىي ئاخباراتلارمۇ شېئىر بولالمايدۇ. مىسرا ۋە كۇبلېتلارغا جايلاشتۇرۇلغان ھەر قانداق شوئار ۋە چاقىرىقلار تېخىمۇ شېئىر بولالمايدۇ. شائىرنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان ئەمەلىي تەسىراتى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتكەن ھاياجانلىق ھېسسىياتى قانچىلىك باي، چوڭقۇر ۋە نازۇك بولسا، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىۋاتقان شېئىرىي تىل قانچىلىك ئوبرازلىق، جىلۋىگەر ۋە ئىچكى مەناغا باي بولسا، ئۇ شېئىردا يورۇتۇلغان لىرىك مەزمۇنمۇ شۇنچىلىك كەڭ ۋە چەكسىز بولىدۇ. خۇددى بېلىنسكىينىڭ پۇشكىن شېئىرلىرى توغرىسىدا ئېيتقىنىدەك، مۇنداق شېئىرلارنى «ھەممە ئاددىي كىشىلەر چۈشىنىدۇ، لېكىن ھېچقانداق ئاددىي كىشى ئۇنىڭ تەگتىگە يېتەلمەيدۇ.» شېئىرنىڭ لىرىك مەزمۇنى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغانسېرى، كىتابخانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەلپۈنۈشى، ئۇنىڭدىكى شېئىرىي پىكىرلەر ئۈستىدە ئىزلىنىشى شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ، مۇنداق ئېستېتىك ئىنتىلىش بىلەن ئەقلىي ئىزلىنىش ئۇنى شېئىرىي ئوبرازلار ئاستىغا يوشۇرۇنغان ھاياتىي گۈزەللىكلەر بىلەن ئەقلىي ھېكمەتلەرگە بارغانچە يېقىنلاشتۇرۇپ، تېخى ھېس قىلىنمىغان يېپيېڭى بىر مەنىۋى ئالەمگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇ ئالەم شائىر سۇبيېكتىپىدىن تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ھاياجانلىق ھېس-تۇيغۇسى بىلەن جانلاندۇرۇلغان، ئۆزگىچە بىر خىل سەلتەنەت ۋە ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە بولغان ھاياتىي بەدىئىي مەنزىرە بولۇپ، ئۇ كىتابخانىنى خۇددى ئاپتورنىڭ ئۆزىدەكلا ھاياجانلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭغا يېڭىچە ئەقىل ۋە كۈچ بېغىشلاپ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ۋە غايە ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ. دېمەك، شائىر قەلبىدىن تۇغۇلغان ھەرقانداق يېڭى ۋە ئىجادىي شېئىر ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىكى بىلەن كىتابخان ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بىلەن تولدۇرىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىر ئالىيجاناب قەلبنىڭ يالقۇنى، ئىنسان مەنىۋى كۈچىنىڭ سېھرىي سۈرىتىدۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ مىللىي روھىنىڭ لىرىك ئىزھارى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇرغۇۋاتقان مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ

ئېيتساق، ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە رېئاللىقىنىڭ، قايغۇ ۋە شادلىقىنىڭ، ئارزۇ ۋە ئۈمىدىنىڭ، غەزەپ ۋە نەپرىتىنىڭ، ئەخلاقىي يۈكسەكلىك بىلەن مەنىۋى گۈزەللىكىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق، تەڭلىك، ئەركىنلىك ۋە دوستلۇق غايىسىنىڭ لىرىك خىتابنامىسىدۇر.

شېئىر ئەركىن بەدىئىي پىكىرنىڭ مەھسۇلى، شۇڭا ئۇ ھېچقانداق ۋاقىتتا بىرەر ئۆتكۈنچى سىياسەت بىلەن بىرەر گۇرۇھنىڭ كانىيى ياكى بىرەر نامدار شەخس ئىرادىسىنىڭ قۇلى بولمايدۇ. ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا خەلق بىلەن، ئۇنىڭ رېئال قايناق ھاياتى بىلەن بىللە ياشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۈچ ۋە ھاياتىي ئوزۇق ئېلىپ، ئىنسان بەدىئىي پىكرىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا قاراپ تىنىمسىز ئىلگىرىلەيدۇ.

يېڭى ۋە ئىجادىي شېئىر يارىتىش ئاسان بولمىغىنىدەك، ھەقىقىي شائىر بولۇشمۇ ئاسان ئەمەس. شائىر ئالدى بىلەن ھېس قىلغۇچى، بىلگۈچى، ھاياتنى ئۆزگەرتكۈچى ۋە ئۇنى يېڭىلىغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاددىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى شۇ بويىچە كۆچۈرۈش، ھەممىنى ماختاش ۋە ھەممىنى مەدھىيىلەش ئەمەس، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى رېئاللىقنى يورۇتۇش، ھەقىقەتنى ئۇلۇغلاپ، ئادالەتسىزلىكنى پاش قىلىش، شۇنداقلا ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋى گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭدا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. تارىختا ئۆتكەن ھەممە مەشھۇر شائىرلار شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى ئەنە شۇنداق چۈشەنگەن، ئەنە شۇنداق پاك ۋىجدان ئىگىسى، ئالىيجاناب تۇيغۇلارنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بولغان. شۇڭا ئۇلار ئۆز قەلبىدە پاك، خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدەك يالقۇنلۇق، ئانا تەبىئەت گۈزەللىكىدەك نەپىس ۋە جىلۋىگەر شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆز خەلقىنىڭ روھى ۋە ئەقلىنى ئۇرغۇتۇپ، يېپيېڭى مەنىۋى دۇنيا يارىتىپ چىقالىغان.

ناچار ۋە يامان يېزىلغان شېئىر خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئېستېتىك زوقىنى بۇزىدۇ، بەدىئىي تەپەككۇرىنى بوغىدۇ، مىللەتنىڭ ئەقلىي راۋاجلىنىشىغا توسقۇن بولىدۇ. مۇنداق شېئىرلار كىشىلەر تەرىپىدىن ھەر قانچە ماختالمىسۇن، قانچە قېتىملاپ نەشر قىلىنمىسۇن، ئوخشاشلا تارىخنىڭ سىنىقى ۋە دەۋرىنىڭ شاللىشىدىن ئۆتەلمەيدۇ.

شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتىنىڭ شائىر سۇبيېكتىپىدا ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشىدىن، ئۇنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىدا تاۋلىنىپ چىققان يېڭى ھاياتىي پىكىرلەرنىڭ لىرىك ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن يارقىن يورۇتۇپ بېرىلىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىجتىمائىي، بەدىئىي قىممىتى ئالدى بىلەن ھېسسىيات تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھېسسىيات دېگىنىمىز، شائىرنىڭ ھايات گۈزەللىكلىرىنى سېزىش ۋە ھېس قىلىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئەڭ قايناق، ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئۆتكۈر بىر خىل ئىجتىمائىي سېزىمدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، ئۇ شائىر سۇبيېكتىپىنىڭ مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئىچىدىكى تۇيۇقسىز پارتلىشى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ تىنىچ ۋە مەيىن ھالەتتىن دولقۇنلۇق ھالەتكە كۆچۈشىدۇر. شائىر ئىجادىيەتتە

پەقەت مۇشۇنداق روھىي ھالەتكە كەلگەن چېغىدىلا، ئاندىن ئۇ دۇنيانى بىلىش ۋە ھېس قىلىشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا، ھاياتنى ئىنتىلىش بىلەن ئىجادىي ئىزلىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، كىتابخانىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان يېڭى بەدىئىي ئالەم ئاچالايدۇ. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە يالغۇز ھېسسىياتنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە كۈچلۈك تەسەۋۋۇرمۇ بولۇشى لازىم. چۈنكى شائىر ئۆز ھېسسىياتىنى پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا قاناتلاندۇرىدۇ. تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ يېڭى غايىۋى-سېھىرىي دۇنياغا كىرىپ، رومانتىك ئالەم كۆكىدە پەرۋاز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ھېسسىياتىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە جانلاندۇرۇپ، شېئىرىنى تېخىمۇ يېڭى لىرىك مەزمۇنلارغا ئىگە قىلىدۇ.

شائىر ئابلىكىم خېۋىر ئۆزىنىڭ كىتابخانلارغا تونۇشلۇق بولغان «ئون» ناملىق شېئىرىدا تۇرمۇشىمىزدىكى بىر رېئال پاكىتتىن تېما ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئون پەرزەنتىنى جاپالىق ئەجرى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ھەممىسىنى ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزگەن بەختىيار ئانىنىڭ ئاجايىپ تۆھپىسى ئۇنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. ھاياتىنىڭ ھەممە راھەت ۋە لەززىتىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بېرىپ، ئۆزى ئۆمۈربويى جاپا-مۇشەققەت چېكىپ ئۆتكەن ۋە بۇنى ئۆزى ئۈچۈن بەخت ۋە خۇشاللىق دەپ ھېسابلايدىغان بۇ ئالىيجاناب ئانىغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭى بىر شېئىرنىڭ مەزمۇن ئۇندۇرمىسى پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئانا مېھنىتىنى ئۇلۇغلاشنى مەقسەت قىلغان بەدىئىي ئىنتىلىش يولىغا باشلايدۇ:

«قەلبىمدە بىر دەريا ھۆرمەت ئاقىدۇ،
بىر دەريا مۇھەببەت، بىر دەريا رەھمەت.
بىر ئانا ئۇلۇغلۇق ناخشىسى بولۇپ،
دىلىمدا ھاياجان قوزغايدۇ قەۋەت.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتور ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن بەدىئىي-غايىۋى مەقسىدى بىلەن شېئىرنىڭ ئومۇمىي تېماتىك مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بېرىش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئوي-پىكرى بىردىن قاناتلىنىپ، لىرىك پېرسوناژنىڭ ھايات پاكىتلىرى بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى كۆرۈنۈشلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئانىلار ھاياتىنىڭ كەڭ ئالىمى بىلەن تەسەۋۋۇرلار دۇنياسىنىڭ پايانسىز كۆكىدە پەرۋاز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىدا لىرىك پېرسوناژنىڭ مۇشەققەتلىك ئانىلىق ھاياتى بىلەن ھايات ۋە پەرزەنت ئىشقىدا لاۋۇلدىغان قەلبىنىڭ رەڭدار لىرىك كۆرۈنۈشلىرى نۇرلىنىدۇ:

«قانچە ئون كېچىلەر تولغاق يەپ چىقىپ،
نەچچە يۈز قېتىملاپ كەتكەنسەن ھالدىن.
ھەر تولغاق ئازابى ساڭا بىر لەززەت،
جاكا ئۇ سۇبھىدىن — يېڭى بىر تاڭدىن.

........................

هاۋانىڭ سوغى بار، تومۇز پەيتى ھەم،
قولۇڭنى ھېسابسىز قان ئەتتى يىگىنە.
ھەپتىدە ئىككى رەت تونۇر قىزىتىپ،
چىدىدىڭ، چىدىماي يېرىلدى تەگىنە.»

شېئىر باشتىن - ئاخىر ئەنە شۇنداق ئوبرازلىق مىسرالار بىلەن، يەنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق جانلاندۇرۇلغان ھېسسىياتلىق مىسرالار بىلەن داۋاملىشىدۇ. بۇ مىسرالارنىڭ ھەر بىرى ئاپتورنىڭ لىرىك قەھرىمانىنىڭ جاپا ۋە شادلىق قوشۇلۇپ كەتكەن لەززەتلىك ئانىلىق تۇرمۇشىنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك تەرىپىنى، ئۇنىڭ باي ۋە ئالىيجاناب ئانىلىق قەلبىنىڭ بايلىقى ۋە گۈزەللىكىنىڭ بىرەر سەلتەنەتلىك كۆرۈنىشىنى يارقىن ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتورنىڭ بۇ لىرىك قەھرىمانى، يەنە تۇرمۇشىمىزدىكى مىليونلىغان ئاددىي ئاياللارنىڭ بىرى بولغان بۇ پاك ۋە چىداملىق ئانا - ئالىيجاناب ئىنساننىڭ ھەممە گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنىڭ يالقۇنلۇق بەدىئىي تىپىغا، ئۇنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن غايە ۋە كېلەچىكىنىڭ پارلاق سىمۋولىغا ئايلىنىدۇ. قايناق شېئىردىي ھېسسىيات بىلەن قۇدرەتلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئاپتورغا ئۆز لىرىك پېرسوناژىنى ئەنە شۇنداق بەدىئىي يۈكسەكلىكتە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ:

«ھەر ئانا باغرىنى بىر ئۆپۈق دېيمەن،
ئۇن ئۆپۈق كەڭلىكى سېنىڭ كۆكسۈڭدە.
ئۇن ھەسسە پىدالىق، ئۇن ھەسسە چىدام
غەيۇرلۇق نۇرى بوپ چاقنار ھۆسنۈڭدە.»

شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ يۇقىرقىدەك تەبىئىي بىرلىككە ئېرىشىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇنداق بىر زۆرۈر شەرت بار، ئۇ بولسىمۇ، شائىر ھېسسىياتىنىڭ ئالدى بىلەن چىن ۋە سەممىي بولۇشى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسى بىلەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشىدىن ئىبارەت. مۇبادا ئاپتوردا ھايات ۋە ئادەملەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن توغرا ئېستېتىك قاراش بولمىسا، ئۇ رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىكى يوشۇرۇنغان ھاياتىي ھېكمەتلەر ئورنىغا ئۆز ئېگىدىكى تەييار سىياسىي چۈشەنچىلەرنى دەسسەتسە، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان خىيالىي، سۈنئىي ۋەقەلەرنى ياساپ چىقىشتىن ئىبارەت بولسا، قىسقىسى، ئۇنىڭ شېئىردىي ھېسسىياتى ساختا، بەدىئىي تەسەۋۋۇرى تۇترۇقسىز بولسا، ئۇ ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ بەدىئىي بىرلىككە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭدىن چىقىدىغىنى پەقەت ئوبيېكتىپ شەيئى

ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى بۇرمىلانغان، ساختا ھەل يالتىلغان قۇرۇق ۋە يالىغاچ نەرسىلەردىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ تارىخىي قىسمەتكە ئىگە بولغان قەدىمىي بىناكارلىق ئۆلگىلىرىنىڭ زور بىر قىسمىنى پادىشاھ ۋە خاقانلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا ۋە سارايلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈرلۈك ۋە سەلتەنەتلىك تۈسكە ئىگە بولغان ئاجايىپ سەنئىتى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ھەيۋەت قەسىرلەرنىڭ ھەر بىر تام، ھەر بىر تۈۋرۈكى ئەسىر-لىك تارىخنىڭ گۇۋاھى بولۇپ، ئۇلار ھەرقانداق بىر ئاپتور قەلبىدە ئازاب ۋە قىينىلىش تۇيغۇسى بىلەن غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. بۇ مۇرەككەپ تۇيغۇ ۋە تەسىراتلار ئاستىغا پەقەت شۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىلا ھېس قىلىپ يېتەلەيدىغان، مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئۆزگىچە بىر ئىجتىمائىي مەزمۇن يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ مەزمۇن ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدا يېزىش ۋە ئىجاد قىلىش ئىستىكىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭى بىر ئىجادىي شېئىرنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ...

بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە يېقىنقى يىللار ئىچىدە بۇ ئالاھىدە تېمىغا شائىر مامۇت زايىت ۋە شائىر ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىقلار مۇراجىئەت قىلىپ ئۆتتى. ئۇلار ئۆزلى-رىنىڭ «خاقان ئوردىسىدا» ۋە «چيەنلۇڭ شاھ سالقىنلىقىدا» ناملىق شېئىرلىرىدا ئۆزلى-رىنىڭ يۇقىرىقىدەك تۇيغۇ ۋە تەسىراتلىرىنى لىرىك يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلدى. شۇ يېرى دىققەتكە سازاۋەركى، تەربىيىلىنىش مۇھىتى بىلەن ئىجادىي ئىشچانلىقى يېقىدىن بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئىككى دەۋرداش شائىر بىر خىل تېما، بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي مەزمۇن تاپتى.

شائىر مامۇت زايىت ئۆزىنىڭ «خاقان ئوردىسىدا» ناملىق شېئىرىدا كاتتا ئورۇن-نىڭ شاھانە تەختىگە ئولتۇرغۇزۇلغان بىر خاقاننىڭ ھەيكىلىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى شۇنچىلىك ھەيۋەت ۋە كۆركەم. چىرايىدا بولسا ھەيرانلىق ۋە پۇشايمان. ئۇ لېۋىدىنىدۇر ئەپسۇسلۇق ۋە بىئاراملىق ھېس قىلماقتا. شېئىر ئاپتورى خاقاننىڭ ئېلىمىزنىڭ يېڭى ھاياتى بىلەن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ زامانىۋى تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ ئەينى يىللاردىكى دۆلەت ئەھۋالى بىلەن خاقانلىق تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشتىن پەيدا بولغان بۇ خىل قايىللىق ۋە ئازابلىنىش تۇيغۇسىنى ئۇنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن جانلاندۇرۇلغان ئوي-خىيالى ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

«ھەي ئىست ...
ياشاپتىمەن كونا زاماندا.
بۈگۈنكى بىر پۇقرالىق لەززەت،
يوق ئىكەنغۇ مەندەك خاقاندا.
ئۇڭا شاھىد ئۆزەم ئىشلەتكەن

ئاددىي پانۇس، قەغەز يەلپۈگۈچ.
ئەمدى باقسام، پۈقرا ئۆيىدە،
توك چىرىقى، ھاۋا تەڭشىگۈچ.
قۇرۇمىغان مېنىڭ دەۋرىمدە،
يۇرتتىن ئاپەت، خەلق ئىچرە نىزا.
تەختىم گويا ۋولقان ئاغزىدا،
يېيەلمەيتتىم خاتىرجەم غىزا.
بۈگۈن ئەل تىنچ، خەلق باياشاد،
مۇشۇ كۈندە ياشاپ قالسامچۇ؟
بىر پۈقرالىق سائادىتىدىن،
مىڭ خاقانلىق ھوزۇر ئالسامچۇ؟»

مانا بۇ ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى فېئودال خاقانلىق — پۈتۈن ئۆمرى زورلۇق ۋە شاھانە چىرىكلىك ئىچىدە ئۆتكەن ياۋۇز ھۆكۈمدارنىڭ روھىي دۇنياسى!

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر خاقان ئالدى بىلەن ئۆز تەختى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى ھەممىدىن ئەلا ۋە مۇقەددەس بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ پۈتۈن بەختى ۋە ھاياتىي قىممىتىنى پەقەت شاھانە تۇرمۇش لەززىتىدىلا تولۇق ھېس قىلىدىغان ئەڭ غالجىر ئىرادە ئىگىدۇر. تەختكە بولغان ئەسەبىي مۇھەببەت بىلەن زورلۇققا بولغان جاھىلانە ئىنتىلىش ئۇنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇ ھەتتا ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەن چېغىدىمۇ بۇنداق ئەقىدىسىدىن قايتمايدۇ. ئۇنىڭ زورلۇق ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان تەھدىت ھەم ۋەھىمە قانچىلىك ئارتسا، ئۇنىڭ ئۇنى قوغداش ۋە ساقلاش غالجىرلىقى شۇنچىلىك كۈچىيىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەممە تىرىكلىك قىممىتى پەقەت بىرلا نەرسىدە، يەنى ئۇنىڭ نەزەرىدە، ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس بولۇپ كۆرۈنىدىغان شاھانە تەخت بىلەن شاھانە تۇرمۇش لەززىتىدىلا ئەكس ئېتىدۇ. ۋەھالەنكى شېئىر ئاپتورىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ خاقاندا شاھلار خاراكتېرىنىڭ يۇقىرىقى ئالامەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى تېپىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئاپتور تەرىپىدىن بېرىلگەن يۇقىرىقى ئوي-خىيالىنىڭ چىن ۋە ھەققانىي ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنىڭ ھەقىقىي شاھلارنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

يولداش مامۇت زايىتنىڭ «خاقان ئوردىسىدا» ناملىق بۇ شېئىرىدا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇنىڭدىكى، ئاپتور ئىجادىيەتتە تارىخىي پاكىت ۋە ھاياتىي چىنلىقنى ئاساس قىلماي، بەلكى ئېڭىدا شەكىللەنگەن تەييار ئۇقۇم، چۈشەنچىنى ئاساس قىلغان. ئادەتتىكى تەشۋىقات تەلىپى بىلەن ساددا سىياسىي قىزغىنلىقنى چىن ۋە سەممىي ھېسسىيات ئورنىغا دەسسىتىپ، بەدىئىي ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى غەلىتە ۋە تۇترۇقسىز ۋەقەلەرنى ئويلاپ چىقىرىدىغان قۇرۇق خىيالىي پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن تارىخىي چىنلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە شاھلار خاراكتېرىنىڭ تۈپ مەزمۇنى

بۇرمىلىنىپ، كىتابخانىلارنىڭ بەدىئىي - ئەقلىي تەربىيىلىنىشىنى بۇزىدىغان مۇشۇنداق ساختا سەنئەت ئەسىرى بارلىققا كەلگەن.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ تېمىغا پۈتۈنلەي باشقىچە يول بىلەن ياندىشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىقىنىڭ شاھانە ئارامگاھىنى كۆرۈشتىن پەيدا بولغان تۇيغۇ ۋە تەسىراتىنى قىلچە يوشۇرمىغان، ھېچنەرسىنى بويىمىغان، ھېچنەرسىگە ساختا سۈپەت ۋە يالغان بەدىئىي خاراكتېر بەرمىگەن. ئەكسىچە، تارىخىي چىنلىق بىلەن شاھلىق تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىگە سادىق بولۇپ، ئۇنى باي ۋە كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن جانلاندۇ-رۇپ، فېئودال شاھلارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى بىلەن تۇرمۇش ئادىتىنى كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىجادىي تۇرمۇش مەنزىرىسى يارىتىپ، تېمىنى جانلىق ۋە روشەن ئېچىپ بەرگەن:

«ياقۇت جامدا لىپمۇ لىپتۇر قان ۋە ياش،
قەسىر تېمى گەردىش ئالغان پەريادتىن.
قېرى چىنار گۇۋاھىدۇر دەھشەتنىڭ،
سۆزلەر قىسسە پاجىئەلىك ھاياتتىن.
بۇ ئىشرەتگاھ، بۇك - باراقسان چىمەنزار
بەرنالارنى يۇتقان مۇدھىش جەھەننەم.
بۇندا ئۇچقان ئېسىل ئارمان ساماغا،
مۇڭلۇق نالە بۇلاقلارغا مۇجەسسەم.»

شېئىر باشتىن - ئاخىر ئاشۇنداق چىن - سەممىي ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسىغا ئاپتورنىڭ فېئودال شاھلىق تۈزۈمى بىلەن تارىخنىڭ تەڭ-سىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكى ئۈستىدىن قىلغان غەزەبلىك شىكايىتى سىڭگەن. شاھلارنىڭ ئىپلاس ئاياغلىرىدا چەيلەنگەن سانسىزلىغان پاك، مەسۇم قىزلارنىڭ پىغانلىق ئاھۇ - زارى شېئىرغا ئۆزگىچە بىر خىل پۇئېتىك سادا بېغىشلىغان. نەتىجىدە، بۇ شېئىر فېئودال شاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي شېئىرىي ئەيىبنامىسىگە: كىتابخاندا زۇلمەتلىك ئۆتمۈشكە نىسبەتەن كۈچلۈك نەپرەت، بۈگۈنكى ئەركىن ۋە ئازاد تۇرمۇشىمىزغا نىسبەتەن چەكسىز مۇھەببەت ئويغىتىدىغان يېڭى ئىجادىي لىرىك ناخشىغا ئايلانغان.

شېئىر — ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەڭ مەركەزلىك ۋە ئەڭ يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل بەدىئىي تۈر. ئۇنىڭدا ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ تەپسىلاتى بىلەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي ھالىتى يېزىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بىلەن تېخى ئېچىلمىغان يېڭى ئۆزگىچىلىكى، شۇنداقلا شائىرنىڭ ھايات تەسىرىدە پەيدا بولغان ھېس - تۇيغۇسىنىڭ يادروسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئىخچام ۋە ئوبرازلىق بەدىئىي تۈسكە ئىگە قىلىنىدۇ. گەرچە بەزى شېئىرلارنىڭ پىكىر، مەزمۇنى كەڭ ۋە ھەر تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىمۇ ئوخشاشلا شېئىرىي مەزمۇن يۈكسەك

دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن، ھېسسىياتنىڭ تىپىكلىكى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارمۇ باشقا لىرىك شېئىرلارغا ئوخشاشلا كىتابخاننى ھاياجانلاندۇرىدۇ. شېئىرىي ئەسەرلەردىكى مەركەزلەشتۈرۈلگەن يىغىنچاق شېئىرىي مەزمۇن ئۆز نۆۋىتىدە مۇئەييەن بەدىئىي ئىخچاملىقتا ئەكس ئېتىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئۆزىگە مۇناسىپ شەكىل ۋە پورمىغا ئىگە بولالايدۇ. شېئىرىي ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان بەدىئىي ئىخچاملىق تەلىپى باشقا يەردىن ئەمەس، دەل شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن. مەلۇمكى، شېئىر شائىرنىڭ بىر مەزگىللىك ئىلھامىنىڭ، ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تاۋلانغان ۋە مەركەزلەشكەن ھالىتىنىڭ مەھسۇلى، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتساق، شائىر قەلبىدە تويۇقسىز چاقنىغان لىرىك ئۇچقۇنىنىڭ بىردەملىك يورۇقىدۇر، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان كېلەڭسىز فورما بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىخچام ۋە يىغىنچاق بەدىئىي شەكىلدىلا ئۆز قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. شېئىرىيەتتىكى ئىخچاملىق تەلىپى شائىرغا شەكىل ۋە فورمىدا يىغىنچاقلىقتا، پىكىر ۋە مەزمۇندا دەللىك ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ شېئىرىي پىكرىنى تاۋلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تالانتلىق شائىر ئالدى بىلەن يىغىنچاقلانغان شېئىرىي پىكرىنى ئىخچام بەدىئىي فورمىدا يورۇتۇپ بېرىشنى بىلىدىغان شائىردۇر. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە مەزمۇن يىغىنچاقلىقى بىلەن بەدىئىي ئىخچاملىققا ئېرىشىش ناھايىتى كۆپ ئامىللارغا باغلىق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم، ھەل قىلغۇچى ئامىل يەنىلا شېئىرىي ئوبرازدىن ئىبارەت. شائىر ئىجادىيەتتە ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە تۈسىدىكى ئابستراكت نەرسىلەرنىڭ ئادەتتىكى نەزمىي سۈرىتىنى سىزىپ بېرىشنى ئەمەس، بەلكى جانلىق تۇرمۇش مەنزىرىسى بىلەن كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتنىڭ بەدىئىي بىرلىكى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان گۈزەل شېئىرىي مۇھىت يارىتىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ تاللانغان، ئىپادە قىلىش كۈچىگە باي بولغان ئىجادىي، بەدىئىي تىلىدىن ۋە ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، كىتابخان كۆرەلەيدىغان ۋە ھېس قىلالايدىغان كونكرېت شېئىرىي ئوبراز يارىتىدۇ. بۇ ئوبراز ئۇنىڭغا شېئىرىي مەزمۇنىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەڭ ئىخچام بولغان ھەرىكەتچان بەدىئىي فورمىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. بىز تۆۋەندە شائىر مۇھەممەدجان سادىقنىڭ كىتابخانلارغا تونۇشلۇق بولغان «نان» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

«تاڭ شەپقىدەك توغاچنىڭ،  
چىشلەپ يېرىم چېتىدىن.  
ئاھ...  
سەزگۈلەر ئويغاندى لەززەتنى تېتىپ،  
يالقۇن ئۆرلىدى يۈرەك قېتىدىن.

نان!
نانسىز ئۆتەرمۇ ئالەمدە بىر كۈن،
كىملەر زېرىككەن تەمىنى تېتىپ؟!
ھايات ئۇنىڭسىز ساماندەك سېرىق —
بولىدۇ قېنىمۇ كېتىپ...
چىشلەپ يېگىنىمدە ئاق ناندىن،
قەلبىمدە سۆيگۈدىن سېزىلدى بىر ئىز.
تەشەككۈر كۆزىدە تىكىلدىم دېھقانغا،
گۈلشەن بوپ كۆرۈندى ماڭا شۇ ئېتىز.»

ئاپتور بۇ شېئىرىدا مىللىي تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاددىي ناننى تېما قىلىپ، ھېسسىياتلىق شېئىرىي تىل ۋاسىتىسىدە يارىتىلغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دېھقان ۋە ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەمگىكىگە بولغان يۈكسەك مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. شېئىردا مەنزىرە بىلەن ھېسسىيات، ئوبراز بىلەن مەزمۇن بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىپ، كىتابخانىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئۆزگىچە بىر خىل شېئىرىي رىتىم پەيدا قىلىپ، ئاپتورنىڭ بەدىئىي - غايىۋى مەقسىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

ياش شائىر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئىككى قۇياش قەسىدىسى» ناملىق لىرىكىسىمۇ شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق مەزمۇن يىغىنچاقلىقى بىلەن بەدىئىي ئىخچاملىققا ئېرىشىشنىڭ بىر ياخشى مىسالى:

«گۈزەللەردىن ئەمەسسەن، جېنىم،
سەندە يوقتۇر گۈلنىڭ ياشنىشى.
ئاھۇ كۆزى ئەمەس كۆزلىرىڭ،
ئەمما ئۇندا نۇرنىڭ چاقنىشى.
بېزىمەيدۇ سېنى نەۋ باھار،
تۈزۈتمايدۇ كەچكۈز جۇدۇنى،
ئىككى قۇياش يانسا يۈزۈڭدە
ئۇنىڭ ئەكسى تۇرسا كۆزۈمدە،
سۆيگۈمىزنىڭ نەدىكەن تۈنى؟»

ئاپتور شېئىردا لىرىك ئوبيېكتنى ئېستېتىك نۇقتىدىن تونۇپ ۋە باھالاپ، ئۇنىڭ ھاياتىي سۈپەتلىرى بىلەن مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى ئۆزگىچە بىر خىل يول بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ: ئۇ، ئۆز سۆيۈملۈكىنى قىزلار گۈزەللىكىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالامەتلىرى بىلەن بېزىمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئارتۇقچە، سەلتەنەتلىك سۈپەتلەرنى زورلاپ تاڭمايدۇ. شۇڭا ئۇ كىتابخان كۆز ئالدىدا خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكىدەك بىر خىل ساددا ۋە تەبىئىي تۈستە ئايان بولىدۇ. ئۇ، گۈزەللەردىن ئەمەس، ئۇنىڭدا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئويناقى سېھرىي كۆزلەرمۇ يوق. لېكىن بۇ كۆزلەردە نۇرنىڭ چاقنىشى، پاك ۋە ئالىي-

جاناب مۇهەببەتىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى بار. شۇڭا بۇ كۆزلەر ئاپتورغا ئۆزىنىڭ مۇهەببەت هىسسىياتىغا تويۇنغان شائىرانە قەلبىنى تىنىمسىز يورۇتۇپ تۇرغۇچى نۇرلۇق قۇياش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئاپتور شېئىرىدا باشتىن - ئاخىر ئاشۇنداق ئوبرازلىق پىكىر ۋە ئوبرازلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ لىرىك تەسۋىرى ئارقىلىق ئۆز لىرىك پېرسوناژىنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنى كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇهەببەت ۋە بەخت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەك شائىر قىسقىغىنە بىر شېئىر ئارقىلىق كىتابخان ئالدىدا يېڭىچە بىر مەنىۋى ئالەم ئاچىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى شېئىرنىڭ (مۇنداق شېئىرلار بىردە ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە!) ئورتاق ئالاهىدىلىكى شۇنىڭدىكى، ئاپتورلار بۇ شېئىرلاردا ئالدى بىلەن يېڭى ۋە ئىجادىي شېئىرىي ئوبراز ياراتقان. ئاشۇ لىرىك ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇيغۇ ۋە تەسىراتلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەڭ ئىخچام بەدىئىي فورمىغا سىغدۇرغان.

شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئىخچاملىق مەسىلىسى نوقۇل قىسقا يېزىش مەسىلىسىلا ئەمەس، چۈنكى هەرقانداق شېئىرنىڭ هەجىم ۋە فورمىسى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بەزى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى بىر شېئىرىي پىكىر بىلەن بىر هىسسىيات يۆنىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا مۇنداق شېئىرلار تەبىئىي هالدا قىسقا بولىدۇ. بەزى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى بولسا، هەر خىل شېئىرىي پىكىر ۋە كۆپ لېنىيىلىك، مۇرەككەپ هىسسىيات ئېقىمى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. تەبىئىيكى مۇنداق شېئىرلار ئۇزۇنراق، مەزمۇنغا مۇناسىپ هەجىم كەڭلىككە ئىگە بولىدۇ، لېكىن بىر نەرسە ئېنىقكى، شېئىرلار مەيلى قىسقا بولسۇن ياكى ئۇزۇن بولسۇن، ئۇلاردا ئوخشاشلا مەركەزلەشكەن پىكىر بىلەن يىغىنچاقلانغان هىسسىيات مۇئەييەن بەدىئىي ئىخچاملىقتا ئەكس ئېتىدۇ. شائىرنىڭ رېئال هايات تەسىرىدە پەيدا بولغان هىس - تۇيغۇسى يۇكسەك دەرىجىدە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان لىرىك ئوبرازلار ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. شېئىر مۇشۇ ئالاهىدىلىكلەرنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۇرسىلا، هەجىم ۋە فورما جەھەتتىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا مۇئەييەن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىز شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ ئالاهىدىلىكلىرى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك ئىزلىنىشىنىڭ مۇهىم نۇقتىلىرى بولۇپ، بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدە قانچە كەڭ، قانچە تولۇق ئەمەلىيلەشسە، شېئىرنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي سۈپىتى شۇنچە ئۆسۈپ، خەلقىمىزنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان هەقىقىي ئوبرازلىق سەنئەتكە ئايلىنىدۇ. كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۆزىنىڭ مۆجىزىلەر بىلەن تولغان ئۇلۇغ هاياتىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان ئەمگەكچان خەلقىمىز ئۆز هاياتىنىڭ هەقىقىي لىرىك خاتىرىسى بولغان مۇنداق جەڭگىۋار سەنئەتنى، يەنى چىن ۋە سەممىي هىسسىياتقا كۆمۈلگەن مۇنداق يالقۇنلۇق شېئىرىيەتنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ.

# ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋە كىملىرىدىن

## ئەنۋەر ناسىرى



1933 - يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە كۆتۈرۈلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەدەبىياتىمىز رېئالىستىك ئەدەبىيات دەۋرىگە كىرىپ، رېئال ۋەقەلەر، سىنىپىي ۋە مىللىي كۈرەشلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان ئەسەرلەر ئارقا ئارقىدىن يېزىلدى. يېڭىچە، جەڭگىۋار، ھازىرجاۋاب سىياسىي لىرىكىلار، سەھنە ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

ئەنۋەر مەخپىر ئوغلى ناسىرى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مەزكۇر تارىخىي باسقۇچىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسە قوشقانلىقى بىلەن ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەنۋەر ناسىرى 1914 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە، تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 7 - سىنىپنى تۈگەتىدۇ. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئېغىر تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئەنۋەر ناسىرى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ 15 يېشىدىن باشلاپلا، شەھەردىكى ئاشخانىلاردا كۈنلۈك ئىشلەپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئۇرتىكىسىدە، 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە بۇ ئۇيۇشمىلار قارىمىقىدا سەنئەت ئۆمەكلىرى تەشكىل ئېتىلىشكە باشلىدى. ئەنۋەر ناسىرى 1934 - يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئەڭ دەسلەپ قاتنىشىدۇ ۋە ئۇيۇشمىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىلىرى قاتارىدا نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

1934 - يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ غۇلجىدا «شىنجاڭ ئىلى گېزىتى» چىقىشقا

باشلىدى. ئەنۋەر ناسىرى گېزىتخانىغا كىرىپ دەسلەپ ئابورچىك، كېيىن (1936 - يىلدىن باشلاپ) كوررېكتور ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ئىجادىيىتى 1935 - يىلى باشلانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال قاتنىشىدۇ. ئۇيۇشمىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن جاي - جايلاردا كەچكى كۇرسلار ئېچىشىغا ياردەملىشىدۇ، قىرائەتخانىلار قۇرىدۇ. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سەنئەت ئۆمىكىگە يېقىندىن ياردەملىشىپ، كونسېرت نومۇرلىرىنى تۈزۈشۈپ، رەتلىشىپ بېرىدۇ، ناخشا تېكىستلىرى يازىدۇ.

1937 - يىلدىن باشلاپ ئەنۋەر ناسىرى غۇلجىدىكى «ياردەم مەكتەپ» (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ) تە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداقلا شۇ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان «مىللەتلەر كۈلۈبى»نىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ داڭلىق سەنئەتچى، دراماتورگ، شائىر قاسىمجان قەمبىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدۇ.

ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ياش ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى خىزمىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئىنقىلابىي قۇربان، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيىتى 1938 - يىلى يانۋاردا ئەنۋەر ناسىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياردىمىدە يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە بولغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ، ل. مۇتەللىپنىڭ: «مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم ئەنۋەر ناسىرى ئىدى، ئۇ مېنى ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم قەلەم ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈردى» دېگەن سۆزى تاسادىپىي ئېيتىلغان ئەمەس.

شائىرنىڭ «كۈنچىقىش شامىلى» ۋە «قىشقا بېغىشلاپ» قاتارلىق شېئىرلىرى 1938 - يىلى يېزىلغان.

«كۈنچىقىش شامىلى» دا شائىر:

«سالام، ئۇرۇشنىڭ قانلىق سېپىدە،
كۆكرەك كېرىپ ماڭغان ئالدىغا،
ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ سادىق ئوغلىغا!
قانلىق تۇغنى تۇتۇپ قولىدا،
ھەر قەدەمدە ئۇستۇنلۇك ئالغان
قەھرىمان سەپداش جەڭچى دوستۇمغا!»

دېگەنگە ئوخشاش جەڭگىۋار مىسرالىرىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتقان قەھرىمان جەڭچىلەرگە، پارتىزانلارغا بولغان سەمىمىي، قىزغىن ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كۈچلۈك ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ئىپادىلىگەن بولسا، سىمۋوللاشتۇرۇش ۋە رىتورىك سوئال ئۇسۇلى بويىچە يازغان «قىشقا بېغىشلاپ» ناملىق شېئىرىدا زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتكە بولغان نەپرىتىنى، ئەمگەكچى خەلققە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

1942 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي ئىنقىلابچىلارنى، ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى زور كۆلەمدە تۇتقۇن قىلدى، باستۇردى. مىسلىسىز قاراڭغۇ زۇلمەت، مىللىي ۋە

(داۋامى 611 - بەتتە)

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

ئابدۇللا قاھھار

## ياخشى ئەسەر قانداق يېزىلىدۇ؟

(ياشلار سېمىنارىيىسىدە سۆزلەنگەن نۇتۇقتىن)

گەرچە بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنىڭ ماۋزۇسى ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى توغرىسىدا بولسىمۇ، گەپ كۆپرەك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئىجادىيەت يولىدىكى ئۇرۇنۇشلار توغرىسىدا بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

ۋايىغا يەتكەن بىرەر يازغۇچى ئۆزىنىڭ قانداق ۋايىغا يەتكەنلىكى، كىشىلەر مۇئەييەنلەشتۈرگەن بىر ياكى بىرنەچچە مەشھۇر ئەسىرىنى قانداق يازغانلىقىنى سۆزلەپ بەرسە، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭدىن تەلىم ئالسا، مانا بۇ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدىكى سۆز، ئىلمىي سۆھبەت ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ يەردە پەقەت ئوبدان ئەسەر يېزىش ئۈچۈن قانداق ئۆگەنگەنلىكىم، شۇ جەرياندا نېمىلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىم توغرىسىدا سۆزلىشىم مۇمكىن، خالاس. دېمەك، بۇ سۆھبەت ئۆزئارا پىكىرلىشىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

ئۈممىد بىلەن قولىغا قەلەم ئالغان، يېزىقچىلىق ئارقىلىق خەلققە، ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشنى ئويلىغان، شۇ ئارقىلىق كۆپرەك ۋە ياخشىراق تۆھپە يارىتىشقا كۆزى يەتكەن ھەربىر كىشى ياخشى ئەسەر يېزىشقا تىرىشىدۇ.

بىز بىر ئەسەرنى يامان، يەنە بىرىنى ياخشى، ئۈچىنچىسىنى بولسا، سۆز سەنئىتىنىڭ مۆجىزىسى دەيمىز. بۇنىڭدا ھەممىدىن بۇرۇن نېمىنى كۆزدە تۇتىمىز؟ ئاۋۋال شۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش كېرەك.

ئەسەر كەڭ كىتابخانلار ئۈچۈن يېزىلىدىكەن، بۇ ھالدا يۇقىرىقى سوئالغا شۇ كىتابخانلار نۇقتىئىنەزەرىدىن جاۋاب بېرىش زۆرۈر. كىتابخانلار ئۆزىنى مەپتۇن قىلىدىغان، ئۆزىگە لەززەت بېغىشلايدىغان نەرسىنى ئوقۇيدۇ، ئۇنى ياخشى ئەسەر دەپ ھېسابلايدۇ. كىتابخان ئەسەرنى «مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالماسلىق» ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مول لەززەتتىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن ئوقۇسا ھېساب. شۇنداق ئەسەرلا ياخشى ئەسەر بولىدۇ («قىلىچ»، «تازەگۈل»، «توپسلام»). ئەسەر توغرىسىدا بەك توغرا، خالىس يېزىلغان تەقرىز كۇتۇپخانىنىڭ پىكىر دەپتىرىدىن تېپىلىدۇ.

تاماشابىنلارنى ئىنتايىن قىزىقتۇرالمىغان درامىنى، قولىغا ئېلىش بىلەنلا كىتابخاند-نى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىغان ئەدەبىي ئەسەرنى ياخشى دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىرەر يازغۇچى ئەسەرنىڭ شۇ تەرىپىگە ئېتىبار بېرىشكە ئېرىنسە ياكى ئېرىنمىگەن تەقدىر-دىمۇ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالمىسا، ئەمما بۇ ئاجىزلىقنى - مەسئۇلىيەتسىزلىكنى «مەزمۇن»، «ئالىيجاناب مەقسەت» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن يوشۇرسا، ئۇ ھالدا بۇ يازغۇچى سەنئەت-نى — ئەڭ مۇھىم تەربىيە قورالىنى نابۇت قىلغان بولىدۇ.

مەقسەت قانچىلىك ئالىيجاناب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چېخوۋنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «قىسقۇچ پاقىغا شېكەر سېپىپ بەرسەڭمۇ بەرىبىر يېمەيمەن» دېگەندەك بولىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر، ئەدەبىيات دېگەن مۇنداق بولۇشى كېرەك:

يازغۇچى بىرەر نەرسە يېزىش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئالغاندا، ھەممىدىن بۇرۇن شۇ نەرسىنى ئوقۇغۇچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى، ئەسەرنىڭ ھەر بىر قۇرىنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇ-رۇشى كېرەك. يازغۇچى ئۆزىنى يۈكسەك بىلىمگە، چوڭقۇر زوقلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشى ئالدىدا ئىمتىھان بېرىۋاتقاندەك سېزىشى لازىم.

كىتابخاننى مەپتۇن قىلىدىغان ئەسەرنى ياخشى ئەسەر دېدۇق، ئۇنداق بولسا، ئۇ-لارنى قانداق ئەسەر مەپتۇن قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭ مېھرىگىياھسى نەدە؟ بۇ مېھرىگىياھ نېمىدىن ئىبارەت؟

كلاسسىكلاردىن ئۆگىنىش دېگەن سۆز — كلاسسىك ئەسەرلەردىكى ئەنە شۇ مېھرى-گىياھنى تېپىشقا ئىنتىلىش، تېپىۋېلىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئەلۋەتتە، ھەربىر ياخشى ئەسەر ئۆزىگە خاس قىممىتى بىلەن ياخشى، يەنى بىر ياخشى ئەسەرنىڭ مېھرىگىياھسى يەنە بىر ياخشى ئەسەرنىڭ مېھرىگىياھسىغا ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى. گۈزەل دېگەن سۆز بىرلا، لېكىن ئۇنىڭ مىڭلىغان مەنىسى بار.

ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ياخشىلىقىدىكى سىرنى ئىزدىگەن ۋاقىتتا ھەممە ياخشى ئەسەر-لەرگە ئورتاق بولغان بىر نەرسە دەررۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئېھتىمال، بۇ ئەسەرنىڭ مەپتۇن قىلىدىغان ئەسەر بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن ئاساسىي شەرتلەردىن بىرى بولسا كېرەك.

مەلۇمكى، سەنئەت، جۈملىدىن، سۆز سەنئىتى بولغان ئەدەبىياتمۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ھېس ئارقىلىق، يۈرەك ئارقىلىق تەسىر قىلىدۇ. ئەدەبىيات بىرەر ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى پاكىتلار، رەقەملەر بىلەن ئىسپاتلاپ خۇلاسە چى-قارمايدۇ؛ بەلكى ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەردە شۇ ھادىسىگە نىسبەتەن مۇھەببەت ياكى نەپرەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ. بىرەر ھادىسىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئۇنىڭغا قارىتا مۇھەببەت ياكى نەپرەت تۇيغۇسى ئويغىتىش ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بىلگەن كىشى بىلىپلا قويۇشى مۇمكىن، لېكىن ھېس قىلغان كىشى نوقۇل ھېس قىلىپلا توختاپ قالمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ زور تەربىيە-ۋى كۈچى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، يازغۇچى بىرەر هادىسىگە قارىتا كىتابخانىدا مۇهەببەت ياكى نەپرەت تۇيغۇسى ئويغىتالمەن دەيدىكەن، ئاۋۋال ئۆزىدە ئاشۇ تۇيغۇ بولۇشى كېرەك؛ ئەڭ تالانتلىق، ئەڭ ماهىر، خۇش ئاۋاز ئارتىس ئەگەر ئۆزىگە ياقمايدىغان ناخشىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، تالانتىمۇ، ماهىرلىقىمۇ يوقىلىپ، پەقەت قۇرۇق ئاۋازىلا قالىدۇ.

ناۋادا تالانت، بىلىم، ماهارەت جەهەتتىن ئوخشاش بولغان ئىككى يازغۇچى مۇهەببەت توغرىسىدا ئەسەر يازىدىكەن، مېنىڭچە، مۇهەببەت تۇيغۇسىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگىنى ياخشىراق يازىدۇ.

يازغۇچى ئۆزى هېس قىلمىغان نەرسە توغرىسىدا ئەسەر يازسا، ئۇنى ئوقۇغان كىتابخانمۇ هېچنەرسىنى هېس قىلالمايدۇ. كىتابخانىنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلالمىغان نەرسىنىڭ ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كۆيدۈرۈش، ئەتىۋارلاش ئۈچۈن ئەتىۋارلاش شەرت، بۇنىڭسىز مۇمكىن ئەمەس. هېس قىلىنماستىن يېزىلغان نەرسە قەغەزدىن ياسالغان گۈلگە ئوخشايدۇ.

تۇيغۇ، ئىچكى دەرد كىشىنىڭ قەلبىگە سىغماي قالغان چاغلاردا كىشى ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز دەردىگە باشقىلارنى شېرىك قىلغۇسى، يۈرىكىنى بوشاتقۇسى كېلىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا قول قەلەمگە يۈگۈرەيدۇ. كىشىنىڭ كۆزىگە باشقا هېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ، يېزىش ئۈچۈن باشقا هەرقانداق نەرسە توسقۇن بولالمايدۇ، پىكىر تۆكۈلۈۋېرىدۇ، يېزىپ ئۈلگۈرەلمەي قالىسەن.

كىشىدىكى مانا شۇنداق هالەتنى ئادەتتە ئىلهام دەيمىز.

يۇقىرىقى سۆزلەردىن خۇلاسە چىقارساق، ياخشى ئەسەر، يەنى كىتابخانىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئەسەر دېگىنىمىز، پەقەت ئىلهام بىلەن يېزىلغان ئەسەردۇر.

يازغۇچى ئىلهام كەلدى، دەپ تېز-تېز يازىدۇ، ئىلهام كەلمەيۋاتىدۇ، دەپ سائەتلەپ قەغەز بۇزۇپمۇ ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئىلهام كەلگىنى يازغۇچىنىڭ هېس-تۇيغۇسىنىڭ ئۇرغۇپ تاشقىنى، ئىلهام كەلمىگىنى يازغۇچىنىڭ تېخى هېس قىلمىغىنى.

ئىلهام كېلىش ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ هېس قىلىشى شەرت بولىدىكەن، هېس قىلىش ئۈچۈن نېمىلەر كېرەك؟

يازغۇچىنىڭ يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن قانداق ئېغىر ئەمگەكنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانلىقى ئەنە شۇ يەردە كۆرۈنىدۇ.

ئومۇمىي سەۋىيىسى بىرەر ئائىلە خىزمەتچىسىنىڭ سەۋىيىسى بىلەن باراۋەر بولغان كىشى هېچقاچان ئىجتىمائىي هادىسىلەرنى توغرا تەهلىل قىلالمايدۇ.

دېمەك، ئىجتىمائىي هادىسىلەرنى تەهلىل قىلىش، ئۇنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ سەۋىيىسى ناهايىتى يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، يازغۇچى هېچقاچان ئاۋۋال «نېمە توغرىسىدا يازسام بولىدۇكىن؟» دەپ ئويلاپ، ئاندىن بىردىنلا بىرەر ئىش هەققىدە يېزىشقا تۇتۇنمايدۇ،

ئەكسىچە ۋەقە، ھادىسىلەرگە بىۋاسىتە قاتنىشىش ياكى ئۇنى ۋاسىتىلىك ئىگىلەش جەريانىدا ئۇنىڭدا پەيدا بولغان رازىمەنلىك ياكى نارازىلىق تۇيغۇلىرى يازغۇچىنى يېزىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتمەيدۇ.

ئەنە شۇندىن كېيىنلا ئەسەرنىڭ سىياسىي غايىسى توغرىسىدا گەپ قىلىشقا بولىدۇ.

ماڭا بۇرۇن كۆپلىگەن كىشىلەر: «ئەسەر يېزىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سىياسىي غايىسىنى بەلگىلىۋېلىش كېرەك» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىشكەنىدى، شۇ چاغلاردا ئاشۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش قىلىپ بىر مۇنچە قايمۇقۇشلارغىمۇ يولۇققانىدىم. قولۇمغا قانداقلىكى ئەسەر چۈشسە، دەرھال ئۇنىڭ غايىۋى مەزمۇنىنى ئاختۇراتتىم، ئەمما كۆپىنچە ئۇ نەرسىنى تاپالماي ئاۋارە بولاتتىم. ئەمدى ئويلاپ كۆرسەم، ئۇنداق مەسلىھەتلەر ناتوغرا، ھېلىقىدەك ئۇرۇنۇشلىرىم تامامەن بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەن.

ئەگەر شۇ كەمگىچە يازغانلىرىمدىن بىر-ئىككىسى خېلى دۇرۇس يېزىلغان ئەسەرلەر دەپ قارالسا، شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ئۇلاردىن بىرىنچىمۇ سىياسىي غايىسىنى ئالدىن بەلگىلىۋالغان ئەمەسمەن. مېنىڭ ئەسرار بوۋاينى يازغانلىقىم ھەرگىزمۇ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى بوۋايلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئەمەس! ئەسلىدە ئۇرۇش يىللىرىدا بوۋايلارنىڭ ياشلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇۋاتقانلىقى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. ئەسرار بوۋاي ھەققىدىكى ھېكايە ئەنە شۇ تەسىرنىڭ نەتىجىسى. مەن ئەدەبىياتچىلار تىلىدا، تەنقىدچىلەر تىلىدا ئۇ بوۋاينىڭ قانداق دەپ ئاتىلىشىنى كۆزدە تۇتقىنىم يوق، ئۇلار نېمە دەپ ئاتىسا ھېكايىنىڭ غايىسى شۇ بولىدۇ.

ناتوغرا مەسلىھەتلەرگە ئەمەل قىلىپ، ئەسەرنىڭ غايىسىنى ئاختۇرغانلىقىم بىكار ئۇرۇنۇشلار ئىكەن. ئەسەرنىڭ غايىسىنى ئاختۇرۇش ھاجەتمۇ؟ ئەسەر كىتابخاندا قانداق تەسىر قالدۇرسا، ئۇنى قايسى يولغا باشلىسا، غايىسى شۇدە!

جېك لوندۇنىنىڭ «دىن پلامېنت» دېگەن رومانى بار. مەن ئەسەرنىڭ غايىسىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئاشۇ رومانىنىڭ غايىسىنى زادى تاپالمىغانىدىم، لېكىن شۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شەھەردە تۇرغۇم كەلمەي قالدى. كېيىنكى ئۆمرۈمنى يېزىدا ئۆتكۈزۈشنى خالاپ قالدىم. دېمەك، جېك لوندۇنىنىڭ مەقسىتى ئادەملەرنى تەبىئەت قوينىغا بېرىشقا دەۋەت قىلىش ئىكەن.

كونستانتىن سىمېنوۋ «نەپسانىيەتچى كىشى» دېگەن بىر پوۋېست يازدى. ئۇنىڭدا شەخسىي تۇرمۇشتىن تامامەن ۋاز كېچىپ، فرونت ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان بىر ئىنژېنېر بىلەن فرونتتا خىزمەت كۆرسىتىپ، ئوردېنلار ئالغان بىر ئوفىتسېر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوفىتسېر ئىنژېنېرغا: «بىز ئۇ يەردە قان تۆكۈۋاتىمىز، سەن بۇ يەردە ئەيشى-ئىشرەت كەيپىنى سۈرۈۋاتىسەن» دەيدۇ. بۇ چاغدا كىتابخانىنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئوفىتسېرگە: «سەن بۇ ئىنژېنېرنى ھاقارەتلىمە» دېگۈسى كېلىدۇ. كېيىنرەك ئوفىتسېر ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىدۇ، ئىنژېنېردىن ئەپۇ سورايدۇ. بۇ پوۋېستنىڭ غايىسىنى ئاختۇرۇش ھاجەتمۇ؟ مېنىڭچە، كىتابخانىنىڭ ئوفىتسېرنىڭ سۆ-

زىنى ناھەق دەپ بىلگەنلىكىنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى فرونت قەھرىمانلىرى بىلەن مېھنەت فرونتى قەھرىمانلىرىنىڭ ۋەتەن ئالدىدىكى خىزمىتى ئوخشاش ئۆلچەمدە باھالىنىشى كېرەك.

ئىلھام بىلەن — ئىچكى مەجبۇرىيەت تۇرتكىسى بىلەن يېزىلغان ئەسەرنى تۈزىتىش — قايتا ئىشلەش مۇمكىنمۇ؟

شۇ خىل تۈزىتىش — شۇ خىل قايتا ئىشلەش تاكى خاھىشقا ئايلانمىغىچە، يازغۇچىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالمىغىچە مۇمكىن ئەمەس.

كۆپىنچە مۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇ: يازغۇچى ئەسەرنى يېزىپ بولۇپ كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار ئەسەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يازغۇچى كۆپىنچە ئاشۇ كەمچىلىكلەرنى ئۆزى كەمچىلىك دەپ ھېسابلىمىسىمۇ، پەقەت بىلمىدانلارنىڭ سۆزىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈنلا ئۆز ئەسىرىنى تۈزىتىشكە تۇتۇنىدۇ. بۇ ھالدا يازغۇچى خۇددى ئۆز مەشۇقىغا باشقا بىرىلارنىڭ سۆزى بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقان ئاشىققا ئوخشاپ قالىدۇ. ھېس قىلماستىن ئەسەرنى تۈزىتىش خۇددى دۇتارنى ئىككى كىشى چالغانغا ئوخشاش گەپ. پەدە باسقان كىشىمۇ، تارنى چەككەن كىشىمۇ ھېچنەرسىنى ھېس قىلالمايدۇ. بۇنداق چېلىشتىن ھېچكىممۇ لەززەت ئالالمايدۇ.

ئەسەرنى قايتا ئىشلەش دېگەن گەپنى مەن چۈشەنمەيمەن. ئەگەر بىرەر ئەسەر قايتا ئىشلەشكە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ ماتېرىيال ئاساسىدا باشقا ئەسەر يېزىش كېرەك، دەپ قارايمەن.

ياخشى ئەسەر ئىلھامنىڭ نەتىجىسى، ئىلھام بولسا ھېس قىلىشنىڭ نەتىجىسى دېدۇق. يازغۇچى ھېس قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشى شەرتمۇ؟ ئەگەر شەرت دېيىلسە، تولستوي ھېچقاچان «ئاننا كارېنىنا»نى يازالماس ئىدى، چۈنكى تولستوي ھېچقاچان ئايال بولۇپ باققان ئەمەس.

ھېس قىلىش ئۈچۈن يازغۇچىغا ئۆزىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىر قاتاردا كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ياردەم بېرىدۇ. يازغۇچى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ياكى ئۆتكۈزۈش مۇمكىن بولمايدىغان ھادىسىلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. تۇرمۇش ئۆگىنىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش دېمەكتۇر. بۈيۈك يازغۇچىلار ئەڭ زور كۆزىتىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى، ئۇلار ئادەملەرنىڭ مىجەزىدىكى ئەڭ كىچىك نەرسىلەردىن تارتىپ، چوڭ-چوڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگىچە ھەممىنى ئىنتايىن دىققەت بىلەن كۆزەتكەن، ئۆگەنگەن، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان ھادىسىلەر، باشقىلار ئېتىبار قىلمىغان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان، ئېتىبارىنى قوزغىغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر بەدىئىي ئەسەردە يازغۇچىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى ۋە تەرجىمىھالىغا ئائىت تەركىبلەر بولىدۇ. يازغۇچى بەزىدە بىرەر تىپ ئۈچۈن ئەمەلىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولغان ئادەملەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاشۇ مەۋجۇت ئادەم تىپنىڭ پروتوتىپى بولىدۇ. يازغۇچى پروتوتىپنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان

سۈپەتلىرىنى، خىسلەتلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا تىپ ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغان باشقا سۈپەتلەرنى، خىسلەتلەرنى قوشىدۇ. نەتىجىدە، پروتوتىپ قىلىنغان ئادەم ئەسەردىكى تىپنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ.

ئادەتتە كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش پەقەت لازىم بولغاندىلا، بىرەر ئەسەر يېزىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندىلا قوللىنىلمايدۇ.

مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ پۇتىنى تىرامۋاي بېسىۋالدى دەيلۇق. ئېھتىمال، مېنىڭ قەھرىمانلىرىم، پېرسوناژلىرىمدىن ھېچكىمنىڭ پۇتىنى تىرامۋاي بېسىۋالماس. ئەمما پۇتىنى تىرامۋاي بېسىۋالغان ئادەمنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى، ھەرىكىتى، قىياپىتى ئېسىمدە قېلىشى لازىم، چۈنكى مۇبادا شۇنداق تەپسىلات كېرەك بولۇپ قالسا، پۇتۇمنى تىرامۋايغا باستۇرماستىنلا شۇ خىل ھالەتنى دەرھال كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلەيمەن.

ئادەمنىڭ چۈشكۈرگەن ۋاقىتتىكى چىرايى قانداق بولىدىغانلىقىغا ئادەتتە كىشىلەر ئانچە ئېتىبار قىلمايدۇ، لېكىن چېخوۋ ئۇ ئىشقا ئېتىبار بىلەن قارىغانىكەن، كېيىن «چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن ھېكايىنى يېزىش ۋاقتىدا تازا ئەسقېتىپتۇ.

مەن «ئانار» دېگەن ھېكايىنى يازغان چېغىمدا سېزىك تارتىۋاتقان ئايالنىڭ ھالىتىنى شۇ كۈنلەردىلا تەسەۋۋۇر قىلغان ئەمەس. سېزىكتىكى ئايالنىڭ ھالىتى خاتىرە دەپتىرىمدە بۇرۇنلا بار ئىدى. ئۇ ھەقتە بىر چاغلاردا دەپتىرىمگە مۇنداق دەپ يېزىپ قويغان ئىكەنمەن: «ئېرى خوتۇنىغا جەننەتنىڭ تەرىپىنى قىلىدۇ. خوتۇنىنىڭ كۆزىگە ھەۋزى كەۋسەر ۋە ئۇنىڭدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. ئايال بېلىققا سېزىك».

بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن دەپتىرىمگە يەنە تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ قويغان ئىدىم:

«ئاجايىپ ئىت، توغرى كىرگەندە كۈشكۈرتسەك، يېتىۋېلىپ قۇيرۇقىنى يالايدۇ.»

يازغىنىم ئالتە يىلدىن بېرى تېخى ماڭا لازىم بولمىدى، ئېھتىمال، ھېچقاچان لازىم بولماس، لېكىن شۇ يول بىلەن، يازغۇچىنىڭ خاتىرە دەپتىرى - كۆزىتىش، تەسەۋۋۇرلار خەزىنىسى — تۇرمۇش قامۇسى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

بۇ دەپتەرگە پەقەت كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىشلا ئەمەس، ۋەقەلەر، مەنزىرىلەر، پىكىرلەر، سۆزلەر، ئىبارىلەرمۇ يېزىلىشى مۇمكىن. چېخوۋ ھەتتا ئادەم ئىسىملىرىنىمۇ يازغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ئىجاد قىلىۋاتقاندىلا، ئويلىنىۋاتقاندىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە ۋاقىتتا ئەمگەك قىلىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى كېرەك.

1944 - يىل.

(«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 7 - سانىدىن.)

قاھار جېلىل تەرجىمىسى.

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

### تۇرمىدە تۇغۇلغان يازغۇچى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يېڭى بىر يۇلتۇز پەيدا بولدى، ئۇ بولسىمۇ، كېيىنچەرەك دۇنيا ھېكايىچىلىقىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئو. ھېنرى. ئو. ھېنرىنىڭ ھاياتى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، پەقەت 48 يىللا ياشىغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى 10 يىل ئەتراپىدىلا بولسىمۇ، ئەمما ئەۋلادلارغا 300 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك، بەدىئىي مۇبالىغىسى ۋە تاسادىپىي يېشىمى (كىشىلەر بۇنى ئو. ھېنرى يېشىمى دەپ ئاتىغان) بىلەن ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ھازىر ئامېرىكىدا يىلىغا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ھېكايە مۇكاپاتى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئو. ھېنرىنىڭ ئەسلى ئىسمى — ۋىلىيام سىدنىي پوت. ئۇ نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى موھتاجلىق ۋە غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزگەن، ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىگە قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان، پادىچى، دورىگەر، چېرتيوژ سىزغۇچى، ئىش بېجىرگۈچى، كېيىنرەك بىر بانكىدا بوغالتىرلىقمۇ قىلغان. ئۇ بوغالتىرلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ھېساب ئېنىق بولماي، پۇل كەم چىققانلىقتىن، سىرت مەھكىمىسى سوراق قىلىپ، دەلىللەر كەم بولغانلىقتىن قويۇۋېتىدۇ. پوت شۇنىڭ بىلەن كەسپىنى ئۆزگەرتىپ بىر ژۇرنالدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن تەپتىش ئورگانلىرى قايتىدىن ئەرز سۇنۇپ، ئۇنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. بۇ ئىشتىن قورقۇپ كەتكەن پوت بالا-چاقىسىنى تاشلاپلا، ھوندۇراسقا قېچىپ كېتىپ شۇ يەردە پاناھلىنىدۇ. 1897-يىلى ئايالىنىڭ ئېغىر كېسەللىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى يوقلىغىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندە قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايالى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇمۇ خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئوھىئو شتاتىنىڭ كولۇمبۇس تۈرمىسىگە سولىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى پوت ئەمەس، بەلكى 34627-نومۇرلۇق مەھبۇس بولۇپ قالىدۇ.

مۇشۇ بىر مەزگىللىك مەھبۇسلۇق تارىخى پوتنىڭ ھاياتىدا زور بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ مەھبۇسلۇق ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ئەدەبىيات ساھەسىگە قەدەم قويۇشىنىڭمۇ باشلىنىشى بولۇپ قالغان.

بەزىلەر: «بۇ مەشھۇر ھېكايىچى تۈرمىگە چۈشۈپ ئاندىن يازغۇچى بولغان» دېيىشىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئاساسسىز گەپ ئەمەس.

پوت ئىلگىرى دورىگەرلىك قىلغانلىقتىن، تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن تۈرمە دوختۇرخانىسىدا دورىگەر بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ خىزمەت ئەركىن ۋە يەڭگىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇرغۇن ۋاقتى بىكارچىلىقتا ئۆتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ زېرىكىشلىك كۈنلەرنى ھېكايە يېزىش بىلەن ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كېلىدۇ. 1899 - يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پوت ئۆزىنىڭ قىزىنى ئەسلەپ قالىدۇ: «روژدېستۋو بايرىمىغا ئاز قالدى، ئاپىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى دادىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان بالامغا نېمىنى سوۋغا قىلارمەن؟» دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ پۇلى يوق، قەرز پۇلمۇ ئالالمايتتى. بۇ، ئۇنى قاتتىق تەڭقىسلىقتا سالىدۇ، ئۇ: «روژدېستۋو سوۋغىتى، روژدېستۋو سوۋغىتى» دەپ تەكرار ئويلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇساتتىنلا: «بىر يىللىرى دورىگەرلىك قىلغىنىمدا كەسىپداشلىرىم ئېيتىپ بەرگەن نۇرغۇن قىزىق ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانىدىم، نېمىشقا شۇلارنى تېما قىلىپ، روژدېستۋو سوۋغىتىغا باغلاپ تۇرۇپ بىر ھېكايە يېزىپ چىقمايمەن؟» دېگەن بىر خىيال پەيدا بولىدۇ. ئۇ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىگە باي بولغاچقا، قىينىلىپ كەتمەستىنلا دېك ئىسىملىك سەرگەردان ياش قەھرىمان قىلىنغان بىر ھېكايە ۋەقەلىكىنى توقۇپ چىقىدۇ. پوت بۇ ھېكايىگە «ئىسقىرتچى دېكنىڭ روژدېستۋو سوۋغىتى» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ھېكايە پۈتكەندىن كېيىن ئۇ، يېنىدا تۇرغان بىر پارچە فرانسۇز دورىگەرلىك لۇغىتىنىڭ ئاپتورى «ئو. ھېنرى» نىڭ ئىسمىنى مۇنداقچىلا ئېلىپ، ئۆز تەخەللۇسى ئورنىدا قوللىنىدۇ. بۇ ھېكايە باشقىلار ئارقىلىق خۇپىيانە ھالدا سىرتقا چىقىرىلىپ، «ماكلور» دېگەن بىر ژۇرنالغا ئەۋەتىلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ھېكايە ئويلىمىغانلا يەردىن تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، 1899 - يىلى روژدېستۋو بايرىمىدىن ئىلگىرى ژۇرنالدا بېسىلىپ چىقىدۇ. پوت قەلەم ھەققىگە قىزى ئۈچۈن بايراملىق سوۋغات سېتىۋېلىپ، يالغۇزچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان بىچارە قىزىغا كىشىلىك دۇنياسىدىن ئازراق مۇھەببەتنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

تۈنجى ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئو. ھېنرىنىڭ ئىجادىيەت ھەۋىسىنى قاتتىق قوزغىۋېتىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئانچە كۆپ بولمىغان كۈندىلىك خىزمىتىنى ئادا قىلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېزىقچىلىقتا كىرىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، كولۇمبۇس تۈرمىسىدە كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئىجاد قىلىنىپ، خۇپىيانە ھالدا بىر - بىرلەپ سىرتقا چىقىرىلىپ، ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇمۇرلۇق ۋە خاس ئۇسلۇبلۇق بىر ھېكايىچى ئامېرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئو. ھېنرىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەلمىگەن، پەقەت پوت 1901 - يىلى 7 - ئايدا ئىپادىسى بىرقەدەر ياخشى بولغانلىقتىن، مۇددەتتىن بۇرۇن تۈرمىدىن چىققان چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئۇققان.

(«دىيالار مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 9 - سانىدىن.)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى.

## نەسرىي ئەسەرلەر


غۇلام ئوسمان زۇلپىقار ........ سادا (ھېكايە) ........ 13
ئەزىزى ........ «تەتۈر» تەلەي (ھېكايە) ........ 26
سۇلتان ھاشىم ........ ئۇ يېتىم ئەمەس (ھېكايە) ........ 47
ئەختەم ئۆمەر ........ يۇلتۇزسىز كېچە (ھېكايە) ........ 61
مۇھەممەت باغراش ........ ئاقساق بۇغا (پوۋېست) ........ 79
ئابلا ئەخمىدى ........ يىللار (روماندىن پارچە) ........ 117


## شېئىرلار


ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ........ تۇمارلىرىم ........ 3
ئابلىز ئوسمان ........ بارخانلاردىن تاشلىدىم نەزەر ........ 5
ئابدۇرېھىم مۇھەممەد ........ سەھرا ئىلھاملىرى ........ 7
ئوسمانجان زۇنۇن ........ شېئىرلار ........ 10
قۇربان ئەمەت ........ ئۆلمەس تىنىقلار ........ 10
مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم ........ ئىككى شېئىر ........ 11
ئابدۇللا ساۋۇت ........ غەزەللەر ........ 31
ئابدۇللا سۇلايمان ........ سوراق ........ 37
تۇراپ ھەسەن ........ غەزەللەر ........ 37
ئوبۇلھاشىم قاسىم ........ ئىككى غەزەل ........ 40
گۈلجامال ئۆمەر ........ گۈل يۇرتىمنىڭ قىزىمەن ........ 40
ئابدۇكېرىم ئابدۇمجىت ........ تاڭ بىلەن ........ 41
ئەزىز سايىت ........ ئىككى شېئىر ........ 41
ھەبىبۇللا رەجەپ ........ ياشلىق چاغلار ........ 42
ئابدۇرۇسۇل سىيىت ........ سەھراغا كەلمىسەڭ ........ 43
رەيھان ئېلاجى ........ ئۆلگەن مۇھەببەت ........ 43
توختىمۇھەممەد تۇردى ........ شېئىرلار ........ 44
ئابدۇللا ياقۇپ ........ شېئىرلار ........ 45
غولام ئابدۇرېھىم ........ گۈل. ئوغرىسى ........ 46
ئازادجان روزى ........ شادلىق ........ 46
نەسرۇللا ئابلەت ........ شېئىرلار ........ 67

نۇرىيە ئېلاخۇن ........ سەپەر خاتىرىلىرى ........ 68
مۇتىئەللا ئىبراھىم ........ نېفىت يولىدىن تامچىلار ........ 70
ئۇچقۇنجان ئۆمەر ........ پارچىلار ........ 71
ھوشۇر ئىبراھىم ........ ئىرادەم قايرىلماس بىر مەسران قىلىچ ........ 71
دۆلەت تۇرسۇن ........ ئىرەنلىكتىكى سۈرەت ........ 72
ئابلىمىت مۇھەممەدى ........ يولچىمەن ........ 73
ئابابەكرى ئەمەت ........ ئىككى شېئىر ........ 73
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ........ يۈكسىلىشنىڭ قايناملىرىدا ........ 74
رىزۋانگۈل ھۇسەيىن ........ شېئىرلار ........ 75
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ........ كۆڭلۈم يېرىم شۇ ئۈچۈن ........ 77
پەرھات تۇرسۇن ........ لىرىكىلار ........ 78
يۈسۈپجان ئىسھاق ........ مەن سېنى سۆيەتتىم دىلدىن ۋە لېكىن ........ 78


### تەرمە گۈللەر


نۇر روزى ........ سېپى بولمىسا، ئېپى بولمايدۇ (ھېكايە) ........ 123
پەرھات ئابدۇرەھىم ........ تەگرىتاغ (شېئىر) ........ 131


### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ۋاڭ مېڭ ........ مىللىي روھنىڭ يېڭى ئازادلىقىنى كۈتۈۋا-
لايلى ۋە ئىلگىرى سۈرەيلى (ماقالە) ........ 133
مۇھەممەت پولات ........ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ھېسسىيات، تەسەۋ-
ۋۇر ۋە ئوبراز (ئوبزور) ........ 138


### ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن


ئەنۋەر ناسىرى ........ 149


### ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


ئابدۇللا قاھھار ........ ياخشى ئەسەر قانداق يېزىلىدۇ؟ ........ 151



### مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


تۇرمىدە تۇغۇلغان يازغۇچى ........ 158



قارلىق تاغ

سۈرەتنى ئۆمەرجان كېرەمجان تارتقان.




# تارىم

《塔里木》 文学月刊 (维吾尔文)

TARIM A MONTHLY LITERATURE IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（北京782信箱）
订阅、零售：各地邮局所

1988-يىل 2-سان (324-سان)، 38-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32-قورو، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ، مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782-خەت ساندۇقى).
O·P. BOX 782 BEIJING. CHINA

刊　　号：65—1010/I新疆维吾尔自治区期
刊登记证第356号
定　　价：壹元

باسما تاۋاق: 10. ژۇرنال نومۇرى: 65.—1010/I، باھاسى: 1 يۈەن.
قەرەللىك ژۇرنال كىنىشكا نومۇرى: 356.